مۇھەممەتقازى ئەيسا

# قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **ئىلشات تۇرسۇن**

ISBN 978-7-5373-1752-8

9 787537 317528 >

ISBN978-7-5373-1752-8

（民文）定价：18.00 元

مۇھەممەتقازى ئەيسا

# قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

古代维吾尔文艺批评史稿：维吾尔文/麦麦提哈孜·艾沙著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2008.12
ISBN 978—7—5373—1752—8

Ⅰ.古… Ⅱ.麦… Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学—文学批评史—中国—古代— 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 202047 号

责任编辑：**图尔迪·库尔班·亚米古尔**
责任校对：**拜合提亚尔·阿布力米提**

# 古代维吾尔文艺批评史稿

作者：**麦麦提哈孜·艾沙**

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 **毫米**　1/32 **开本**　8.75 **印张**
2008 **年** 12 **月第** 1 **版**　2008 **年** 12 **月第** 1 **次印刷**
**印数**：1 —— 2080　　**定价**：18.00 **元**

如有质量问题 请与我社联系调换。电话：0998—2653927

# مۇندەرىجە


I مۇقەددىمە ............................................ 1

1. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى توغرىسىدا ............................................ 1

2. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ........ 6

II ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........... 15

1. ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى .................. 15

2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي رولى .................. 16

3. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى .............. 16

4. ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ................................ 18

5. ئەدەبىي تەنقىد ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار 22

6. ئەدەبىي تەنقىدچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك تۆپ شەرتلەر 24

7. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىستىلى ......................... 26

8. ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تۈرلىرى ۋە تەنقىدچىلىك شەكىللىرى ........................ 28

9. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇسۇلى .............. 32

III قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ............. 39

1. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............................................ 39

2. فارابىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى ............................................ 42

3. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى ۋەباشقىلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى باھالىرى ........................ 45

4. «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى ئىككى مۇقەددىمىنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇئەللىپلىرى ...... 50

5. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى ...... 61

IV يۈەن سۇلالىسى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 65

1. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرى ...... 65

2. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى ...... 70

V تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 72

1. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كەيپىياتى ...... 72

2. ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ...... 78

3. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ...... 86

4. ئەلىشىر نەۋائى ئىگىلىگەن تەڭداشسىز چوققا «تەرسى سەنئىتى» توغرىسىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 112

5. «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرى ...... 116

6. «مەھبۇبۇلقۇلۇب» نىڭ ئىدىيىۋى قاتلىمى ...... 136

VI يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 147

1. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە قىسقىچە بايان ...... 147

2. مىرزا ھەيدەر (كوراگان) نىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 153

3. مەشھۇر ئەدەبىي مىراس «بابۇرنامە» دىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 173

VII چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ...... 185

1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

ئەھۋالى ...... 185

2. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى ...... 187

VIII قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەدەبىي ئېقىملار ... 203

1. ئەدەبىي ئېقىم ھەققىدە چۈشەنچە ...... 203

2. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى «مەڭگۈ تاش» چىلىق ئەدەبىي ئېقىمى ...... 208

3. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى دىداكتىزم (پەند - نەسىھەتچىلىك) ئەدەبىي ئېقىمى ...... 215

4. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىق ئەدەبىي ئېقىمى ...... 224

5. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىمى ...... 230

6. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەزكىرىچىلىك ئەدەبىي ئېقىمى ...... 251

## I  مۇقەددىمە

# 1. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى توغرىسىدا

ئەدەبىي تەنقىد ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئالدى بىلەن «ئەدەبىياتشۇناسلىق» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ئەدەبىيات» دېگەن ئۇقۇم تىل ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىلىپ رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەپسانە، رىۋايەت، مەسەل، چۆچەك، قوشاق، داستان، ھېكايە، پوۋېست، رومان دېگەنگە ئوخشاش كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىتىلىدۇ. «ئەدەبىياتشۇناسلىق» دېگەن ئۇقۇم بولسا ئاشۇ كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى تەھلىل، تەتقىقات ياكى نەزەرىيىۋى ئىلىم ساھەسىنى كۆرسىتىدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن يەكۈنلىنىپ، يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەنقىد قاتارلىق ئاساسىي پەنلەردىن باشقا، تېكستشۇناسلىق، كاتالوگشۇناسلىق، تىپشۇناسلىق (مەخسۇس پېرسوناژ ئوبرازىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن)، ئېتنوگرافىيە (ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقەلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان پەن) قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ئىلىم - پەن ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇملاشقان پەن نامى؛ جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدمۇ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ئۈستىدە تەھلىل - تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە بىر خىل پەن.

دېمەك، ئەدەبىيات تەتقىقات ئوبيېكتىنى كۆرسەتسە، ئەدەبىي تەنقىد ئاشۇ ئوبيېكت ھەققىدىكى تەتقىقات پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، «ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتى، ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى ياكى ئەدەبىياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى» دېگەندەك ئېقىپ يۈرگەن مەسئۇلىيەتسىز ھۆكۈملەرنى تۈزىتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساسقا ۋە ئۆزىگە خاس تەنقىد پرىنسىپىغا ئىگە مۇستەقىل پەن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە يۇقىرىقىدەك نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە ئالاقىدار بەزى تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت. ئالايلى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۇچۇن زۆرۈرىيىتى بار - يوقلۇقى توغرىسىدا مۇنازىرىلەر ئۇلغىيىپ، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قايسى؟ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات ئۇچۇن زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟» دېگەندەك مەسىلىلەر ئۇستىدە بەس - مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭچە، مەسىلىنىڭ بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تازا مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، كىشىلەر يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ تۇزلۇق ياكى تۇزسىزلىقى، ئىسسىق ياكى سوغۇق-لۇق-ى، تاتلىق ياكى ئاچچىقلىقى ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ تۇرغاندەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئاڭلىغان، ئوقۇغاندىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار خاراكتېرى، ۋەقەلەرنىڭ نەتىجىسى، ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات، قوللانغان تىل قاتارلىق تەرەپلەر ھەققىدە يا ئۇنداق ياكى مۇنداق باھالارنى بېرىپ تۇرىدىغانلىقى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى بولۇپ، بۇ خىل بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ، مۇنازىرە تەلەپ قىلىش ھاجەتسىز بولغان ئەقەللىي ساۋات. يەنە بىر جەھەتتىن ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئۇقۇم دەل ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىش دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ

مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەدەبىيات قاچان مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئەدەبىياتتىن زوقلانغۇچىلار قاچان پەيدا بولغان بولسا، ئەدەبىي تەنقىدمۇ دەل شۇ چاغدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئەدەبىي تەنقىد بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «ئەدەبىي تەنقىد بولمىسا بولمايدۇ» ياكى «ئەدەبىي تەنقىدسىزمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىۋېرىدۇ» دېگىنىدەك، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە بېقىنغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بارماستىن، بەلكى ئەدەبىيات بار جايدا تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئوقۇرمەنلەر بار جايدا ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ پىسخىك ھادىسە. مەسىلە شۇنداق ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك تۇرسا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى قاچاندىن باشلانغان؟ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەپسۇسكى، بۇ مەسىلىلەردە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ قارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە چۈشەنچىلىرى تازا چوڭقۇر بولمىغاچقا بۇ خىل تالاش - تارتىشلار ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي بولمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، «بىزدە ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىد چىن مەنىسى بىلەن پەقەت 70-يىللار (XX ئەسىر) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شەكىللىنىپ راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى»①. يەنە: «ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى، ھەتتا ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى يوق ئىدى. بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بار بولدى ھەم ئاز بولمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر

① ئارزۇگۈل، شادىيە قاتارلىقلار تۈزگەن «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.

ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يەنىلا 80- يىللار (XX ئەسىر) نىڭ باشلىرىدىن تارتىپ باشلانغان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باسقۇچىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى ۋە گەۋدىلىك نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى». ① يەنە: «ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەدەبىياتىمىزدا نىسبەتەن كېچىكىپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە تەنقىدچىلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىنى يەنىلا 80- يىللار (XX ئەسىر) دىن كېيىن دېيىشكە بولىدۇ.» ②

بەزى مۇتەخەسسىسلىرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئېنىق، شۇنچە جىددىي، ئالاھىدە ۋە قايتا - قايتا مۇئەييەنلەشتۈرىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى مەن باشلاپ بەرگەن دېگۈسى بارمىدۇ - يا؟ يۇقىرىقىدەك قاراشلار ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋەرگەچكە، يەنە كېلىپ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلىرىدە تەكىتلىنىۋەرگەچكە، ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ئىچىدە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە جىددىي غۇلغۇلا قوزغىغان. شۇڭا، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك» تېمىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنازىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دەل مۇشۇ مەسىلىگە ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىگە مەركەزلەشتى.

ئالايلۇق، ئەخەت تۇردى: «ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتىمىزدا بولمىسا بولمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئىجادىيەت جەھەتتە تازا يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ» ③؛ پەرھات جىلان: «ئەدەبىي تەنقىدكە نىسبەتەن مەيلى ئامما ئىچىدە بولسۇن ياكى تەنقىدچىلەر ئىچىدە بولسۇن، كۆزقاراش ئوخشاش ئەمەس. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ زادى ئىجادـ

① «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى، 2002- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 350 -، 351 - بەت.

② «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 - يىللىق 2 - سان، 44 - بەت.

③ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى. 2003 - يىللىق 2- سان، 30 -، 39 -، 40 - بەتلەر.

يەتكە قانداق پايدىسى بار؟ دېگەن مەسىلىدە قاراش مۇجمەل. بەزىلەر، ھەتتا ئەدەبىي تەنقىد بولمىسىمۇ ئىجادىيەت ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، بۇرۇن بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزمۇ ئوبزورچىلارسىز تارىخ بېتىگە يېزىلغان داڭلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرالىغان، دېيىشىدۇ. مەن ئويلايمەنكى، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ دەۋرىدە گەرچە ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاتالغۇ بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بولغان[1]»؛ ئەختەم ئۆمەر: «ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش، جەمئىيەتتە ئەدەبىياتتا ئەدەبىي تەنقىد بولمىسا بولمايدىغان ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش ئىكەن، مەن بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنى چوقۇم بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. نەچچە يىلدىن بېرى بۇ گەپ تەكىتلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قوللاش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ كەلدى»[2]؛ ئوسمانجان ساۋۇت: «بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزدىمۇ تەنقىد بولغان. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ بىر ئەسىرىنى 500 گە يېقىن شائىر باھالىغان، ھەتتا ئۇنىڭ خاراكتېرلىرىگىچە ئىنچىكە باھالىغان.»[3]

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەردىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە جەريانىدا زور كۆپچىلىك ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەدەبىي تەنقىد بولمىسىمۇ ئەدەبىيات ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى پەقەت XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى مەيدانغا كەلگەن، دېگەن قاراشتىكى كەسىپداشلىرىمىزغا ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ بېرىمەن. بىرىنچىدىن، بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانى «قۇتادغۇبىلىك» كە نامەلۇم ئەدىبلەر تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەرنى، نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (كوراگان) نىڭ «تارىخى رەشىدىي»، ئوبۇل-

①②③ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 2 - سان، 30 -، 39 -، 40-بەتلەر.

قاسىم بابۇرنىڭ «بابۇرنامە»، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەرلىرىنى، ھېچ- بولمىغاندا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى ئەستايىدىل بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشلىرى لازىم. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇ- ناسلىقىمىزدا نەزەرىيە قۇرۇلۇشىمىز بىرقەدەر ئاجىز ھالقا بولۇشىغا قارىماي، بىرقىسىم كەسىپداشلار نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا تولىمۇ سەل قارايدۇ. شۇڭا، ھەممىمىزنىڭ ئەدەبىيات نەزە- رىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىپ، نەزە- رىيە جەھەتتىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، خەلقىمىز- نىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك شانلىق مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىپتىخار- لىق تۇيغۇمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلالىساق، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، يېتەرسىزلىكلە- رىمىزنى توغرا تونۇپ، كەم تەرەپلەرنى تولۇقلاپ، ئەدەبىياتشۇناس- لىق، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىمۇ يېڭى سەۋىيە يارىتىش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈ- رۈپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى شادلىقىغا شادلىق بېغىشلاپ، قەلبىگە مەلھەم بولالايمىز.

## 2. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر

يېقىنقى يىللاردىن بېرى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە- بىياتى تارىخى ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر نوپۇزلۇق دەرسلىك كىتابلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرقىسىم ئىلمىي ئىزدىنىشلەردىن ئانچە - مۇنچە ئۇچۇرلار بېرىلىپ كەلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلغان ئازات سۇلتان ئەپەندىنىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا:

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك» دېگەن تېمىدا مەخسۇس بىر پاراگراف ئاجرىتىلىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە نەتىجىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلدى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلغان ئازات سۇلتان ۋە كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابتا: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى» ھەققىدە مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىلىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېت نەتىجىلىرى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتشۇناسلىقى، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، كەلگۈسىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» نى تۈزۈپ چىقىشىمىزنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى، بۇرچى ھېسابلايدىغان ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ئەدەبىياتشۇناسلىق، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مەسىلىلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئالايلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلغان «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى» دېگەن كىتابنىڭ تۈزگۈچىلىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەرەققىياتى ۋە نەتىجىلىرىنى پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوبزورچىلىقنى مەخسۇس كەسىپ قىلغان، ئۆز ئۇسلۇبى ۋە ئوبرازىنى ياراتقان تەنقىدچىلەرنىڭ ئازلىقى، سۈپەتلىك ماقالىلەرنىڭ ئازلىقى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارالغان ماقالىلەردىمۇ نۇرغۇن ئىلمىي نۇقسانلارنىڭ بارلىقى قاتارلىقلارنى ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويىدى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا «ئۇۋالچىلىققا قېلىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ئاپتور ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەدەبىياتچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمايۋاتقانلىقى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگە بولغان قاراشلارنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ نەتىجىلىرىگە بولغان تونۇشنىڭ مۇجمەللىكى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە بولغان مۇجمەل قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىش لازىملىقى، ئۇنى ئاسراپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جىددىي مۇراجىئەت قىلدى. يۇقىرىقى مىساللار بىزگە كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى ئىستىقبالغا باشلاشنى ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تەنقىقاتى جەھەتتە يۇقىرىقىدەك ياخشى باشلىنىش ۋە ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە جىددىي تالاش ـ تارتىشلارمۇ بولماقتا. تۆۋەندە مەنمۇ مۇشۇ تالاش ـ تارتىشلار قايىنىمىدا ھېس قىلغان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى كەسىپداشلارنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچى.

ئۇنداقتا، ئەدەبىي تەنقىد قانداق خاراكتېرگە ئىگە؟

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە خېلى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ چۈشەنچىسى چوڭقۇر ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ياكى ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر ئەسەرلىرىدە، ۋە ياكى ئاغزاكى سۆھبەتلىرىدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا بەزى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، «ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتى. ئۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاستىسى

ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىدۇ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ»[1]. يەنە مەسىلەن، «بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسى بار بولدى ھەم ئاز بولمىغان نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش، ئەدەبىيات دېسە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق تەڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى. بۇنداق چۈشەنچىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر چوڭ ئىلگىرىلەش سۈپىتىدە كۆرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە»[2]. يەنە بىر مىسال: «نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار شۇنچە ئاز؟ مېنىڭچە... يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ژانىر ئىكەنلىكىگە بولغان قاراش تېخى توغرا تۇرغۇزۇلمىدى. خېلى بىرقىسىم يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئەدەبىي تەنقىدنى بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق بىر ژانىر دەپ قارايدۇ...»[3].

مەسىلىنى يۇقىرىقىدەك ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى ئىزاھلاش ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىگە، ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەزمۇنىغا دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسى جەھەتتە مۇجمەللىك پەيدا قىلىدۇ. يۇقىرىقى بايانلارنى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى، تۈر، ژانىر تەۋەلىكى، ۋەزىپىسى نۇقتىسىدا

---

[1] «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 21 - بەت.

[2] «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى، 350 - بەت.

[3] «ئۇزۇۋالچىلىقتا قېلىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز توغرىسىدا»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2004- يىللىق 3 - سان، 139 - بەت.

تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەنقىد بىرنەرسە، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ياكى ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى مۇھىم ۋاستە بولۇش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ماركسىزملىق ئەدەبىيات- سەنئەت نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نېمە؟ ئۇلار قايسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سوئاللارغا مۇنداق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ: ئەدەبىيات — بىر خىل كونكرېت سەنئەت شەكلىدۇر. يەنى ئۇ تىلنى ۋاستە قىلىپ بەدىئىي ئوبراز ۋە بەدىئىي تىپلارنى يارىتىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيىسى بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۇرۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدە ئاڭ فورمىسىدۇر. ئۇنىڭ كونكرېت شەكىللىرى يازغۇچى، شائىرلار تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرۇلغان نەزمىي ئەسەرلەر، نەسرىي ئەسەرلەر ۋە سەھنە ئەدەبىياتى خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردىن ئىبارەت. ئەدەبىي تەنقىد — بىرخىل ئىلمىي، نەزەرىيىۋى پەندۇر. يەنى ئۇ ھەرقايسى دەۋر يازغۇچى، شائىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەر ۋە بەلگىلىك ئۆلچەملەر ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، تەتقىق قىلىنىپ، ئۇلار ئۈستىدە بەلگىلىك باھا ۋە خۇلاسە چىقىرىلىدىغان ئىلمىي پائالىيەت. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتىمۇ ئەمەس ياكى ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ۋە تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئىگە ئالاھىدە بىر خىل

پەندۇر. بۇ يەردە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەدەبىيات — يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدىغان سەنئەت بۇيۇمى. ئەدەبىي تەنقىد بولسا ئىستېمالچىلارنىڭ ئەنە شۇ سەنئەت بۇيۇمى ئۈستىدىكى پوزىتسىيىسى، باھاسىدىن ئىبارەت. مەسىلە شۇنداق ئېنىق ۋە ئاددىي تۇرسا، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتى، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى، دېيىلسە تولىمۇ بىمەنە بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك توغرىسىدىكى بەزى بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىققان. ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەنقىد ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەدەبىيات بولمىسا ئەدەبىي تەنقىدمۇ بولمايتتى، ئەدەبىي تەنقىد بولمىغان بولسا ئەدەبىياتمۇ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى. دەل مۇشۇ مۇناسىۋەتكە قاراپ ئىككىسىنى بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ. ئەدەبىيات بولسا ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلى؛ ئەدەبىي تەنقىد بولسا ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر شەكلى (ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە) ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈش شەكلى. ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلىپ بەدىئىي ئوبراز يارىتىلمىغان ھەرقانداق ئەسەرلەرنى ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، ئەدەبىي تەنقىد قايسى كاتېگورىيىگە مەنسۇپ؟ ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر. ئەدەبىياتشۇناسلىق — ئەدەبىيات مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى، ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىنى ھەرخىل نۇقتىلاردىن تەھلىل - تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى ئىلمىي،

نەزەرىيىۋى، تارىخىي جەھەتتىن يەكۈنلەيدىغان ئىنتايىن زور ئىلىم كاتېگورىيىسى؛ ئەدەبىياتشۇناسلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئاساسلىق پەن تۈرىنى، ئېتنوگرافىيە، تېكستولوگىيە ۋە كاتالوگىيە (مۇندەرىجەشۇناسلىق) قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى، ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى، ئۇسۇللىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىدۇ، يەكۈنلەيدۇ؛ ئەدەبىيات تارىخى ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەئەللۇق يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ھەرخىل ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى بىر پۈتۈن تارىخىي سىستېما ئاساسىدا بايان قىلىدۇ؛ ئەدەبىي تەنقىد ھەرقايسى دەۋر يازغۇچى-سەنئەتكارلىرى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ھەرخىل ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان تەسىرىنى ئىجتىمائىي ئۈنۈم جەھەتتىن باھالايدۇ، خۇلاسىلەيدۇ. شۇڭا، بىز ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۈر ۋە تەۋەلىكى ھەمدە خاراكتېرى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات ئۇسۇلى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا تۈرلەر بىلەن بولغان پەرقىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم.

ئۇنداقتا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

يولداش ماۋ زېدۇڭ 1942 - يىلى «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى كۈرەش شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. يولداش دېڭ شىياۋپىڭ 1979- يىلى «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆزى» دە: «پارتىيە ئەدەبىيات - سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلىشتا بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ۋاقىت-

لىق، كونكرېت ۋە بىۋاسىتە سىياسىي ۋەزىپىگە بېقىنىشىنى تەلەپ قىلماسلىقى، بەلكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇغ خەلقىمىزگە مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە رول ئېلىش سەنئىتى نەتىجىلىرىنى يارىتىش شارائىتىغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك... ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدىكى مەمۇرىي بۇيرۇقچىلىقنى بىكار قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىق، دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئىش كۈتكىنىمىزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ»[1] دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. دېمەك، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللانغاندا، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوبيېكتىپ ۋە لىللا باھا بېرىش لازىم. يەنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئىلغار، توغرا قىممەت قارىشى ۋە سەنئەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەق بىلەن ناھەق، ئارتۇقچىلىق بىلەن يېتەرسىزلىك ئېنىق ئايرىلىشى، ئۇلارغا ئادىل، سەممىي باھا بېرىلىشى، ساختىپەزلىك، سۇۋاقچىلىق قىلىنماسلىقى، كونكرېت مەسىلىگە كونكرېت قارىلىشى، توغرا بىلەن خاتا، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن چەكلىمىلىك قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك كۆرسىتىپ بېرىلىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئەدەبىيات-

[1] «دىڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 459 ـ، 460 ـ بەتلەر.

شۇناسلىق ساھەسىدە ھەرخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئەنە شۇنداق مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلار ساغلام قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يازغۇچى بىلەن تەنقىدچىلەر، يازغۇچى بىلەن ئوقۇرمەنلەر، ھەرخىل ئەدەبىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولى جارى قىلدۇرۇلۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئىدىيە ئالماشتۇرۇشقا ھەمدە سەنئەت دېموكراتىيىسىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ھەسسە قوشۇلغان بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مۇنەۋۋەر سەنئەت تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، يەكۈنلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىش لازىم. ئەدەبىيات تارىخىدا تالانتلىق يازغۇچى، شائىرلار ئاجايىپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، قىممەتلىك سەنئەت تەجرىبىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئۇلار ئۈستىدىكى تەھلىل-تەتقىقات چوڭقۇر بولۇشى، قىممەتلىك سەنئەت تەجرىبىلىرى خۇلاسىلىنىشى، ئۇنى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ئارقىلىق يازغۇچى، شائىرلار ئېسىل ماھارەت، قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىنىپ، ئۇنى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ئارقىلىق بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈشى لازىم.

تۆتىنچىدىن، نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد توغرا ھەم ئىلمىي بولغان ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسىگە تايىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ۋە سەنئەت قاراشلىرىدىمۇ يېڭىلىنىش ۋە تەرەققىياتلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى قاراش، يېڭى ئۇسۇل، ئىلمىي قائىدىلەرنى يەكۈنلەش، نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇش لازىم. نەزەرىيە قۇرۇلۇشى مۇكەممەل، ئىلمىي بولغاندا، ئەدەبىي تەنقىدمۇ ھەم ساغلام، ھەم كۈچلۈك ۋە قايىل قىلارلىق بولىدۇ.

# II ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

## 1. ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەدەبىي تەنقىد — ھەرقايسى دەۋر يازغۇچى - سەنئەتكارلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەر ھەم بەلگىلىك ئۆلچەم ئاساسىدا تەھلىل- تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ئۈستىدە بەلگىلىك باھا ۋە خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئىلمىي پائالىيەتتۇر.

ئەدەبىي تەنقىد مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىدە تەنقىدچىلەر نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كونكرېت ئەسەرگە كونكرېت باھا بېرىش، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئەمەلىي تەتقىقات ۋە خۇلاسىلەش ئېلىپ بارىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد دەۋرچانلىققا ئىگە. ھەرقايسى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىد ئۆز دەۋرىنىڭ سەنئەت قارىشى، تەنقىد ئۆلچىمى، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئەدەبىي گۇرۇھ ۋە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى تەلەپ - ئېھتىياجى، ئارزۇ- غايىسى ئاساسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ھەرقايسى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىد ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىيلىككە ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد تەنقىدچىنىڭ بەدىئىي قىزىقىشى ئاساسىدىكى زوقلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىسىمۇ، لېكىن تەنقىد ئەمەلىيىتىدە تەنقىدچى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قىزىقىشلىرىدىن ھالقىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ھادىسىلەردىكى ئىلمىي قانۇنىيەتلەر، ماھىيەتلەر، تەجرىبىلەر، مائارەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى بايقاپ، يەكۈنلەپ، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي زوقلىنىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## 2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي رولى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي رولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەش، توغرا قوللىنىش، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاش، بەدىئىي ماھارىتىنى چىنىقتۇرۇش ۋە يېڭىلىقلىرىنى يارىتىشقا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەر ۋە كۆرۈرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە، بەدىئىي ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى-سەنئەتكارلار بىلەن ئوقۇرمەن ۋە كۆرۈرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

## 3. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۆۋەندىكىدەك كونكرېت ۋەزىپىلىرى بار:

بىرىنچىدىن، يازغۇچى - سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئە-

سەرلىرى ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، بەدىئىيلىكى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى توغرا ۋە ئېنىق ئايرىشى، ئوبيېكتىپ ۋە ئىللىق باھالاپ، سەممىيەتسىزلىك، سۇۋاقچىلىق قىلماسلىقى، ئىلغار ۋە توغرا مەيداندا تۇرۇپ، كونكرېت ئەسەرلەرگە كونكرېت باھا بېرىشى، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن چەكلىمىلىكى، توغرىسى بىلەن خاتاسى قانچىلىك دەرىجىدە بولسا ئەينەن ھالدا سەممىي كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھەرخىل زىددىيەت ۋە مۇنازىرىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەنە شۇنداق زىددىيەت ۋە مۇنازىرىلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرخىل ئەدەبىي گۇرۇھلار، يازغۇچى - سەنئەتكار ۋە تەنقىدچىلەر ئوتتۇرىسىدا نورمال پىكىر، ئىدىيە ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات تارىخىدا ئاتاقلىق يازغۇچى - سەنئەتكارلار، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ھەرخىل ئەدەبىي ئېقىملار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا قىممەتلىك سەنئەت تەجرىبىلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەدەبىي تەنقىد ئەنە شۇ ئېسىل سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، سەنئەت ساھەسىدىكى ھەرخىل نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا تەھلىل - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇئەييەن خۇلاسە چىقىرىش، ئۇنى بۈگۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىغا تەتبىقلاش، قوللىنىش، ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش-

كە تۈرتكە بولىدۇ.

## 4 . ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى

ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ھەرخىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرىنى باھالىغاندا ئاساس قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپ، كۆرسەتكۈچ ياكى مىزان تەنقىد ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. تەنقىد ئۆلچىمى ئەدەبىي ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، بەدىئىي شەكىللەرنىڭ گۈزەل ياكى ئەمەسلىكى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىشتا تايىنىدىغان تۈپ پرىنسىپتۇر. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئىدىيىۋى خاھىش ئۆلچىمى، يەنە بىرى بەدىئىيلىك ئۆلچىمىدىن ئىبارەت.

### ئىدىيىۋى خاھىش ئۆلچىمى

ئىدىيىۋى خاھىش دېگىنىمىز، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بەدىئىي ئوبرازلار تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مۇددىئا، مەقسەت، ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

ئىدىيىۋى خاھىش ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە قاراش. رېئاللىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، خەلقنىڭ غايىسى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تەلەپ - ئارزۇلىرى توغرا ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چۈشىنىشى، ياقتۇرۇشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىنلىقنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جېنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. رېئاللىققا ۋە سەنئەت قانۇنىيىتىگە سادىق يازغۇچى - سەنئەتكارلار چوقۇم رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. شۇنداق ئەھۋالدا

ئەسەرلەرنىڭ تونۇتۇش ۋە ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەك-
سىچە بولغاندا ئەسەرلەرنىڭ تونۇتۇش ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە تەسىر
يېتىدۇ. ئۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەر ياخشى كۆرمەيدۇ، قوبۇل
قىلمايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى ئىدىيىۋى خاھىشنى باھالاشنىڭ مۇھىم
بىر ئۆلچىمى دەپ قارايمىز.

ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراش. ياز-
غۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ھېسسىياتى ياكى ئىدىيىۋى خاھىشى ئەدەبىي
ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ئالاھىدىلىكلىرى
ۋە ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئىدىيىۋى
خاھىش ئىلغار، توغرا، يۈكسەك بولسا كىشىلەرنى ساغلام گۈزەللىك
تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ پەلسەپىۋى،
سىياسىي، ئەخلاقىي، تارىخىي، دىنىي... قاراشلىرى كىشىلىك قا-
راش ۋە ئىقتىسادىي قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، يا ئۇنداق، يا
مۇنداق ئىدىيىۋى خاھىش ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئۇلار مەيلى قايسى
خىل ئىدىيە ياكى قاراشنى ئىپادىلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
مۇھىمى ئەسەردە ياخشىلىق، توغرىلىق، گۈزەللىكنى ياقلىغان -
ياقلىمىغانلىقىغا، يامانلىق، ساختىلىق، رەزىللىكنى ئىنكار قىلغان-
قىلمىغانلىقىغا، ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ ئاكتىپ ئەھمىيە-
تى ياكى پاسسىپ تەسىرىگە قاراش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئەسەر پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە قاراش.
ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى دېگەندە، كىشىلەرگە رېئال-
لىقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتۇش ئۈنۈمى، كىشىلەرنى ئىدىيە - ھېسسى-
يات جەھەتتە تەربىيىلەش ئۈنۈمى، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بې-
غىشلاش ئۈنۈمى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى
توغرا مەيدان، ئالىيجاناب مۇددىئا بىلەن چىن ئەكس ئەتتۇرگەن
ئەسەرلەرلا ھەقىقىي تۈردە رېئاللىقنى تونۇتۇش، كىشىلەرنى تەربىيە-
لەش ۋە ئۇلارغا شادلىق بېغىشلاش قىممىتىنى ھازىرلاپ، «ئەقىل-

پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان تۇرمۇش دەرسلىكى» بولالايدۇ. ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش قانچە چوڭقۇر، قانچە چىن بولسا، ئىپادىلىگەن خاھىش گۈزەللىكنى، توغرىلىقنى، ياخشىلىقنى قانچە كۈچلۈك ياقلىغان بولسا، ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تونۇتۇش، تەربىيە-لەش ۋە ئېستېتىك ئۇنۇمىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. شۇڭا، پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۇنۇمنىڭ قانداقلىقىغا قاراشنى ئىدىيىۋى خاھىش ئۆلچە-مىنىڭ بىر كونكرېت مەزمۇنى ھېسابلايمىز.

## بەدىئىيلىك ئۆلچىمى

بەدىئىيلىك دېگىنىمىز، ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن بەدىئىي شە-كىلنىڭ ئورگانىك پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇشى، كومپوزىتسىيىنىڭ پۇختىلىقى، تىپ ۋە بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ جانلىق، روشەن، تەسىر-لىنەرلىك يارىتىلىشى، سۇژېتلارنىڭ ئىزچىللىقى ۋە جەلپكارلىقىغا ئىگە بولۇشى، قوللانغان تىلنىڭ نەپىس، كۆركەملىكى، بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ مۇۋاپىق قوللىنىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھارەت-نىڭ گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىگە قارىتىلى-دۇ. بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ئوبراز تەسۋىرىنىڭ جانلىقلىق، روشەنلىك، تە-سىرچانلىق دەرىجىسىگە قاراش. ئەدەبىيات ـ سەنئەت رېئاللىقنى چىن-لىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولىدىكەن، يارىتىلغان بەدىئىي ئوب-رازلار خۇددى رېئاللىقنىڭ ئۆزىدەك جانلىق، كونكرېت، روشەن، تەسىرلىنەرلىك سۈرەتلەپ بېرىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، يارىتىل-غان بەدىئىي ئوبرازلاردىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى سەزگۈلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇلۇشى، يەنى ئوقۇرمەنلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوبرازلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدەك، قېرىنداشلىرىدەك ياكى رىقابەتدىشى، دۈشمىنىدەك ھېس قىلالىشى، ئۇلار بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلغۇاتقاندەك، سۆزلە-شىۋاتقاندەك ياكى بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقاندەك چوڭقۇر تەسىراتقا

ئىگە بولالىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنىڭ چىنلىق، چوڭقۇرلۇق، سەممىيلىك دەرىجىسىگە قاراش. يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇش تەسىراتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەرقانچە كۈچلۈك، چىن، ساغلام بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۆز ئەسىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئېنىق، چوڭقۇر، سەممىمىي ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، ئۇنداق ئەسەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ قېلىۋېرىدۇ - دە، ئىدىيىۋى مەزمۇننى تولۇق، چوڭقۇر ئىپادىلەشكىمۇ تەسىر يېتىدۇ. گەرچە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئەسەر مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئەسەردە ئۇنى قانداق دەرىجىدە ئىپادىلەش مەسىلىسى يەنىلا سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتنىڭ چىنلىق، سەممىيلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە قاراشنى مۇھىم بىر ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىجادچانلىقىغا قاراش. ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ھەرقانچە يۈكسەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي شەكىل پۇختا، مۇكەممەل تەشكىللەنمىسە، ئۇنداق يۈكسەك مەزمۇنمۇ تېگىشلىك قىممەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، يازغۇچى بەدىئىي شەكىلنى مۇۋاپىق تەشكىللەش ماھارىتىنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم.

مۇنەۋۋەر يازغۇچى - سەنئەتكارلار گەرچە ئوخشاش بىر خىل ژانىردا ئەسەر ئىجاد قىلسىمۇ، لېكىن قوللانغان تىل، قۇرۇلما، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، سۇژىت ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئوخشاش ژانىرلارنىڭ بەدىئىي شەكلىمۇ ئوخشاشمىغان يازغۇچىلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۆزىگە خاس ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئىجادچانلىق قانچە روشەن ۋە گەۋدىلىك بولسا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ شۇنچە

يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەر شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىجادچانلىقىنى بەدىئىيلىك ئۆلچىمىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلايمىز.

## 5. ئەدەبىي تەنقىد ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىد توغرا قىممەت قارىشى ۋە كۈچلۈك ئىلمىيلىكنى قورال قىلىشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىرخىل پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن ئەستايىدىللىق، ئىلمىيلىك ۋە ئادىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي پائالىيەتتۇر. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكى دېگەندە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى سەنئەتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش قانۇنىيىتى بو-يىچە ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ۋە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش تەكىتلەنسە، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ توغرا، ئادىللىقى مەسىلىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەيئىلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارغا قارىتا يازغۇچى-نىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىگە تەنقىدچى سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئا-ساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيە-تىگە، كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن باھا بېرىشى لازىملىقىنى كۆر-سىتىدۇ. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن تەنقىدچى پۇختا نەزەرىيىۋى ئا-ساسقا ۋە يۇقىرى بەدىئىي دىت ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدى-غان، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، سوغۇققان، پاك - دىيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل بولۇشى، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەھلىل قىلالايدى-غان، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز خاھىشى بويىچىلا خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنالايدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. پرىنسىپ-سىز ماختاپ - ئۇچۇرۇشمۇ ياكى بىر تەرەپلىمە ھالدا قارىغۇلارچە ئەيىبلەۋېرىشمۇ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ نوپۇزى ئۈچۈن زىيانلىق. شۇڭا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى قوبۇل قىلىش كېرەك. سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك، ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى جەريانىدا سەنئەتنىڭ تېپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئاساسىدا بەدىئىي ئوبراز يارىتىدىغانلىقى، سەنئەتنىڭ رېئاللىقنى مەنبە قىلىدىغانلىقى، ھەرقايسى تۈر - ژانىر- لارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۈپ قانۇنىيەتلەرنى تەنقىد پائالىيىتىگە يېتەكچى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش بولسا، ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەھەتتىكى نېسىل تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئىدىيىۋى ئازادلىققا ۋە سەنئەت دېموكراتىيىسى ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، بۇ تەلەپكە يېتىشتە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرى- يىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى ۋە ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى پىششىق ئۆگىنىشى ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، تەنقىد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى نىشان قىلىش. تەنقىد ئەركىنلىكىنى تە- شەببۇس قىلىش سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈ- رۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. تەنقىد ئەركىنلىكى تەنقىدچىلەرنىڭ ئاك- تىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىغا ئىلھام بېرىدۇ، ئەدەبىي تەنقىدنى تېخى- مۇ باي ۋە يېپيېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ناھايىتى كەڭ ئىجادىيەت شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتە- دۇ. تەنقىد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىشتىن مەقسەت، سوتسىيا- لىستىك ئەدەبىياتنى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم- لار بەس - بەستە سايراش»تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك سەنئەت يۆنىلىشى بويىچە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، ئەدەبىي تەنقىد ئومۇمىيلىق ۋە پۈتۈنلۈك قارىشىدا

چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئومۇمىيلىق ۋە پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئومۇمىيلىق ۋە پۈتۈنلۈك قارىشىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن: بىرىنچىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەر ۋە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا كۆزىتىش ۋە باھالاش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بىلەن ئاپتورنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي قىممىتىگە قاراش، يەنى ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىزلىكى، مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن مەغلۇبىيىتى ئۈستىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا خۇلاسە چىقىرىش كېرەك.

## 6. ئەدەبىي تەنقىدچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك تۈپ شەرتلەر

بىرىنچى، تەنقىدچى يۈكسەك ئىدىيىۋى قاراش ۋە گۈزەل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بىر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى 100 مۇنەۋۋەر يازغۇچى - شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىنمۇ مۈشكۈلدۇر. ئالايلى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى، ھازىرقى، بۈگۈنكىدىن ئىبارەت مۇكەممەل تەرەققىيات تارىخىدا نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى - شائىرلىرىمىز بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئەنە شۇ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى، ئەدەبىيات تارىخىمىزنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىمىز يوق. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچى بولۇش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئوقۇرمەنلەرمۇ قابىلىيەتلىك ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى ئەۋلىيا ھېسابلاپ چوقۇنىدۇ. ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئارزۇ قى-

لىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىدچى يۈكسەك ئىدىيىۋى قاراشقا ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا يۈكسەك پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك. يۈكسەك ئىدىيىۋى قاراش تىكلەش دېگىنىمىز، دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئىلغارلىق، سەزگۈرلۈك، ئۈمىدۋارلىق، جاپادىن قورقمايدىغان جاسارەتلىك روھقا ئىگە بولۇش، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئىندىۋىدۇئاللىقى، خۇشاللىقى، بەختى يولىدا پىداكارلىق خاھىشىغا، ۋەتەن، مىللەتنى ۋە ئۆزىنى سۆيىدىغان گۈزەل روھىي دۇنياغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن شەخسىيەتسىز، ئادىل، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، راستچىل، ھەققانىيەت يولىدا بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدىغان، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچى، پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. چۈنكى، تەنقىدچى ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى جەريانىدا ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، مەزمۇن بىلەن بەدىئىي شەكىلنىڭ، شارائىت بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ، مەنبە بىلەن ئېقىمنىڭ، تارىخىي ۋارىسچانلىق بىلەن ئىجادچانلىقنىڭ، مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپلارنى يېتەكچى قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق قانۇنىيەت ۋە پرىنسىپلارغا تايانماي، سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ، باشقىلارنى قايىل قىلالمايدۇ. شۇڭا، تەنقىدچى پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا، مول سەنئەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، مۇكەممەل بەدىئىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇشى لازىم. يەنى تەنقىدچى نورمال بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇلى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىنى قوللى-

نىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشى، بەلگىلىك ئەدە-
بىي تەنقىدچىلىك تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ھەقىقىي سىرداش دوستى ۋە سەمىمىي مەسلىھەتچىسى بولۇشى لازىم. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىنتا-يىن مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك، شۇنداقلا ئىنتايىن جاپالىق جىسما-نىي ئەمگەك. ئەدەبىي تەنقىد ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەمگەك مېۋىسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل - تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، باھالاش ئارقىلىق ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، جەۋھەرلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ھەمدە ئاشۇ مۇشەققەتلىك ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئىش-لەپچىقىرىدىغان يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەش، ئاسراش، قوغداش، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تەنقىدچى يازغۇچى - سەنئەتكارلار بىلەن چوڭقۇر سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ جان كۆيەر دوستىغا ئايلىنىشى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلىشى، مۇئەي-يەنلەشتۈرۈشى، ياخشى مەسلىھەتچىسى بولۇشى، يېتىشسىزلىك - خاتالىقلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن دادىل كۆرسىتىپ بېرىپ، دا-ۋاملىق ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

## 7. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىستىلى

تەنقىد ئىستىلى مەسىلىسى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئىنتايىن مۇ-ھىم بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەنقىدچىلىك ئىستىلى تەنقىدچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى، پەزىلىتى، شۇنداقلا كەسپىي ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەيلى قايسى دەۋر ياكى قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق ئىككى خىل پاسسىپ تەنقىدچىلىك ئىستىلى مەۋجۇت: بىرى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەسلىي خاراكتېرى

ياكى ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماي، چۈشەنمەي تورۇپ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈشى، سۇبيېكتىپ قىزىقىشىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغان تەنقىدچىلىك ئىستىلى. بۇ خىل تەنقىدچىلىك خاھىشىغا ئىگە تەنقىدچىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قارا - قويۇق ماختايدۇ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئاجىزلىق - نۇقسانلىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزىبىر خاتالىق-نۇقسانلىرىنىلا چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا قارا - قويۇق پاش قىلىش، ئەدىپىنى بېرىشكە ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە كۆز يۇمۇۋالىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاھىشى يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى توغرا، ساغلام يۆنىلىش بىلەن تەربىيىلەشكە، ئارتۇقچىلىقلارنى ھېس قىلىش، يېتەرسىزلىكلەرنى تونۇۋېلىشقا ياردەم بېرەلمەيلا قالماي، بەلكى بەزىلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ماختاپ، بەزىلىرىنى چۆكۈرۈپ، ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلىشىگە پايدىسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىدچى بولغان ئادەم تەنقىدچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى تىرىشىپ ھازىرلاپ، ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى، ھەقىقىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت ھەل قىلىشى، يەنى ئارتۇقچىلىقلارنى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يازغۇچى - سەنئەتكارغا سەمىمىي ئىلھام بېرىشى، يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقنى ياخشى نىيەت بىلەن ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىپ، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئۇنى تۈزىتىۋېلىشىغا، ياخشى تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەم يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى ياخشى تەربىيىلىگىلى، ھەم ئوقۇرمەنلەرنى ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئېستېتىك تونۇش جەھەتتىن ياخشى يېتەكلەپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ

ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

## 8. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تۈرلىرى ۋە تەنقىدچىلىك شەكىللىرى

ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاتالغۇنى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەر، يازغۇچى ـ شائىرلار، ئەدەبىي ھادىسىلەر، ئەدەبىي ئېقىملار ھەققىدە باھالاش، خۇلاسىلەش ئېلىپ بارىدىغان بىرخىل ئىلمىي پائالىيەت ياكى مەخسۇس پەن سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىدۇ. ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ بىر تۈرى ھېسابلانغاچقا، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ ئەدەبىيات بىلەن كۆپ ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغاچقا، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغانلار تەبىئىي ھالدا سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ تونۇشىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلارمۇ تەبىئىي ھالدا سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى ھەققىدىمۇ تەنقىد پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر «ئەدەبىي تەنقىد» ئاتالغۇسىنى تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئىستېمال قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىياتتىن باشقا سەنئەت تۈرلىرى ھەققىدىكى تەنقىد پائالىيىتىمۇ ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تۈرلىرىنى ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكى، تىياتىر تەنقىدچىلىكى، كىنو تەنقىدچىلىكى، گۈزەل سەنئەت (رەسساملىق، فوتوگرافلىق، خەتتاتلىق، ھەيكەلتىراشلىق) تەنقىدچىلىكى، ئۇسسۇل تەنقىدچىلىكى، مۇزىكا تەنقىدچىلىكى، بىناكارلىق تەنقىدچىلىكى قاتارلىقلارغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدا ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكى بىلەن مۇزىكا تەنقىدچىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

باشقا تۇرلەردىمۇ بەلگىلىك تەنقىدچىلىك ئىزنالىرى بار. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىسمى، سالاھىيىتى نامەلۇم ئەدىبلەرنىڭ «قۇ-
تادغۇبىلىك» ھەققىدىكى نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر، ئەينى
زامانلاردىكى ئەدەبىي مۇنازىرىلەر؛ نەۋائىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغە-
تەين» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدىي بايانلار ۋە «مەجالىسۇن
نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدىي بايانلار؛ مىرزا ھەيدەر
كوراگان (1499 — 1551) نىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى-
دىكى ئەدەبىي تەنقىدىي بايانلار ئەدەبىيات تەنـقىدچىلىكىگە ئائىت
كونكرېت پاكىتلار؛ مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»
ناملىق ئەسىرىدىكى مۇغەننىلەر ھەققىدىكى ئەدەبىي تەنقىدىي بايانلار؛
موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى (XIX ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن) نىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىي-
يۇن» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدىي بايانلار مۇزىكا تەنقىدچى-
لىكىگە ئائىت كونكرېت پاكىتلاردىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە يەنىلا ئەدەبىيات
تەنقىدچىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن-
لىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ كۆپلىگەن كىتابلىرى، ئەدەبىي تەنقىد
ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن قالسا كىنو - تېلېۋىزىيە
سەنئىتى تەنقىدچىلىكى، رەسساملىق سەنئىتى تەنقىدچىلىكى قاتارلىق
جەھەتلەردە بىرقىسىم ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. كىنو - تېلېۋىزىيە
تەنقىدچىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتساق، «يىراق يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق
بەش قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن
كېيىن جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىغان. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتى-
كوم ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بۇ فىلىم ھەققىدە
سۆھبەت ئۇيۇشتۇرغان. سۆھبەتتە نۇرغۇن كۆرۈرمەنلەر بەس - بەستە
پىكىر بايان قىلىپ، بۇ فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇقىرى باھا
بەرگەن. ئۇلار ئىچىدە مۇھەممەت ئەخلەت (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ
سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى)، ئىسمائىل ئەزىز (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ
سابىق ھەيئەت ئەزاسى)، ئاۋۇت بارات (ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەن-

ئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى) ، ئاتىكە زەمىرى (ۋىلايەتلىك ئامىمۋى سەنئەت سارىيىدىن) قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرلىك تەسىرات ماقالىلىرى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «تېلېۋىزىيە ئېكرانى» ناملىق كىچىك گېزىتتىمۇ ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرلىك كىچىك ئوبزور ماقالىلەر بېرىلگەن.

رەسساملىق تەنقىدچىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتساق، «شىنجاڭ ياش-لىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىللىق 8-سانىدىكى «〈تىكەنلىك〉 گۈلدىكى خۇش پۇراق» ۋە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 3- سانىدىكى «ماي بوياق رەسىم، نادىر ئەسەر〈مۇقام〉 ھەققىدە» نامىلىق ئەسەرلەر رەسساملىق تەنقىدچىلىكىگە ئائىت كونك-رېت پاكىتلاردىن ئىبارەت.

فوتوگرافلىق سەنئىتى تەنقىدچىلىكىگە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 5 - سانىدىكى «مەدەنىيەت دالاسىدىكى يېگانە چىنار» (سۇلايمان قېيۇمنىڭ) دېگەن ماقالىدىكى «ھايات كۈيى» نامىلىق سۈرەت ھەققىدىكى باھالار فوتوگرافلىق تەنقىدچىلىكى-گە ئوبدان مىسال بولالايدۇ. باشقا سەنئەت تۈرلىرى ھەققىدىكى ئەدە-بىي تەنقىد نەتىجىلىرىمۇ «شىنجاڭ سەنئىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل بو-لۇپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئوبزور خاراكتېرلىك تەنقىدچىلىك. بۇ خىل تەنقىد-چىلىكتە ئاساسلىقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تۈپ ئىدىيە-سى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسىراتىنى ئاساس قىلى-دىغان ئومۇمىي باھا ۋە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تەنقىدچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تەنقىدچىلىك. بۇ خىل تەنقىد-چىلىكتە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتى، پرىنسىپلىرى ۋە تەنقىد ئۆلچەملىرىنى بەدىئىي ئوبراز، بەدىئىي تىپنىڭ خاراكتېرى، خاھىشى

ۋە ئۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تۇپ ئىدىيىلەرگە تەتبىقلاپ، سىلىشـ
تۇرۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق خاھىشىغا كونكرېت باھا
بېرىپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى ۋە
ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ ئىجادچانلىقى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىيـ
رەك، كونكرېتراق باھا بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، كونكرېت تەنقىدچىلىك. كونكرېت تەنقىدچىلىكنىڭ
تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلىرىدە ئەدەبىي ئەسەرـ
لەردىكى تېما، باش تېما، ھېسسىيات قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەشكىللىـ
نىشى، قانداق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىققانلىقىغا مەركەزـ
لىك تەھلىل يۈرگۈزۈلسە، بەزىلىرىدە ۋەقە ـ سۇژىت، مەنزىرە ـ
شارائىتلارنىڭ تاللىنىشى ۋە باش تېمىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە ئوينىغان
رولى ئۈستىدە مەركەزلىك تەھلىل ـ تەنقىد ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزىلەـ
رىدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن بولـ
غان بەدىئىي تىل، بەدىئىي قۇرۇلما، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى
تاللاش، تەشكىللەش ماھارىتىنىڭ ئىجادچانلىقىغا، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى
خاھىشىنى دەل، روشەن ئىپادىلەشكە قانداق خىزمەت قىلغانلىقىغا
مەركەزلىك باھا بېرىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئېلىپ بېرىلسا؛
بەزىلىرىدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيە خاھىشى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىـ
يىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، سەنئەت
قارىشى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت مۇددىئاسى، پەزىلىتى، تەربىيىلەـ
نىشى، قىزىقىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە مەركەزلىك تەھـ
لىل، تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، كونكرېت جەھەتتە يازغۇچىغا
باھا بېرىلىدۇ؛ بەزىلىرىدە يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت
ئۇسۇلى، بەدىئىي ئۇسلۇبلىرى ھەققىدە مەركەزلىك تەھلىل ۋە خۇلاـ
سىلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە مەلۇم دەۋردىكى ئەدەبىياتـ
سەنئەت ھەرىكىتى، ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرى، مەـ
لۇم مىللەتنىڭ مەلۇم دەۋردە شەكىللەندۇرگەن مىللىي ئۇسلۇبلىرى

مەركەزلىك ھالدا سېلىشتۇرۇلۇپ، باھالىنىپ خۇلاسىلىنىدۇ.

## 9. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇسۇلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن تاكى يەكەن خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنتايىن گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى يارىتىپ، ئەبۇ ناسىر فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ناسىردىن رابغۇزى، ئاتايى، مەۋلانە سەككاكى، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائىدەك ئاجايىپ ئىستېداتلىق ئۇلۇغ يازغۇچى، شائىرلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك كاتتا ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇر يازغۇچى - سەنئەتكارلىرى ئەجدادلار ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈردى. بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىغا ئىگە ئەدەبىيات تارىخىغا ئىگە بولدى. بۇ يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ، ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل، باي، رەڭدار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ھەمدە جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ نەتىجىدۇر.

ئەپسۇسكى، بىز ھازىرغىچە «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىنىپ باقمىدۇق. گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە قەدىمدىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتى ئىزچىل داۋاملىشىپ

كېلمۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ھەرخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىلىرىنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن كۆرە، كۆپ ھاللاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ كەلدى. مەسىلەن: ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ «شەرھى كىتاب ئەلقىياس لى ئەرستوتالىس» (ئارستوتىلنىڭ «قىياس» ناملىق كىتابىغا شەرھى)، «شەرھى كىتاب 〈ئىسا غوجى〉 لى فەر فۇرىيوس» (پەرفۇرىيوسنىڭ «ئىچىلىپ تۇرغان گۇل» ناملىق كىتابىغا شەرھى)، «كىتابۇل مەۋازىئۇل مۇغەللەتى» (خاتا ماۋزۇلار ھەققىدە)، «كىتابۇل ئەلفاز ۋەل ھۇرۇوف» (سۆز ۋە ھەرپلەر ھەققىدە)، «كەلامۇن فىل مۇسىقى» (مۇزىكا ھەققىدە)، «كىتابۇل رەددى ئەلا جالىنۇس فىماتە ئەۋۋەلە ھۇمىن كەلامى ئارستوتالىس ئەلا غەيرى مەنا» (جالىنۇسنىڭ ئارستوتىل سۆزلىرىگە ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنە بەرگەنلىكىگە رەددىيە)، «كىتابۇل رەددى ئەلا بىنىر رەۋەيدىن فى ئەدەبىل جەدەل» (ئەدەبىيات مۇنازىرىسى ھەققىدە بىننى رەۋەيدىنگە رەددىيە)، «كەلامۇن فى ئىتتىفاقى ئارائى ئەبقارات ۋە ئەفلاتون» (بۇقرات ۋە ئەفلاتون تەپەككۇرلىرىنىڭ بىردەكلىكى ھەققىدە)، «كىتابۇل فى سانائەتى كىتابەت» (يېزىق سەنئىتى ھەققىدە)، «كىتابۇتتە سەۋۋۇت بەينە ئەرستوتالىس ۋە جالىنۇس» (ئارستوتىل ۋە جالىنۇس ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسچانلىق) قاتارلىق مەخسۇس ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تىل مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان ئىلمىي ئەسەرلىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزنى شەرھلەش ئېھتىياجىدىنلا تىلغا ئېلىندى. «قۇتادغۇبىلىك» كە نامەلۇم ئەدىب تەرىپىدىن يېزىلغان نەزمىي ۋە نەسرىي مۇقەددىمىلەر (بۇلار مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىد ئەسىرى)، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «تارىخى رەشىدىي»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدى»، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا پەقەت ئەدەبىيات تارىخىنى شەرھلەش ئېھتىياجىدىنلا تىلغا ئېلىندى ياكى بۇ ئەسەرلەرگە تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا باھا بېرىلدى. گەرچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىقتا

دائىر يۇقىرىقىدەك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردە ئەدەبىيات - سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە خېلى مۇپەسسەل ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بېرىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېر ئالاھىدە گەۋدىلەن-گەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز مۇشۇ بىر مۇھىم نۇق-تىغا، يەنى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا دائىر ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي تەن-قىدچانلىق خاراكتېرىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئۇلار ئەدەبى-يات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات تارىخى مەخسۇس دەرسلىكلىرىدە ھەمدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى مەسىلىسىدىن ياد-داپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ جاپالىق مېھنىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدە-بىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا بولغان تۈرتكىلىك تەسىرىنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە تەتقىق قىلماۋاتى-دۇ. شۇڭا، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىياتچىلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ تونۇشىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان، سىستېمىلىق، مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخىغا ئىگە يەن بولۇپ شەكىل-لەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بوش ساھە، بۇ جەھەتتە مەخ-سۇس تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر يوق، دەپ قارىلىپ كەلگەچكە، كۆپلىگەن ئەدەبىياتشۇناسلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى تۇرغۇ-زۇپ چىقىشنىڭ مۇمكىنلىكى ھەققىدە ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماۋاتى-دۇ. شۇڭا، ھازىرغا قەدەر «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى» دېگەن ئاتالغۇ ئەدەبىياتشۇناسلىقتا دائىر لۇغەتلىرىمىزگە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىرەلمىدى. شۇنى جىددىي تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەدەبىي تەنقىدچى-لىك ھەرقايسى دەۋر يازغۇچى - سەنئەتكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە ۋە ھەر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەر ھەم ئۆلچەم ئاساسىدا تەھلىل - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ئۈستىدە مۇئەييەن باھا ۋە خۇلاسىلەرنى ئوتتۇر-غا قويىدىغان ئىلمىي پائالىيەتتۇر. ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىد: بىرىن-چىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىش جە-

ھەتتىكى چىنلىق بىلەن ساختىلىق، توغرا بىلەن خاتا، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك پەرقىنى توغرا ئايرىپ، بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە نۇقسانلىرىنى توغرا ۋە ئېنىق كۆرسىتىپ، ئۇلارغا لىللا باھا بېرىشنى؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇپ، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشنى؛ ئۈچىنچىدىن، ئېسىل سەنئەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلىدۇ. بۇنداق بۇرچنى جارى قىلدۇرالىغان ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بولسا: بىرىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بەدىئىي ھەم ھېسسىيات جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق توغرا بولغان قىممەت قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشىنى تىكلەشكە؛ ئىككىنچىدىن، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەش، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى بېيىتىش، بەدىئىي ماھارىتىنى چېنىقتۇرۇش ۋە يېڭىلىشىغا؛ ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى- سەنئەتكارلار بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق رول ئوينىيالايدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىدنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ جىددىي كۈنتەرتىپىگە قويۇش ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئېھتىياجى بولۇپ قالدى. ھەرقانداق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، جۈملىدىن ھەربىر مىللەت ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمۇ ئۆز ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىقلا تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولالايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈ-

رۇشتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى ئىزلىرىنى تېپىپ چىقىش كېرەك، ئاندىن بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۇنى خۇددى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا ئوخشاش مۇكەممەل يەن سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بىز ئەنە شۇ نىشانغا يېتەلىسەك، ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەدەبىي تەنقىد ئەنئەنە ئۇسۇللىرىنى ئۆلگە قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ساغلام تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ۋە يۇكسەك سەۋىيىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مۇكەممەل يەن سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش گويا دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ھەم جاپالىق، ھەم ئۇلۇغ ئىش. بۇنداق جاپالىق ۋە ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەككى، كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن بىزدە تۆۋەندىكىدەك زۆرۈرىي ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ماددىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك:

بىرىنچى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەتقىقاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا ماسلىشىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يۈنىلىشىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ھەم پايدىلىق، ھەم

ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىنى تۇرغۇزۇپ چىقساق، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى مول تەتقىقات تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلالايدىغانلىقىمىزنى، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتالايدىغانلىقىمىزنى چوڭقۇر تونۇش لازىم.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات نىشانىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئالدى بىلەن بارلىق پايدىلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ كۆلەمدە ماتېرىيال توپلاش ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش باسقۇچىغا كىرىش، كېيىنكى قەدەمدە توپلانغان ماتېرىياللار ئاساسىدا تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، سېلىشتۇرۇپ، رەتلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى شەكىللەندۈرۈش، ئاندىن دەسلەپكى لايىھىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، تولۇقلاش ئاساسىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى مەخسۇس پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات نىشانىدۇر.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى بەلگىلەش. بۇنىڭدا تەتقىقاتنى پىلانلىق، نىشانلىق ئېلىپ بېرىش، يەنى قەدىمكى زامان، ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى دېگەندەك دەۋرلەر تەرتىپى بويىچە سىستېمىلاشقان تەتقىقات يۈنىلىشىنى ھاسىل قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش. بۇنىڭدا، قايسى دەۋردە قانداق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېقىملىرى بارلىققا كەلگەن، قانداق خاھىشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، گەۋدىلەندۈرگەن، قايسى خىل خاھىشنى ئىنكار قىلغان، تەنقىد قىلغان، قايسى دەۋردە قانداق سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى تەشەببۇس قىلىنغان، قانداق ئۇسلۇب، قانداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغان، قانداق ئىجادىيەت پەزىلىتى ۋە تەنقىد ئىستىلىنى ياقلىغان دېگەندەك مەزمۇنلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن

خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ھەققىدە ئويلىنىش. بۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن قەدىمكى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە دائىر ماتېرىيال كەمچىل، مەخسۇس ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك بولۇشتەك كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن جاپاغا چىداپ يىغىنە بىلەن قۇدۇق قېزىش روھى بويىچە قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر مەزمۇنلارنى قېزىپ چىقىرىپ، توپلاپ، رەتلەپ، سىېلىشتۇرۇپ، خۇلاسىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن پايدىلىنىش؛ ئاندىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى تەتقىقاتىدىكى ياخشى نەتىجە، مۇنەۋۋەر ئۆلگىلەرنى تەرجىمە قىلىش، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياخشى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەتقىقاتىنى ھەر جەھەتتىن قوللاش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈش. بۇ جەھەتتە، بىرى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئېستېتىكىسى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قاتارلىق ئەدەبىياتشۇناسلىق خاراكتېرىگە ئىگە دەرسلىكلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەتقىقاتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلىش، ئوقۇغۇچىلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇ ھەقتە ئىزدىنىشنى خالايدىغان تۇيغۇ - تەسىرات شەكىللەندۈرۈش؛ يەنە بىرى، ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەسسەسەلىرى (ئەدەبىي، ئىلمىي گېزىت - ژۇرناللار)، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى تەتقىقاتىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش جەھەتتە ئەمەلىي پىلان ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈش لازىم.

# III قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

## 1. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بىلەن بىللە مەيدان كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەرەققىياتىدا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. كۆك تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى يازما ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى»نى دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى قىلغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تاكى XX ئەسىرگىچە ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ، شانلىق، مول نەتىجىلەر ئارقىلىق مۇكەممەل ئەدەبىيات تارىخى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. گەرچە ئاشۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر مەخسۇس ئەسەرلەر دەۋرىمىزگىچە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە دائىر ئەسەرلەرنى تېخى ھازىرغىچە مەخسۇس ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، جامائەتچىلىككە كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرالمىدۇق. شۇ ۋەجىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمانلىنىپ، قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى پۈتۈنلەي بوش ساھە دەپ قارىماقتا. مېنىڭچە، بۇ خىل قاراش بىر تەرەپلىمە بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تەرەققىي قىلمىغان بوش ساھە ئەمەس، بەلكى مەسىلە ئۇنى قېزىپ چىقالمىغانلىقىمىزدا، شۇنىڭدەك چوڭقۇر تەتقىق

قىلىپ، كەلگ ۋە ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇپ، ئەدەبىي تەنقىد تارىخىمىزنى تولۇق ۋە جانلىق بىر تەرەپ قىلىشقا يول ئاچقان. تۇرغۇزۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى جامائەتچىلىككە ھېس قىلدۇرمىغانلىقىمىزدا. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ شۇ دەرىجىدە گۈللىنىشى مۇقەررەركى ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گەرچە ئۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە مەخسۇس ئەسەرلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى پەرۋىش قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت. بىز پەقەت چوڭقۇر قېزىپ چىقىرىدىغان ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق، ئەينى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تەنقىد تەركىبلىرىنى بايقىيالايمىز ۋە ئۇنى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ئايلاندۇرالايمىز.

XX ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن باشلاپ ئەھمەد زىيائى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق پېشۋالىرىمىز سابىق «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت مەخسۇس ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىنى باشلاپ بەردى. 1957- يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسى تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەتجان سادىق، شەرىپىدىن ئۆمەر، نۇرمۇھەممەت زامان، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن، ئابدۇرېھىم سابىت، ئازات سۇلتان، غەيرەتجان ئوسمان، ئەمەت دەرۋىش ۋە باشقا ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز جاپالىق ئىزدىنىپ كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالە ۋە مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مۇكەممەل سىستېما ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، بۇ جەھەتتە كۆرۈ-

نەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن XXI ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن قوشكېزەك، تەقدىرداش بولغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆيۈمچان پەرۋىشكارى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىنىڭ ئاساسى قۇرۇپ چىقىلغىنى يوق، يەنە كېلىپ بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەتقىقات پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلماسلىقى بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىكى رىقابەت ئېغىر بويىچە سەگەكلىك بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى قۇرۇلۇشى ئېچىشىمىز زۆرۈر بولغان بوز يەرگە ئوخشاش پۈرسەت كۈتۈپ ياتقان بىر ساھە. گەرچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە قىلىپ يېزىپ چىقىش خېلى كۆپ ۋاقىت ھەم زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى، سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى جەريانىدا بوران - چاپقۇنلۇق دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشى، سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە ئىدىيە، پەلسەپىۋى قاراشلاردىكى ئۆزگىرىشلەر تەسىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تىل، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلىپ كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىپ، دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تېگىشلىك ئورۇن تۇتقۇدەك بالاغەتكە يەتكەن. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق بالاغىتى، مۇكەممەللىكى، گۈزەللىكى ھەرقاچان قاتتىق تەلەپچان، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان ئەدەبىي تەنقىدنى ئۆزىگە سەپەرداش قىلغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ھەربىر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئالدى - كەينىدە پىداكارلىق ۋە خالىسلىق خاھىشىغا ئىگە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىنىڭ ئىز - تامغىلىرى بار. ئاشۇ ئىز - تامغىلارنى يىپ ئۇچى قىلىپ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە بەل باغلايدىغانلا بولساق، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى-

نىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقالايمىز. بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر ئالتۇن دەۋر ھېسابلىنىدىغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى بىر گۈللىنىش باسقۇچىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ دەۋردە ئالىملار، پەيلاسوپلار، يازغۇچى - شائىرلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن ئەبۇ ناسىر فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

## 2. فارابىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى

ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد فارابى (870 — 950) ئۆمرىدە 300 پارچە ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەر يازغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىسمى مەلۇم بولغانلىرى 119 پارچە[1] (بۇ ھەقتە ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابتا 119 پارچە ئەسەرنىڭ نامىنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەن. موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابتا فارابى ئۆمرىدە 114 پارچە كىتاب يازغان، دېيىلگەن)[2]. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 67 - بەتكە قارالسۇن.

② «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشرى، 29 - بەتكە قارالسۇن.

ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر ئەسەرلەردۇر. مەسىلەن، «شەرھى كىتاب ئەلقىياس لى ئەرستوتالىس» (ئارستوتىلنىڭ «قىياس» ناملىق كىتابىغا شەرھى)، «شەرھى كىتاب 〈ئىسا غوجى〉 لى فەرفۇرىيوس» (پەرفۇرىيوسنىڭ «ئىسا غوجى» (ئېچىلىپ تۇرغان گۈل) ناملىق كىتابىغا شەرھى)، «كىتابۇل جەدەل» (مۇنازىرە توغرىسىدا)، «كىتابۇل مەۋازىئۇل مۇغەللەتى» (خاتا ماۋزۇلار ھەققىدە)، «كىتابۇن رەددى ئەلا بىننىر رەۋەيدىن فى ئەددەبىل جەدەل» (ئەدەبىيات مۇنازىرىسى ھەققىدە بىننى رەۋەيدىنگە رەددىيە)، «كىتابۇن فى سانائەتى كىتابەت» (يېزىق سەنئىتى ھەققىدە)، «كىتابۇتتە سەۋۋۇت بەينە ئەرستوتالىس ۋە جالىنۇس» (ئارستوتىل ۋە جالىنۇس ئوتتۇرسىدىكى ۋارىسچانلىق)، «كەلامۇن فى شېئىر ۋەل قەۋفى» (شېئىر ۋە قاپىيە ھەققىدە) قاتارلىقلار. فارابى شېئىرىيەتنىڭ گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىك ئۆلچەملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ: «شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىنىدىغان قائىدە- قانۇنلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر. ۋاھالەنكى، بۇ قانۇن- قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش شېئىرىيەتنى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشتۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ ئوبرازلىق، تەقلىدىي سۈپەتكە ئىگە بولۇشىنى تەكىتلەپ: «ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەر رىتىمدار، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى»، «شېئىردىكى بېيىتلارنىڭ ھەربىر بۆلىكى ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسمىدىكى تەرتىپ ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك...»[2] دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى شېئىرىي تىل ھەققىدە توختىلىپ پرىنسىپال مەسىلىلەرنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭچە، شېئىر تىلى ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىق بولۇشى لازىم. ئۇ ئەينى زاماندىكى ئوبرازسىز، تەقلىدسىز، قۇرۇق، ئابستراكت، دەبدەبىلىك ياكى يەڭگىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقا قارشى تۇرۇش بىلەن بىر چاغدا ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ قول-

[1] [2] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 118- بەتكە قارالسۇن.

لىنىدىغان ئەھۋاللارنى تەنقىد قىلغان.

«فارابى ئۆزىنىڭ ‹رىسالەفى قانۇن سىنائەتئەششىئىر› ناملىق ئەسىرىدە، شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ۋەزنىگە ياكى ۋەقەلىكىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى تىلغا ئالىدۇ. فارابى ۋەزىن بويىچە تۈرگە ئايرىش جەھەتتە مۇزىكىشۇناسلار بىلەن ئارۇزچىلار ئۇستىدە ئالاھىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قايسى مىللەت، قايسى تىلدا بولۇشىغا قارىلىدۇ؛ ۋەقەلىككە قاراپ تۈرگە ئايرىش بويىچە ھەرقايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەردىكى شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى، شېئىرىي ئىدىيىلەرنى نازارەت قىلغۇچىلار، شېئىرىي ئېقىملارنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىش ئېلىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى پارس ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى مەدھىيات، ھەجۋىيات، شېئىرىي تېپىشماق، كۆلكىلىك شېئىرلار، غەزەلىيات ۋە ۋەسفى (لىرىك) شېئىرىي شەكىللەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە قەدىمكى گرېك شېئىرىيىتىدىكى تراگېدىيە، دراما، ساتىرا، پوئېما، ئېپوس، كومېدىيە قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە تۈزۈلمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ.»①

قىسقىسى، فارابى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى ھېسابلىنىدىغان تىل، تەپەككۇر، ۋەزىن، قاپىيە، ئەدەبىي ۋارىسچانلىق، سەنئەت مەسىلىلىرى مۇنازىرىسى، ئىدىيە ـ خاھىش قاتارلىق تەرەپلەر ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپلا قالماي، مەخسۇس ئەسەرلەر ئارقىلىق كەسكىن ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەبۇ ناسىر فارابى «كىتابۇل مۇسىقىل كەبىر» (بۈيۈك مۇزىكا كىتابى)، «رىسالە مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى)، «كەلام فى مۇسقىل» (مۇزىكا توغرىسىدا) قاتارلىق مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە مۇزىكا تەنقىدچىلىكىگە دائىر مۇھىم ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ مۇزىكىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى يۇقى-

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 119 - بەتكە قارالسۇن.

رى باھالاپ: «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر»، «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ تارلىرىدىن ئالغايسىلەر...»[1] دەپ يازغان. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىلمىي، ئەمەلىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەھەتتە كېيىنكىلەرگە شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. بۇ جەھەتتە ئۇنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىقى، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەدەبىي تەنقىدچى دېيىشكە بولىدۇ.

«تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ (فارابى — نەقىلچىدىن) مۇزىكا چالغاندا ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋۋال كۈلدۈرىدىكەن. ئاندىن كېيىن مۇڭغا سېلىپ يىغلىتىۋېتىدىكەن، ئاخىرىدا ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ھېچكىمگە سەزدۇرمەستىن كېتىپ قالىدىكەن.»[2]

بۇ ھېكايە فارابىنىڭ مۇزىكا تالانتىغا بېرىلگەن يۈكسەك باھا بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىنىڭ خېلى يۈكسەك سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

## 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى ۋە باشقىلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى باھالىرى

ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يازغۇچى-سەنئەتكارلارغا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ قانداقلىقىغا، سەنئەت تەجرىبىلىرى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نۇقسانلىرىغا ئوبيېكتىپ ۋە لىللا باھا بېرىشنى، ئەدەبىـ

① ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن: «ئالىم ۋە ئەدىبلەر ھەققىدە ھېكايىلار»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999-يىلى نەشرى، 2-، 3-بەتكە قارالسۇن.

② ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن: «ئالىم ۋە ئەدىبلەر ھەققىدە ھېكايىلار»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999-يىلى نەشرى، 2-بەتكە قارالسۇن.

يات. سەنئەت مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇپ، سەنئەت دېموكراتىيە-
سىنى جارى قىلدۇرۇشنى، ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تەجرىبىلىرىنى
ئىلمىي ھالدا يەكۈنلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە
بولۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلغان. ھەربىر يازغۇچى -
سەنئەتكار ئاشۇ مۇقەددەس ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي، ئىجادىي
ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر. شۇڭا، ئۇلار ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللانغاندا قوش سالاھىيەت بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، يەنى
يازغۇچى - سەنئەتكار سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغاندا تۇرمۇشنى كۆزى-
تىپ ماتېرىيال توپلايدۇ. توپلىغان ماتېرىياللارغا تايىنىش ۋە سەنئەت
قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ،
ئۆزىنىڭ رېئاللىققا قارىتا پوزىتسىيىسى ۋە ئىدىيە - ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەيدۇ، ئىجادىيەت مۇددىئاسى بويىچە رېئاللىقنى تەسۋىرلەش
جەريانىدا يەنە ئەدەبىي تەنقىدچى سۈپىتىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ.
يەنى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆز ئىدىيىسىنى قانداق بەدىئىي ئوبراز
شەكلى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش، ئۆز خاھىشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇ-
نىيەتكە، شەيئىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات مەنتەقىسىگە ئۇيغۇن
ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قانداق ئىجادى-
يەت ئۇسۇلى ۋە قانداق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشنىڭ مۇۋا-
پىقلىقى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ئاشۇ بىرقاتار مەسىلىلەرنى قانداق
بىرتەرەپ قىلىش جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، باھا-
لاش (تەتقىق قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تاللاش، شاللاش)، يە-
كۈن چىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قىسقىسى، ئوبراز
يارىتىشتا قوللانغان ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملىنىڭ مۇۋاپىق ياكى
ئەمەسلىكى ھەققىدە كەسكىن ۋە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بارى-
دۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېچكىممۇ يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى
ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن
شۇغۇللانمايدۇ، دېيەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى،
بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىي
تەنقىدچى دەيمىز. دەل مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار

دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى، دۇنياۋى شۆھرەتلىك قامۇس «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىمۇ ئەينى دەۋردىكى تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە پەزىلىتىگە باھا بېرىش ۋە ئىلغار قاراشلارنى تەشەببۇس قىلىش ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە بۇ داستاننى يېزىش مۇددىئاسى ھەققىدە مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن:

6502 تىلەگىم ئەمەس شان - شۆھرەت، ياخشى ئات،
كىشى نەپئى كۈتتۇم، ئۆز ئۇلسۇن يا يات.

6507 ئۇنۇتما بۇنى سەن ئوقۇپ تىرىكلەر،
قويۇپ دۇنيانى مەن يېپىنغاندا يەر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى مىسرالاردا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە ئوقۇرمەنلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن ئىلغار ۋە قىممەتلىك سەنئەت تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يەنە داستاننىڭ «كىتاب ئىگىسى يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەسىھىتى» دېگەن بابىدا ئەسەرنىڭ تىل تۈرى، تىل خۇسۇسىيىتى، دۇرۇس سۆزلەشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۆز داستانىنىڭ يېزىلغان تارىخى، تىلىنىڭ ئىخچاملىقى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەققىدە قىممەتلىك قاراشلارنى ۋە ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان:

6617 بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۈم ياۋايى كېيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم ئۆگەتتىم ئارا.

6619 سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىشۈەردى خۇش ھىد ئېپاردەك پۇرا.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تۈركىي (ئۇيـ-
غۇر) تىلىدا يېزىلغانلىقى، بۇ تىلنىڭ خۇددى ياۋايى كېيىكتەك
شوخ، ئويناقلىقى، ئەمما ئۆگەنسە، قانداق ئىشلەتسە شۇنداق ئىشلەتـ-
كىلى بولىدىغان ئىنتايىن ئەۋرىشىم، مول تىل ئىكەنلىكى، ئۇ تىل
ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ خۇددى ئىپار پۇرىقىدەك كىشىگە
لەززەت بېرىدىغانلىقىنى تەرىپلەپ، تۈركىي تىلنىڭ ئاجايىپ ئىپادى-
لەش قۇدرىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن بولسا:

6620 دۇرۇس سۆزلىدىم سۆز، ئاچچىق ھەم بىرلىك،
دۇرۇس سۆز كۆتۈرگەن ئۇ ئاقىل، قارا!

6622 دۇرۇس سۆزدىن ئۆزگە سۆزنى سۆز دېمە،
دۇرۇس - ئەگرى پەرقى ئېرۇر ئاق - قارا.

دېگەن مىسرالاردا ئۆزى بۇ داستاندا چىن سۆزلىگەنلىكى، چىن سۆز-
نىڭ ئاچچىق، قوپال بولسىمۇ كىشىلەرگە نەپ بېرىدىغانلىقى، دۇ-
رۇس سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئاقىل ھېسابلىنىدىغانلىقى، دۇرۇس سۆز-
لىمەسلىكنىڭ ئاقنى قارا قىلىۋېتىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق چىن سۆزلەشنى تەشەببۇس
قىلغان. بۇ يەردە گەپ داستاننىڭ تىلى ھەققىدە كېتىۋاتقاچقا، شائىر-
نىڭ چىن سۆزلەش ھەققىدىكى تەشەببۇسى ئالدى بىلەن يازغۇچى -
سەنئەتكارلارغا قويۇلغان تەلەپ دېيىشكە بولىدۇ.

6623 يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
بۇ سۆز سۆزلىدىم مەن تۈتۈپ جان سورا.

6624 تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تېرە.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر مەزكۇر داستانىنى ھىجرىيە 462- يىلى (مىلادىيە 1072 - يىلى) جاپالىق ئىشلەپ، 18 ئايدا تاماملىغانلىقىدىن مەلۇمات بەرسە:

6627 يۇسۇپ سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك، قارا.

6628 تولا سۆزلىدىڭ سۆز، سۇيى كەتمىسۇن،
تولا سۆزدىن ئىنسان زېرىكىپ بارا.

دېگەن بۇ مىسرالاردا مەنىلىك، گۈزەل، ئىپادىلەش كۈچى زور سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، ئۆزى قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر تىللارنى قوللىنىش، مەنىسى پۇچەك، ئۇزۇن ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ، ناچار سۆزلەش، كۆپ سۆزلەش كىشىلەرنى زېرىكتۈرىدۇ، ئۇ ئىنتايىن زىيانلىق دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقىدەك ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇلاھىزىلىرى ۋە ئىلغار سەنئەت تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق يازغۇچى - شائىرلارغا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر.

بۇ يەردە شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، مۇتەپەككۇر شائىر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى قەشقەردە يېزىپ تاماملاپ، تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەن (تەخمىنەن مىلادىيە 1074 — 1103 - يىللىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان) گە تەقدىم قىلغان. بۇغرا قاراخان بۇ داستاننى كۆرۈپ شائىرغا «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋان بەرگەن ۋە ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن.

بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، بۇغرا قاراخان «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي قاراشلارنىڭ ئىلغارلىقى، توغرىلىقى، ئالىيجانابلىقىغا چوڭقۇر قايىل بولۇپ مۇئەييەنلەشتۇرگەن. شائىرنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇغان، ئەسەرنىڭ گۈزەللىكى، مۇكەممەللىكىدىن بەكمۇ سۆيۈنگەن. چۈنكى، بۇغرا قاراخان پەلسەپە، ئەخلاق، ئەدەبىيات، ئىلمىي مەنتىق قاتارلىق ئىلىملەردە سىستېمىلىق بىلىم ئالغان ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئالىملاردىن ئىدى. بۇغرا قاراخاننىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەسىراتى، مۇلاھىزىسى، باھاسى شائىرغا «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمىدا ئوردا خادىملىرى ئالدىدا سۆزلەنگەن. ئەگەر بۇغرا قاراخاننىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى ئاشۇ سۆزلىرى بىزگە يازما ھالەتتە يېتىپ كەلگەن بولسا ئىدى، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى يەنە بىر مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىد ئەسىرى بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەگەر بۇغرا قاراخان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن قاتلاملىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەلمەيدىغان، گۈزەل، مۇكەممەل ئىپادىلەش سەنئىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالمايدىغان ئادەم بولغان بولسا ئىدى، شائىرغا ئۇنداق چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتمىگەن، داستاننىڭ ئۇنچىلىك قەدرىگە يەتمىگەن بولاتتى. شۇڭا، بۇغرا قاراخاننى «قۇتادغۇبىلىك» تەك يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى، ئېستېتىك قىممىتىنى چۈشىنەلەيدىغان، ھەر جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بەلگىلىك باھا بېرەلەيدىغان ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ قارايمىز.

## 4. «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى ئىككى مۇقەددىمىنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇئەللىپلىرى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇن قاتلىمى ۋە سەنئەت قىممىتى ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتشۇناسلىرى

خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆچۈرگۈچى مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن داستانغا يېزىلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات تازا چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىدى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى كەسپداشلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى زۆرۈر تاپتىم.

ئەينى زاماندا «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆچۈرگۈچى مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن داستانغا يېزىلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەردە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سەنئەت گۈزەللىكى، ئىدىيە ـ خاھىش يۈكسەكلىكى، مۇكەممەللىكى، شان ـ شۆھرىتى ۋە يازغۇچىنىڭ سالاھىيىتى ھەم پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك باھا ۋە مۇھىم ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان. بىز بۇ ئىككى مۇقەددىمىنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىئىنەزىرىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەخسۇس ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، نەسرىي مۇقەددىمىدە مۇنداق يېزىلغان:

«12. بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر (ئۇ) چىن ھېكىملىرىنىڭ
13. ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن. ماچىن ئالىملىرىنىڭ
14. شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى،
15. بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بۇ بېيىتلارنى (باشقىلارغا) بىلدۈرگەن (كىشى بۇ)
16. كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر، چىن ـ ماچىن
17. ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا
18. كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە
19. پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا
20. تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز

21. يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا

22. ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت

23. ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن،

24. ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ،

25. ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى.

26. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى) دەب ئاتىدى؛ ماچىن

27. مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)

28. دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛

29. ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى؛

30. بەزىلەر «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛

31. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدى.»①

يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق نەسرىي مۇقەددىمە يازغۇچى مۇئەللىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ كىتابنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇلۇغ مۆجىزە ئىكەنلىكى، بۇنداق ئاجايىپ چوڭقۇر ھېكمەتلىك ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن كاتتا، نادىر ئەسەرنىڭ پۈتكۈل شەرق دۇنياسىدا تېخى تۇنجى قېتىم بۇغراخان تىلىدا (ئۇيغۇر تىلىدا) يېزىلغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن بۇ كىتابنىڭ شان - شۆھرىتى پۈتكۈل شەرق ئەللىرىگە تارقىلىپ، ھەرقايسى ئەل ئالىم ۋە ھېكىملىرى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىپ، يۈكسەك باھا بېرىلگەنلىكى ۋە شۆھرەتلىك ناملار بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ بۈيۈك قامۇسنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە بەدىئىي قىممىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بەرگەن بولسا:

① «قۇتادغۇبىلىك» 5 - بەتكە قارالسۇن.

«32. بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا
33. تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر، ئەمما
34. بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ، مەشرىق
35. شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىغا سۇنغاندۇر.
36. شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ
37. (ۋە) ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى
38. ئىلتىپات قىلغان (ۋە) شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس
39. ھاجىپ دەپ نام - شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر.
40. بۇ ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ (ۋە) مۇھىم ئۇل ئۈستىگە
بىنا
41. قىلىنغان: بىرى، ئەدىل (ئادالەت)، ئىككىنچىسى، دۆ-
لەت (بەخت)؛
42. ئۈچىنچىسى، ئەقىل؛ تۆتىنچىسى، قانائەت بولۇپ، يەنە
(ئۇلارنىڭ)
43. ھەربىرىگە تۈركچە بىر ئات قويۇلغان. ئەدىلگە
44. «كۈنتۇغدى(1) ئېلىك» ئېتى بېرىلىپ، پادىشاھ ئورنىغا
45. قويۇلغان؛ دۆلەتكە «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلۇپ،
46. ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلگە
47. «ئۆگدۇلمىش» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئور-
نىغا قويۇلغان؛
48. قانائەتكە «ئودغۇرمىش» ئېتى بېرىلىپ، ۋەزىرنىڭ قېرىند-
ىشى دەپ ئېيتىلغان، شۇنىڭدەك (مۇئەللىپ ئۆز پىكىرلىرىنى)
50. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە ۋە سوئال - جاۋابلىق سۆز-
لەر ئارقىلىق
51. ئىپادىلىگەن. تاكى بۇنى ئوقۇغانلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ،
52. مۇئەللىپنى ياخشى دۇئا بىلەن ياد قىلسۇن دەپ.»①
دېگەن بايانلىرى ئارقىلىق نەسرىي مۇقەددىمە يازغۇچى مۇئەللىپ «قۇ-

① «قۇتادغۇبىلىك» 5 -، 7 - بەتلەرگە قارالسۇن.

تادغۇبىلىك» نى يازغۇچى شائىرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، سالاھىيىتى، كىتاب يېزىلغان ئورۇن، تەقدىم قىلىنغان شاھ، بۇ كىتاب ئارقىلىق شائىر ئېرىشكەن شان - شەرەپ، كىتابتىكى ئاساسىي پېرسوناژلار ۋە ئاشۇ پېرسوناژلارنى ۋاستە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي مەسىلەر ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋە مۇھىم ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. مۇئەللىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى قىسقا، ئەمما ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە ۋە ئۇچۇرلىرى بۇ كىگانت ئەسەرنىڭ ئىنتا-يىن زور مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان - شۆھرىتىگە بېرىلگەن مۇپەسسەل ۋە توغرا باھادۇر، شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان تالانتلىق شائىرغا بىلدۈرگەن يۈكسەك ئىززەت - ئىكرامىدۇر. مەزكۇر نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئۇنى «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ۋە مۇكەممەل ئەدەبىي تەنـ-قىد ئەسىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەمدە مۇقەددىمىنى يازغان مۇئەللىپنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاتاق-لىق ۋەكىللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

نەزمىي مۇقەددىمە شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلىپلا قالماي، ھەجىم جەھەتتىن نەسرىي مۇقەددىمىدىن چوڭراق، مەزمۇن جەھەتتىن بىرقە-دەر مول ۋە كونكرېتراقتۇر. بۇ ئىككى مۇقەددىمە گەرچە مەزمۇن، خاھىش جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكە سې-لىشتۇرساق، تىل شەكلى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى كونكرېت مەزمۇنلىرىدىمۇ بەلگىلىك پەرقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلەيـ-مىز. يەنى نەزمىي مۇقەددىمىدە مۇئەللىپنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىسى ۋە ئىلمىي باھاسىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كونكرېت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيـ-مىز.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى نەسرىي مۇقەددىمىدە مۇئەللىپ داستاننىڭ گۈزەللىكى، مۇكەممەللىكى، ئىلگىرى ھېچكىم مۇنداق كىتابنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ باقمىغانلىقى، بۇ كىتاب مەيدانغا كەل-گەندىن كېيىن، پۈتكۈل شەرق دۇنياسىدا كاتتا شۆھرەت قازانغانلىـ-

قى، تاۋغاچ بۇغراقاراخانمۇ چوڭقۇر قايىل بولۇپ، شائىرغا «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋان بەرگەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە ۋە باھالارنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، شائىرنىڭ يۇرتى، سالاھىيىتى، بۇ كىتاب يېزىلغان ئورۇن قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ ئۇچۇر بەرگەن بولسا، نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ مۇئەللىپىمۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى خۇددى نەسرىي مۇقەددىمىگە ئوخشاش تولۇق مۇلاھىزە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بەزى كونكرېت مەزمۇنلار ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. مەسىلەن:

20 «كىتاب قەدرىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر،
ئەقىلسىز كىشىدىن بۇلەك نە كېلۇر.

21 كىتابنى ھەر ئادەمگە بەرمەس كېرەك،
ئەگەر بولسىمۇ دوست، ئىشەنمەس كېرەك.»①

يۇقىرىقى مىسرالاردا «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك كىتابنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىملىك ئادەملەرلا بىلەلەيدۇ. ئەقىلسىزلەر بۇنداق كىتابنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئېسىل كىتابنى گەرچە ئۇ دوستۇڭ بولسىمۇ، ئەگەر بىلىمسىزرەك ئادەم بولسا بەرمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنداق دوستۇڭمۇ بۇنداق كىتابنىڭ قەدرىگە يېتەلمەيدۇ، دېگەن مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىتابنىڭ قىممىتىگە تېخىمۇ يۇكسەك باھا بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەينى زاماندا بۇنداق كىتابنى نەشر قىلىپ، كۆپەيتىپ تارقىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، مۇئەللىپ كۆچۈرگەن بۇ قىممەتلىك مىراسنىڭ بىلىمسىزلەر قولىدا يوقىلىپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن.

---

① «قۇتادغۇبىلىك» 11 - بەتكە قارالسۇن.

24 «مۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئاۋۋال،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكىنى دەل.

25 كىم ئولسا مۇنىڭدەك يازارمۇ قېنى؟،
يازغۇچى بار بولسا مەن ماختاي ئۇنى.»

يۇقىرىقى مىسرالاردا مۇئەللىپ بۇنداق كىتابنى ئىلگىرى ھېچ-كىم يېزىپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يازالايدىغانلار چىقىشى ناتايىن، ئەگەر مۇنداق كىتابنى يازالىسا ئۇنى ماختاش كېرەك دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك تالانت-نى چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى باھالىغان.

37 «بۇ شاھلىق خارابى، باقاسى نەدىن،
ئۇنىڭ تۆرۈشى، كېتىشى نەدىن.

38 يەنە چېرىك - لەشكەر، خادىملەر بارى،
نېچۈك توپلىنۇر، قونۇر، سەپەر يوللىرى؛

39 بۇلارنىڭ تەرتىۋەن كىتابتا ئېچىپ،
سەرەلەپ ئايرىغان بارچىسىن يېشىپ.

40 يەنە ئەلنى مەھكەم تۇتقۇچى كىشى،
ياراملىق كىشىگە بۇيۇرسۇن ئىشى.»[1]

مۇئەللىپ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» تە ھاكىمىيەت-نىڭ مۇستەھكەملىنىشى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى ۋەيران بولۇ-شى، ئەسكىرىي قوشۇنلار ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ قانداق تاللى-

① «قۇتادغۇبىلىك» 15 - بەتكە قارالسۇن.

ىنىشى، قانداق تەرتىپكە سېلىنىشى، قانداق ئىشلىتىلىشى، قوشۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ۋە ھەرىكەت پىلانى، ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكى ھەمدە ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكىگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

47 «شۇ يەڭلىغ بولسا شاھ، ئۇنى خەلق سۆيەر،
يۇزىنى كۆرەي دەپ كىشى تەلمۈرەر.

48 دىبان كىمنى قۇتلۇق ئاڭا بەرسۇن ئىش،
ئۆزىدىن يەنە كىمنى نېرى قىلىش.

49 ئۇ كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقۇلۇق،
ئۇ كىمنى يامان دەپ يىراق قىلغۇلۇق.

50 سىياسەتلە كىمنىڭ بېشىن چاپقۇلۇق،
پاراسەتلە قانداق كۆڭۈل ئالغۇلۇق.»①

يۇقىرىقى مىسرالاردا مۇئەللىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە بايان قىلىنغان دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دۇرۇس، تەدبىرلىك ئادەملەرنى ئىشلىتىشنى، شەخسىيەتچى، قارا كۆڭۈل ئادەملەرگە ھوقۇق تۇتقۇزماي، ئۇنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن نېرى قىلىشنى بىلىدىغان، دوست - دۈشمەننى ئېنىق ئايرىيالايدىغان ۋە قانۇن - سىياسەت ئارقىلىق يامان ئادەملەرنى جازالايدىغان، ياخشى ئادەملەرنى مۇكاپاتلايدىغان پادىشاھنى خەلق ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە مەڭگۈ ئۇلۇغلايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

① «قۇتادغۇبىلىك» 17 - بەتكە قارالسۇن.

54 «كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

55 بۇ تۈرلۈك پەزىلەت، ئەقىل - ئاڭ بىلە،
ئۇ ئەرمىش بېزەنگەن، يورەرمىش كۈلە.

56 ئۇ توغرا، با ھۆرمەت بىر زاھىد ئېرۇر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۇرۇر.»[1]

يۇقىرىقى مىسرالاردا مۇئەللىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ئىنسانىي پەزىلىتىگە كونكرېت ۋە چوڭقۇر باھا بېرىپ، ئۇنىڭ بارلىق ياخشىلارنىڭ ياخشىسى، بېشى ئىكەنلىكىنى، ئەقىل - پاراسەت، خۇشخۇيلۇق، توغرىلىق، بىلىملىك، تەقۋادارلىق، پاكلىق قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن بېزەنگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئېسىل زات ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ بۇ مۇقەددىمە ھەققىدە قىسقا توختىلىپ:

75 «بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزدۈم ساڭا،
ئوقۇردا ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

76 كېتەرمەن جاھاندىن، ئىشت سەن ئۆزۈڭ،
تولا ئىبرەت ئالغىن ۋە ئاچتىن كۆزۈڭ.»[2]

دەپ يېزىپ، بۇ شېئىرىي مۇقەددىمىنى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدا يازغانلىقىنى، ئۆز ئەمگىكىنىڭ ئەھمىيەتلىك، ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، كېيىنكىلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ بىلىم

① «قۇتادغۇبىلىك» 17 - بەتكە قارالسۇن.
② «قۇتادغۇبىلىك» 21 - بەتكە قارالسۇن.

ئىگىلەپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىنى ۋە ئۆزىنى (مۇئەللىپنى) ئۇنتۇپ قالماي، روھىغا دۇئا قىلىپ قويۇشتەك ئارزۇسىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە چولپاندەك چاقناپ، زور شۆھرەتكە ئىگە بولالىشىدا ۋاسىتىلىك رول ئوينىغۇچى، «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆچۈرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا مۇشۇ ئېسىل مۇقەددىمىلەرنى يازغۇچى نامسىز مۇئەللىپلىرىمىزنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، شۇنداقلا بۇ ئىككى مۇقەددىمىنى قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى مەخسۇس ئەسەرلەر، شانلىق نامايەندىلەر دەپ قارايمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» نى كۆچۈرگۈچى مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەرنىڭ سەھىپىسىدىن قارىغاندا، بۇ مۇئەللىپنىڭ نام - ئەمىلىدىن ھېچقانداق ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان. باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئۇلار توغرۇلۇق مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ نامسىز پىداكارلارنىڭ، شەخسىيەتسىز ئىلىم ئاشىقلىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى تالانتلىق ئەدەبىياتشۇناس ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاشۇ مىننەتسىز ئۇلۇغ ئەجرى - ئەمگىكىنى ھۆرمەت بىلەن ماختاشقا، ئۇلارنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارماسلىققا قەرزدارمىز.

گەرچە ئۇلارنىڭ ئىسمى، يۇرتى، مىللىتى ۋە ياشىغان ۋاقتى قاتارلىقلار بىزگە ھازىرغىچە نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن يازغان مۇقەددىمىلەرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» كە بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىدىن، ئاشۇ ئىخلاسمەنلىك تۈرتكىسىدىكى پىداكارلىق روھىدىن قارىغاندا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئۇلار يۇسۇپ خاس ھاجىپنى ئۇستاز تۇتقان شاگىرتلار ياكى يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن سەل كېيىن قەشقەردە ياشاپ بىلىم تەھسىل قىلغان ئۇيغۇر شائىرلىرى، ئالىملىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەينى زاماندا ئەنە شۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك داستاننى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدىغان، ئۇنىڭغا ئىدىيە - خاھىش ۋە

سەنئەت قىممىتى جەھەتتىن ئىلمىي ۋە مۇپەسسەل باھا بېرەلەيدىغانلار پەقەت ئۆز ئەدەبىي تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ۋە قوللىنالايدىغان، يۇقىرى سەنئەت تەربىيىسى ۋە بەدىئىي تالانتقا ئىگە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن چىقىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئەينى زاماندىكى ئاقسۆڭەك ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىگە مەنسۇپ كىشىلەر بولۇپ، ھەر جەھەتتىن سىستېمىلىق بىلىم ئالغان، خالىغان يەرگە بېرىپ، ھەرقانداق ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئالىملار ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇزاق مۇددەت چوڭقۇر تەتقىق قىلغان شائىرلار ھەم ئەدەبىياتشۇناسلاردۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، قاتناش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش تەرەققىي قىلمىغان ئەينى زاماندا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باشقا يىراق ئەللەردىكى تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھەرخىل تەرىپلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئادەتتىكى يۇقىرالار ئىگىلىيەلىشى ناتايىن. ئۇلار «قۇتادغۇبىلىك» نى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغان بولسا، ئۇ ھەقتە ئۇنداق مۇپەسسەل ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالىشى ناتايىن ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئاشۇ نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەرنىڭ مۇئەللىپى پەقەت بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن. بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەشتە مۇنداق پاكىتلارنى ئاساس قىلىشقا بولىدۇ: (1) ئىككى مۇقەددىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ئوخشاش؛ (2) ھەر ئىككى مۇقەددىمىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇغراخان تىلىدا يېزىلغانلىقى، بۇنداق كىتابنى تېخى ھېچكىم يېزىپ باقمىغانلىقى، بۇ كىتابقا ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ تۆرلۈك تەرىپ ۋە ناملارنى بەرگەنلىكى، بۇ كىتابنىڭ قەشقەردە يېزىلىپ، تاۋغاچ بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلىنغانلىقى ۋە تاۋغاچ بۇغراقاراخاننىڭ شائىرغا «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋان بەرگەنلىكى ھەمدە تۆت ئاساسلىق ئوبراز ھەققىدىكى بايانلار ئوخشاش تەرتىپ بويىچە پەرقسىز ئىپادىلەنگەن. قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆچۈرگۈچى مۇئەللىپ ئاۋۋال نەسرىي مۇقەددىمىنى يازغان، پىكرى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئىلھامى قوزغىلىپ نەزمىي مۇقەددىمىنى يازغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، «قۇتاد-

غۇبىلىك» تەك كاتتا قامۇسنى زامانىمىزغا يەتكۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىچىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىشقا زور تۆھپە قوشقان ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك»كە ئۆز قىممىتىگە لايىق باھا بېرىپ، بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن بۇ ئىككى مۇقەددىمە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئايرىم تۇرىدىغان مۇھىم ئەسەرلەر تۇرۇقلۇق، تېخىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى سەھىپىسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالماسلىقى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

## 5. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى

مەھمۇد قەشقەرى (تەخمىنەن 1019 — 1113 ـ يىللار) قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە تالانتلىق ئەدەبىياتشۇناس ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر. ئۇ 1072 — 1074 ـ يىللىرى يازغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق قامۇس خاراكتېرلىك بۈيۈك ئەسىرىگە 242 پارچە شېئىر ـ قوشاق، 200 پارچىغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل، يەنە بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەت قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلارنى تاللاپ كىرگۈزگەن. «ئۇ ‹دىۋان›غا كىرگۈزگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ تەرەپتارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ‹دىۋان›دا چۈشكۈنلۈك، شەھۋانىيلىق، ھۇرۇنلۇق، نادانلىق تەرغىپ قىلىنىدىغان ئەدەبىي پارچىلار زادىلا ئۇچرىمايدۇ»[1]. «دىۋان»غا تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئاشۇ زامانغىچە يېتىپ كېلەلىگەن

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002ـ يىلى نەشرى، 145 ـ بەتكە قارالسۇن.

ھەمدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تاللاپ رەتلىشى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن ئۆتكەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلار كىرگۈزۈلگەن. بۇ يەردە شۇ نۇقتا دىققەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەككى، ئۇلۇغ ئەدەبىياتشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزى ئىزاھلىماقچى بولغان تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تاللىغان مەيلى خەلق قوشاقلىرى، مەيلى ماقال - تەمسىللەر ياكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر بولسۇن، ھەممىسىنى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئەدەبىي تەنقىدچى سۈپىتىدە تۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى خاھىشى ئىلغار، سەنئەت قىممىتى ئەڭ يۇقىرى، تۇرمۇش ئاساسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي پارچىلارنى تاللاپ، باھالاپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» غا كىرگۈزگەن ئەدەبىي پارچىلارنى ئەنە شۇنداق ئەستايىدىل تاللاشتىن ئۆتكۈزۈپلا قالماي، ئۆزىنىڭ «دىۋان» نى تۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ جاپالىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈكسەك تالانتى ھەمدە بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي خاھىشى ھەققىدە چوڭقۇر، ئومۇمىيۈزلۈك باھا بەرگەن، شۇنداقلا يەنە بۇ كىتابتىكى بەدىئىي نەمۇنىلەرنىڭ گۈزەللىك، مۇكەممەللىك جەھەتتە ئاجايىپ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆزىدە: «مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسىي قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىغا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاخىر كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم... پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سالدىم»، «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، قاپىيىلىك نەسرلەر، ماقال-تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن

بىزەپ، مەخسۇس ئىلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم»[1].

«جۇملىدىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلاردىن قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال - تەمسىللىرىدىن كەلتۈردۇم»[2].

«شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاب يېڭىلىقلارنى بېرىشتە قىيامىغا، گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى»[3] دېگەن. روشەنكى، «دىۋان» ھەققىدىكى بۇ بايانلار يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي تالانتى ۋە ئۆز ئەسىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئاجايىپ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىتا ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇپەسسەل ئەدەبىي تەنقىدىدۇر.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

«غەربىي قاراخانىيلار خاقانى خىزىر بىننى ئىبراھىم (1079 — 1081 - يىللارغىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان) سەمەرقەندتىكى ئوردىسىدا ھەردائىم شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، تالانتلىق شائىرلارنى مۇكاپاتلاپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شېئىر مۇسابىقىسىدە خىزىر بىننى ئىبراھىم بىر شائىردىن: «سەن ئابدۇسەئىد رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن» دەپ سورىغاندا، ئۇ شائىر: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ياخشى ۋە راۋان يېزىلغان، ئەمما سەل تۇزى كەمرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

خاقان شائىرلارنى بەس - مۇنازىرىگە سالماقچى بولۇپ، يەنە باشقا بىر شائىردىن: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى قانداق» دەپ سورىغان. ئۇ شائىرمۇ: «ياخشى، ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا خاقان شائىر رەشىدىگە: «سېنىڭمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر - ئىككى بېيىت ئېيتىشىڭغا توغرا كەلدى» دېگەن. شائىر رەشىدى

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 4 - بەتكە قاراڭ.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 8 - بەتكە قاراڭ.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 8 - بەتكە قاراڭ.

خاقانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

«شېئىرلىرىمنى تۈزسىز دەيسەن بۇ راست، بىگۇمان،
هالۋايۇھەسەلگە تۈز سالسا يامان.
لاۋزا چامغۇر، ئوت - چۆپلەرگە كېرەك تۈز،
بۇنى ئوبدان ئويلاپ كۆرگىن، ئەي نادان.»①

خاقان شائىر رەشىدىنىڭ شېئىرىي تالانتى ۋە تەنقىد ماھارىتىگە قايىل بولغان، شۇڭا شائىرلارنى تارتۇقلاش ئۇچۇن تەييارلانغان 1000 دىنار (تىللا) نى رەشىدىگىلا بېرىۋەتكەن.

بىز بۇ تارىخىي مەلۇماتتىن مۇنداق ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز: بىرىنچىدىن، ئەينى زاماندا قاراخانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى ئەدەبىيات- سەنئەت تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئەينى دەۋردە ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى ھەققىدە قىزغىن مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، سەنئەت دېموكراتىيىسى جارى قىلدۇرۇلغاچ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى گۈللەنگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئەينى دەۋردە ئابدۇسەئىد رەشىدىگە ئوخشاش نۇرغۇن تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلەر مەيدانغا كەلگەن. بىز رەشىدىنىڭ شېئىرىي تىلىدىكى تەنقىدكە قارشى ئەدەبىي تەنقىدىدىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئوخشاش گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن. بىز يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 10 - بەتكە قارالسۇن.

# Ⅳ يۇەن سۇلالىسى ۋە چاغاناي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

## 1 . يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرى

بۇ دەۋردە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تۈرلۈك سەۋەب ۋە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ھەمدە ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر خېلى كۆپ ئىدى. بۇ ھەقتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇقەددىمىلىك بايان»[1] ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان گۇەن يۈنشى (1286— 1324)، سادۇلا (1272—1355)، مازۇچاڭ (1279 — 1338)، دىڭ خېنيەن (1335 — 1424) قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىدىن باشقا، يەنە شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە دائىر قاراشلىرىنىمۇ يازما شەكىلدە قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئارقىلىق بىپايان تېررىتورىيە، قەدىمىي ۋە قويۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئوتتۇرا جۇڭگودىكى خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بىر كىشىلىك تەسىرىنى نامايان قىلغان.

گۇەن يۈنشى (ئاتا - بوۋىلىرى جىمساردىن) يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب، خەتتات بولۇش بىلەن بىرگە مۇسىقا

---

① «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 4 - سانىغا قارالسۇن.

(مۇزىكا) نوتىسىنىمۇ بىلگەن. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ ئۆلىما-ئەللامەلەر گۈەن يۈنشىگە يۇقىرى باها بېرىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە زامانىمىز ئالىملىرىدىن سۇنجېدى ( 孙楷第 ) ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «گۈەن يۈنشى شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيلاسوپ، ئەسەرلىرى پاساھەتلىك بولۇپ، كىشىلەرگە ماھارەت ئۆگىتەتتى، ھەتتا سىياسىي تەدبىرلەرگىچە خەۋەرلەندۈرەتتى. ئۇ يالغۇز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ 2000 يىللىق تارىخىدىمۇ بىر مەشھۇر زات ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزىمەتلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىناتتى»[1]. گۈەن يۈنشىنىڭ ئەدەبىي تەقرىزلىرىدىن جەمئىي ئۈچ پارچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار: «〈باھار قارلىرى〉غا مۇقەددىمە» ( 阳春白雪序 ) ، «〈بۈگۈنكى مۇسىقا مەھكىمىسى〉گە مۇقەددىمە» ( 今乐府序 ) ، «〈ۋاپانامە〉نىڭ ئۇدۇل شەرھىيسىگە مۇقەددىمە» ( 孝经值解自序 ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «〈باھار قارلىرى〉غا مۇقەددىمە» نەزەرىيىۋى قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئەسەر. «باھار قارلىرى» ناملىق بۇ توپلامنىڭ تۈزگۈچىسى ياڭ جاۋيىڭ ( 杨朝英 ) گۈەن يۈنشىنىڭ يېقىن دوستى. بۇ توپلامغا مۇقەددىمە يېزىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىش بولۇپ، گۈەن يۈنشى مۇشۇنداق قىيىن ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، «باھار قارلىرى» دىن ئىبارەت بۇ كۇللىياتنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەركىن ئۇدارلىق نەغمە كۈيى ( 散曲 ) تەتقىقاتىدا مەخسۇس تۈنجى ماقالىنى يېزىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، كېيىنكىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

سادۇلا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ شېئىرىيەت، رەسساملىق، خەتتاتلىق قاتارلىقلاردا كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن شېئىرلار توپلىمى «يەنمىن توپلى-

① «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىي ماقالىلىرىدىن تاللانما» (مۇھەممەت زۇنۇن، ۋاڭ گېدىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە تەييارلانغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 117-بەت)، «تارىم» ژۇرنىلى 2006-يىللىق 4-سان 112-بەتكە قارالسۇن.

مى» مەشھۇر ئەسەر ھېسابلانغان. سادۇلا شېئىرىيەتكە دائىر تەقرىز ماقالىلەرنى خېلى كۆپ يازغان بولسىمۇ، ساقلىنىپ قالغانلىرى ئاز. پەقەت ياپونىيىلىك داۋتيەنخەن نەشر قىلدۇرغان «يەنمىن توپلىمى» ئىچىدە بىرقانچە پارچە ماقالىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە «〈ۋۇيى تېغى شېئىرلىرى〉غا مۇقەددىمە» (武夷山诗歌序) سادۇلانىڭ ماقالىلىرى ئىچىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە قىلىنغان بىردىنبىر ماقالە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن تاغ - دەريالارغا بېغىشلانغان شېئىرلار ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

دىڭ خېنيەن مەشھۇر شائىرلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ «دىڭ خېنيەن توپلىمى» (丁鹤年集) ناملىق ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ يەنە ماقالىلەر توپلىمى بولغان. دىڭ خېنيەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر گۇەن شىمىن (管时敏) نىڭ «سازاڭ قۇرت توپلىمى» (蚓窍集) غا بىر پارچە تەقرىز يازغان. ئۇ بۇ تەقرىزدە تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا توختالغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئەينى زامانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يۇقىرى سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، گۇەن يۈنشىنىڭ «〈باھار قارلىرى〉غا مۇقەددىمە»، «〈بۈگۈنكى مۇسىقا مەھكىمىسى〉گە مۇقەددىمە»، «〈ۋاپانامە〉نىڭ ئۇدۇل شەرھىيىسىگە مۇقەددىمە»، سادۇلانىڭ «〈ۋۇيى تېغى شېئىرلىرى توپلىمى〉غا مۇقەددىمە» ۋە دىڭ خېنيەننىڭ «〈سازاڭ قۇرت توپلىمى〉غا يازغان تەقرىزلىرى ئادەتتىكى تەقرىزلەر ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىدۇر. بۇ دەۋردە يەنە غەربىي يۇرتلۇق شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچىلەردىن شى يۈلى، شى جىدۇ، شى سۈن، شىن ۋېنفاڭ قاتارلىقلار ئەدەبىي، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ،

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ خىل قاراشلىرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بايانلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز:

«شى يۈلى بىلەن شى جىدۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ شېئىرىيەت تارىخىدا نامى بار غەربىي يۇرتلۇق شائىرلاردىن. شى جىدۇنىڭ ئوغلى شى سۈننىڭ تارىخى تېخىمۇ قىزىقارلىق. شى سۈننىڭ ئەسلىي ئىسمى شى بەيلياۋسۈن (بەي لياۋسۈن) بولۇپ، شى بەيلياۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەخەللۇسى گۇڭيۈەن. ئۇ 1318 — 1360 - يىللىرى ياشىغان. شى سۈننىڭ ئاتا تەرەپتىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۆتىۋەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق جەمەتى بىلەن چېتىشلىقى بار بولۇپ، ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاتا جەمەت ۋە ئانا جەمەتنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1335 - يىلى 17 ياشقا كىرگەن شى سۈن دادىسىدىن ئايرىلىپ، گۇاڭدۇڭدىن لياڭ ناھىيىسى (جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ لياڭ ناھىيىسى) گە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكەن. شى سۈن لياڭنى مەركەز قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى جىنلىڭ، چاڭجۇ، جياڭياڭ، جياڭنىڭ قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مۇشائىرىلەر ئوقۇشۇپ، بەس - مۇنازىرىلەر قىلىشىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىلىم - مۇتالىئە قىلغان»[1].

«يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ غەربىي يۇرتلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ‹تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى› ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان. ۋاھالەنكى، كونا ۋە يېڭى ‹تاڭنامە› لەردە100لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلغان»[2].

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار غەربتە ۋە شەرقتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى، 174 -، 175 - بەت.
② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 59 - بەت.

يۇقىرىقى ئۇچۇرلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشاپ خەنزۇ تىلىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلاردىن 30 دىن ئارتۇق ئەدىب ئۆتكەن. ئۇلار ئىچىدە گۇەن يۈنشى، سادۇلا، دىڭ خېنيەن، شى سۇن، شىن ۋېنفاڭلارغا ئوخشاش ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. گۇەن يۈنشى ماقالە يېزىشتىمۇ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئاتاقلىق شائىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېمە ھەققىدە ماقالە يازىدۇ؟ ماقالىلىرىدە نېمىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ؟ ئېنىقكى، ئۇ شېئىر - ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە ماقالە يازىدۇ. ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. شى سۇنمۇ ئۆزى ياشىغان رايونلاردىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مۇشائىرىلەر ئوقۇشۇپ، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە بەس- مۇنازىرە قىلىشىدۇ. ئۇلار ئەدەبىيات ھەققىدە مۇھاكىمە، مۇنازىرە قىلىشقاندا، مۇقەررەركى، يازغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىيات- سەنئەت ئېقىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلماي، ئۇلار ئۈستىدە بەلگىلىك باھا، پوزىتسىيە ياكى بەلگىلىك يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويماي مۇمكىن ئەمەس. شىن ۋېنفاڭ يازغان «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» دا تونۇشتۇرۇلغان 398 يازغۇچى گەرچە تارىخىي نۇقتىدىن تونۇشتۇرۇلسىمۇ، لېكىن تونۇشتۇرۇش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا يازغۇچىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئىجتىمائىي رولى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقى، پەزىلىتى قاتارلىق تەرەپلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماي، قىسقىچە باھا بەرمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، بۇنداق تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردىمۇ قويۇق ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئۇچۇرلار بىزگە يۇەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر يازغۇچى - ئەدىبلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2 . چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىزلىرى

چاغاتاي خانلىقى دەۋرى (1309 — 1348) دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئىتى بىر گۈللىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. جانبەگ ئۆگدۈلمىش ئوغلى (1180 — 1270) ، يۇسۇپ سەككاكى (1160 — 1228) ، جامال قارشى (1230— 1315) ، پالۋان مۇھەممەد (1224 — 1326) ، ئىبنى مۇھەممەت كاشغەرى، ئابدۇرەھىم ھاپىز (XIV — XV ئەسىر ئارىلىقىدا ياشىغان) ، سەيفى سارايى (1321 — 1391) ، قۇتىب، ھىسامىدىن ئىبنى ئاسىم ئەل بار چىنلىغى، ھەيۋەت ئالا، ئەھمەد بىن ئەييۇب ئەل بالاساغۇنى، ئەييۇب بىننى ئەل بالاساغۇنى، سىدى ئەھمەدى، ئەلى، دۇربېك ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۈيۈك يازغۇچى ناسىردىن رابغۇزى (1279 — 1351) قاتارلىق يازغۇچى، شائىر ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرى مۇشۇ دەۋردە ياشىغان.

بۇ دەۋردىكى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى خېلى قويۇق بولغان. مەسىلەن، يۇسۇپ سەككاكىنىڭ «〈مىفتائۇل ئۇلۇم〉 (1190- يىلى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان) ناملىق ئەسىرىدە سەرف، نەھۋى، مەئانى، تىل - ئەدەبىيات، مەنتىق، پاساھەت، مۇسىقا (مۇزىكا) ، پەلسەپە، ئاسترونومىيە قاتارلىق 12 — 13 تۈرلۈك ئىلىم توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىنغان»① دېگەن ئۇچۇردىن قارىغاندا، يۇسۇپ سەككاكىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش قورالى ھېسابلىنىدىغان تىل مەسىلىلىرى، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، مۇزىكا

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 176- بەتكە قارالسۇن.

مەسىلىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرى ئەلۋەتتە ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى بولۇپ، بۇ خىل ئەدەبىي تەنقىد شۇ دەۋردىكى تىل، ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىجابىي رول ئوينىماي قالمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇتب يازغان «خۇسراۋ ۋە شىرىن»، ئەلى يازغان «قىسسەسەئى يۇسۇپ»، دۇربېك يازغان «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، رابغۇزى يازغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مەيلى پېرسوناژلار، مەيلى ۋەقەلەر ياكى ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلما، ژانىرلىرى بولسۇن، ھەممىسىدە تارىختىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن تارىخىي پېرسوناژ، ۋەقەلەر ۋە قۇرۇلما، ژانىرلار ئۆرنەك قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ يازغۇچى، شائىرلار تارىختىن داۋاملىشىپ مىراس بولۇپ كەلگەن ئاشۇ پېرسوناژ، ۋەقە، قۇرۇلما، ژانىرلارنى ئەينەن قوبۇل قىلماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، ئۆز خەلقىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىجادىي يوسۇندا ئۆزلەشتۇرۇپ قوبۇل قىلىپ، پەقەت ئۆزىگە خاس بولغان پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە ۋەقە ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۆز دەۋرى خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدىكى ئىلگىرىكى مىراسلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ياكى يېتەرسىزلىكلىرىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئويى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت بەدىئىي خىزمەتلەر جەريانى ئەلۋەتتە شاللىۋېتىش ياكى قوبۇل قىلىش، مۇئەييەنلەشتۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىش، تولۇقلاش ياكى قىسقارتىش، ئىجادىي ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزلەشتۇرۇشلەر ئاساسىدا پوزىتسىيە، باھالارنى ۋە بەلگىلىك يەكۈنلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكىلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش جەريانىدىكى بەدىئىي پائالىيەتلەر قويۇق ئەدەبىي تەنقىدتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئۇزلۇكسىز پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرمەي بولمايدۇ.

# V تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

## 1. تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كەيپىياتى

تۆمۈرىيلەر دەۋرى (1370 — 1507) دە تۆمۈرىيلەر خانلىقىغا قاراشلىق ھىرات، سەمەرقەند، قەشقەر قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەز-لىرىدە تالانتلىق يازغۇچى - شائىرلار، مۇزىكانتلار، خەتتاتلار، ئالىم-ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى، مەۋلانا ئاتايى، مەۋلانە سەككاكى، ئەلىشىر نەۋائى، سەئىددىن كاشغەرى، ئەھمەد ھاجىبەگ، شاھ قۇلى ئۇيغۇر، زەھى-رىددىن مۇھەممەد بابۇر، يۇسۇپ ئەمىرى، يەقىنى، ئەھمىدى، مەج-لىسى، ھۇسەيىن بايقارا قاتارلىقلاردۇر. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر دائىم مۇشائىرە كېچىلىكى ۋە ئىلمىي مۇتالىئە پائالىيەت-لىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان. بۇ ھەقتە ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەر يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» نام-لىق كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى ئەدەبىيات-نى سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆزىمۇ شېئىر يازىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەلىشىرنىڭ تاغىلىرى كابۇ-لى ۋە غېرىبىلەرمۇ شائىر ئىدى. شۇڭلاشقا، نەۋائىلار ئائىلىسىگە شائىرلار ۋە بىلىملىك كىشىلەر توپلىشىپ مۇشائىرە ۋە مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى. بۇ ئەھۋال نەۋائىدا ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىن ھەۋەس-نى ئۈزلۈكسىز ئۇلغايتتى... ئەلىشىر بۇ يىللاردا ئەينى دەۋرنىڭ پېشقەدەم شائىرى مىرشاھى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغاندىن تاشقى-

رى، ئاتاقلىق شائىر لۇتفى بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇنى ئۇستاز تۇتتى. لۇتفىمۇ بالا شائىرنىڭ تالانتىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە يۈكسەك باھا بەردى.»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» ناملىق ماقالىسىدە ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىغا بەرگەن مۇنۇ باھاسىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «بۇ ھەقتە ھۈسەيىن بايقارا〈رىسالە〉 دە مۇنداق يازغان: 〈ھەق سۆز ئېيتىشنىڭ قەھرىمانى، يەنى نەۋائى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر مىر ئەلىشىر تۈرك تىلىنىڭ ئۆلگەن جەسىتىگە مەسىھ نەفەسى بىلەن روھ - جان كىرگۈزدى ۋە ئاڭا تۈركىي سۆز يىپەكلىرىدىن توقۇلغان قىممەت باھا ۋە نەپىس كىيىملەرنى كىيدۈردى. يەنە سۆز گۈلىستانىدا نەۋائىنىڭ نەۋباھار ئىستىبداتىدىن جان بېغىشلىغۇچى يېغىنلار ياغدۇرۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلدۈردى. تەپەككۇر بۇلۇتلىرىدىن جان كىرگۈزگۈچى تامچىلارنى تامچىلىتىپ، خىلمۇخىل دۇرلار چاچتى. ئۇ ھەربىر شېئىرىي تۈر مەيدانىغا چاپقۇر ئېتىنى سۈرۈپ كىرىپ، شۇ مەملىكەتنى تىل قىلىچى بىلەن ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭ نەزمىلىرىنى ماختاشقا تىل نۇقسانلىق ۋە قەلەم ئاجىزدۇر»[1]. ھۈسەيىن بايقارا يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىغا قوشقان زور تۆھپىسىگە، ئۇنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ماھارەت ۋە پاساھەتكە يۈكسەك باھا بەرگەن. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئاشنالىرى ھەتتا كوللېكتىپ سەيلە - ساياھەت ۋە شىكارغا چىقىش پائالىيەتلىرىنىمۇ قىزغىن ئىلمىي مۇتالىئە ۋە ئەدەبىي تەنقىد مەزمۇنى بىلەن بېيىتقان.
بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ:

«ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىمپېراتور ئاقساق تۆمۈر بىر پۇتى قىسقا، بىر كۆزى قىسىق ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوردىسىغا بىرنەچچە رەسسامنى چاقىرتىپ رەسىمىنى سىزدۇرۇپتۇ.

---

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 86 - بەتكە قارالسۇن.

بىرىنچى رەسسام ئاقساق تۆمۈرنى پۇتلىرى ساپساق، كۆزى بېجىرىم ئادەم سۈپىتىدە سىزىپتۇ. ئاقساق تۆمۈر بۇ رەسسامنى كالتەكلەشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئىككىنچى رەسسام ئاقساق تۆمۈرنى تۇرقى - سىياقى قانداق بولسا شۇ پېتى — ئاقساق، كۆزى قىسىق ھالەتتە سىزىپتۇ. ئاقساق تۆمۈر رەسىمگە قاراپ بۇ رەسسامنىمۇ كالتەكلەشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۈچىنچى رەسسام ئىككى كەسپدىشىنىڭ تەقدىرىنى كۆرۈپ، بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن رەسىمنى سىزىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ رەسىمىدە تەسۋىرلىنىشىچە، جاڭگالدا بىر كېيىك قېچىپ كېتىۋاتقان، ئاقساق تۆمۈر ئاقساق پۇتى بىلەن تاشقا دەسسەپ ئوقيا تارتىپ، قىسىق كۆزىدە كېيىكنى قارىغا ئېلىۋاتقانىكەن... ئاقساق تۆمۈرگە بۇ رەسىم بەك ياراپ كېتىپتۇ ۋە رەسسامنى كاتتا مۇكاپاتلاپتۇ. بۇ بىر ئىبرەتلىك ۋە تولىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ھېكايە.»[1]

بىز بۇ ھېكايە ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا بىرىنچى رەسسامنىڭ رېئاللىقنى بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوبيېكتىپ چىنلىققا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالانغانلىقىنى؛ ئىككىنچى رەسسامنىڭ رېئاللىقنى ئۆز پېتىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ، سەنئەتتە ئوبيېكتىپ تۇرمۇش چىنلىقىنى يۈكسەك بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالانغانلىقىنى؛ ئۈچىنچى رەسسامنىڭ ھەم تۇرمۇش چىنلىقىغا تايىنىش، ھەم سەنئەتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش قانۇنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا يۈكسەك ئىدىيىۋى خاھىش ۋە يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بەدىئىي ماھارىتىنى جارى قىلدۇرغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاشۇ ۋاقىتتا ئۈچ رەسسامنىڭ سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە بەدىئىي ماھارىتىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىنكار قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى باھالاش، يەكۈن چىقىرىشلار بولسا ئەمەلىيەتتە ئەستايىدىل، چوڭقۇر ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2001- يىللىق 4- سان 57- بەتكە قارالسۇن.

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ ئاقساق تۆمۈرنى
سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى چوڭقۇر چۈشە-
نىدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆڭۈل بولىدى-
غان، تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ قارىيالايمىز.

تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشىغان مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى
(1336 — 1465) ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن گۈزەل
شېئىرلارنى يېزىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر
بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى دەۋردىكى يازغۇچى -
شائىرلارغا ئۇستازلىق سۈپىتىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن تالانتلىق
ئەدەبىي تەنقىدچى ئىدى. «نەۋائىغا زاماندا تارىخچى خاندەمىرنىڭ
مەلۇمات بېرىشىگە قارىغاندا، ئۇيغۇر غەزەلچىلىكىنىڭ پېشۋالىرىدىن
بولغان ياشانغان شائىر لۇتفى بىلەن 10 — 12 ياشلاردىكى بالا شائىر
ئەلىشىر ئوتتۇرىسىدا ئۇستازلىق ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ئورنى-
تىلغان. ئۇستاز شائىر ئۆز شاگىرتىنىڭ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ،
ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلىغان. ئۇ بىر قېتىم ئەلىشىرنىڭ ‹ئارىزىڭ
ياپقاچ، كۆزۈمدىن تۆكۈلۈر ھەر لەھزە ياش، بويلە كىم پەيدا بولۇر
يولتۇز، نىھان بولغاچ قۇياش› (جامالىڭنى مەندىن يوشۇرساڭ كۆ-
زۈمدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلەر، چۈنكى بۇ چاغدا قۇياش ئولتۇ-
رۇپ ئالەم قاراڭغۇلۇققا چۆمگەندەك بولۇر) دەپ باشلىنىدىغان بىر
غەزىلىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇ ياش شائىرغا ئىلھام بېرىپ، ‹پۈتۈن
ئۆمرۈمدە يازغان شېئىرلىرىمنى مۇشۇ بىر غەزەلگە تېگىشىشكە تەي-
يارمەن› دېگەن ئىكەن»[1].

ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن «ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكا-
يەتلەر» ناملىق كىتابىدا لۇتفى ھەققىدە مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«لۇتفى شائىر مۇزەپپەرنىڭ ‹باغ› رادىپلىق بىر قەسىدىسىگە
چىرايلىق جاۋاب يېزىپ، ئۇنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپتۇ. پادىشاھقا
بۇ جاۋاب بەكمۇ يېقىپتۇ - دە، مۇزەپپەرنىڭ ‹ساراي› ناملىق قەسىدى-

---

[1] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 1982-
يىلى باسمىسى، 204- بەتكە قاراڭ.

سىگىمۇ جاۋاب يېزىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا لۇتفى:

— ئاۋۋال كۆرەيچۇ، ئۇنىڭ بېغىدىن قانداق مېۋە يەيمەنكىن، شۇنىڭدىن كېيىن سارايىغا قەدەم قويارمەن،— دەپتۇ. گەپتە يېڭىلىپ قالغان پادىشاھ شائىرغا قول قويۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ». ①

لۇتفى مۇزەپپەرنىڭ «باغ» رادىپلىق قەسىدىسىگە قانداق جاۋاب يازغان ۋە «ساراي» ناملىق قەسىدىسىگە قانداق جاۋاب يازدۇ؟ گەرچە ھېكايىدە جاۋابنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ قەسىدىلەر ھەققىدىكى جاۋابى مۇلاھىزە، باھا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھېكايىدىن بىز ئەينى زاماندا ئەدەبىي مۇنازىرىلەر داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە لۇتفىغا ئوخشاش شائىرلار بۇنداق ئەدەبىي مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەلىشىر نەۋائى بىلەن زاماندash شائىرلاردىن يەقىنى ( XV ئەسىردە ياشىغان) ماۋارە ئۇننەھردە ياشاپ ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىلىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنازىرە خاراكتېرلىك داستانى «ئوق ۋە يا» دا مەۋلانا سەككاكىنىڭ ئىجادىيەتىلىرىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى «شائىرلارنىڭ مۇجتەھىدى» (جەسۇرى، قەيسىرى) » دېگەن.

ئەسقەر ھۇسەيىن يازغان«نەۋائى نەزىرىدىكى سەنئەت» دېگەن ماقالىدە تۆمۇرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق كەيپىياتى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئابدۇرەھمان جامى ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە ئاتاقلىق سەنئەتكارى بولۇپ، نۇرغۇن شائىر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ پىر - ئۇستازى ئىدى. ئۇ نەۋائىنىڭ تالانتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايىل بولدى، ئۇنىڭغا ھەم شاگىرت، ھەم دوست، ھەم پەرزەنت ھېسابىدا مۇئامىلە قىلدى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت دائىم

① ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن: «بىزنىڭ ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايەتلەر»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999- يىلى نەشرى، 31- بەتكە قارالسۇن.

ئىجادىيەت ئىشلىرىدا بىر-بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىنى جامىغا، جامى بولسا نەۋائىغا ئوقۇپ بېرىپ ئۆزئارا پىكىر سورىشاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-ناسىۋەت ئىككى ئۇلۇغ ئالىم ۋە سەنئەتكارنىڭ دوستلۇق ۋە ئىجادىيەت ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندى. نەۋائى‹ خەمسە› قاتارلىق بىرنەچچە ئەسىرىنى جامىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، جامى بولسا بىرنەچچە ئەسىرى (مەسىلەن، ‹ مۇزىكا ھەققىدە رىسالە› دەك) نى نەۋائىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يازغاندى.»

نەۋائى بىلەن جامى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجادىيەت ھەمكارلىقى جەر-يانىدىكى مەسلىھەتلىشىش، ئۆزئارا ئۆز ئەسەرلىرى توغرىسىدا پىكىر سوراش، بىر - بىرىگە تەكلىپ بېرىشلەر مۇقەررەر ھالدا بىر - بىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش، باھالاش ياكى ئەسەرلەردىكى نۇقسانلارنى تەنقىدلەش، تۈزىتىش مەنىسىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

نەۋائى ئۆزىنىڭ پارس تىلىدىكى قەسىدىلىرىدىن «تۆھفەتۇل ئەف-كار» (تەپەككۇر سوۋغىسى) نىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدە ئۆزىنىڭ «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«بىر كۈنى مەن ئۇ كىشىنىڭ (ئابدۇرەھمان جامىنىڭ) خىزمى-تىدە ئىدىم. كۆپلىگەن ماۋزۇلاردا پاراڭ بولۇۋاتاتتى. ئارىلىقتا مەن خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ‹ دەريايى ئەبرار› (ياخشىلار دەرياسى) ناملىق قە-سىدىسىنى ھەددىدىن زىيادە ماختاپ كەتتىم... شۇ كۈنلەردە سۇلتان مەرۋىنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مېنى ھەم ھەمراھ بولۇش-قا بۇيرۇغاندى. مەن خوشلىشاي دەپ ئۇ كىشىنىڭ (جامىنىڭ) يېنىغا كىردىم. قايتىپ چىقىشىمدا قوينىدىن بىر ئورام قەغەزنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى. ئېچىپ كۆرسەم، شۇ كۈنلەردە‹ دەريايى ئەبرار› غا جاۋابەن يازغان‹ لۇججەتۇل ئەسرا› (سىرلار دېڭىزى) ناملىق قەسىدىسى ئىكەن... يولغا ئاتلاندۇق. ئات ئۈستىدە ئۇ قەسىدىنى ئوقۇدۇم ۋە تاكى مەنزىلگىچە‹ تۆھفەتۇل ئەفكار› نىڭ باشلانما بېيىتى يادىمغا كەلدى. مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن بۇ باشلانما بېيىتنى ئۇ كىشىگە يېزىپ ئەۋەتتىم. ئەگەر يېقىپ قېلىپ خەۋەر بەرسە، تامام-

لايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. تاكى مەرۋىگە يېتىپ بارغۇچە بۇ قەسىدىنى تاماملاپ، ئۇ كىشىگە ئەۋەتىپ بەردىم.»①

يۇقىرىقى بايانلاردىكى «كۆپلىگەن ماۋزۇلاردا پاراڭ بولۇۋاتاتتى»، «مەن خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ 〈دەريايى ئەبرار〉 ناملىق قەسىدىسىنى ھەددىدىن زىيادە ماختاپ كەتتىم...» دېگەن جۈملىلەردىن ئەينى زاماندىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كەيپىياتىنىڭ ئىنتايىن قىزغىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كەيپىياتىغا مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار بىلەن ئەلىشىر نەۋائىدەك دۇنياۋى شۆھرەتلىك، يۇكسەك تالانتلىق مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ، چوڭقۇر پىكىرلىك ئەدەبىياتشۇناسنىڭ مەيلى ئۆز دەۋرىدە ئۆتكەن، مەيلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن، مەيلى تۈركىي ياكى پارسىي ھەممە باشقا ئەل شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەنقىداتى، يۇكسەك چوڭقۇرلۇق ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە ئۆتكۈر، لىللا ئەدەبىي تەنقىد پائالىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىر گۈللىنىش دەۋرىنى شەكىللەندۈرۈپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇنداق يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولغان. بىز بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي مىراسلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر قازىدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئائىت يەنە نۇرغۇن پاكىتلارغا ئېرىشەلەيمىز.

## 2. ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى

ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا «چاھار دىۋان»، «خەمسە نەۋائى»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئالەمشۇمۇل نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى، 254-، 255-بەتلەرگە قارالسۇن.

ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، بەلكى خۇددى ئۆزى «ئۈمىدىم ئولدۇركى ۋە خىيالىمغا شۇنداق كېلىپتۇركى، سۆزۈم مەرتىۋىسى ئەۋجىدىن قايتمىغاي ۋە يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ تەنتەنىسى ئەلا دەرىجىدىن ئۆزگە يەرنى ياقتۇرمىغاي»[①] دەپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىگە يۇقىرى باھا بەرگىنىدەك، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا پارلاق يول ئاچقان ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس ۋە كەسكىن ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر.

نەۋائى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىي تەنقىد دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ مەخسۇس كىتاب يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «ئارۇز تۈركىي» قاتارلىق تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى قويۇق ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ھەتتا ئۇنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرى ۋە مۇقەددىمە، خاتىمىلىرىدىمۇ ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بايانلار بار. مەسىلەن، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ خاتىمىسىدە:

«گەرچە شۆھرەتلىرى جاھاننى تۇتتى،
غوۋغالىرى ئىنسۇجاننى تۇتتى.
چۇفارسى ئەردى نوكتە شەۋقى،
ئازراق ئەردى ئاندا تۈركى زەۋقى.
ئول تىل بىلە بولدى نەزىم مەلغۇر،
كىم فارسى ئاڭلار ئولدى مەھزۇر.
مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فاسانەنى ھېكايەت.
كىم شۆھرىتى چۇن جاھانغا تولغاي،

① ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 2- قىسىم، 318- بەتكە قارالسۇن.

تۇركى ئېلى دەغى بەزرە ئالغاي.
نە چۇنكى بۇ كۇن جاھاندا ئەتراك،
كۆپتۇر خۇش تەبئۇ سافى ئىدراك.»

(مەنىسى: گەرچە... ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە شۆھرەتلىرى جاھان-
غا يېيىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە قاراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار
يازغان نازۇك مەنىلەردە تۇركچە زەۋق ئازراق، پارسچە زەۋق كۆپ-
رەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنىلەر پارسچە تىل بىلەن نەزم ئېيتىلغان-
لىقتىن، پەقەت پارسچە بىلىدىغانلارلا بەھرە ئالالىدى، ھازىر جاھاندا
ساپ ئىدراكلىق، خۇش تەبىئەتلىك تۇركلەر كۆپەيگەن شارائىتتا شۆھ-
رىتى جاھانغا تولسۇن، تۇرك ئېلىمۇ بەھرە ئالسۇن دەپ، بۇ قىسسە-
نى تۇرك تىلىدا تۈزدۈم، بۇ ئەپسانىنى ھېكايە قىلىپ يازدىم)[1] دېيىل-
گەن. ئۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە ياز-
غان يۇقىرىقى بايانلىرىدا نىزامى گەنجىۋى ۋە خۇسراۋ دېھلىۋىلارنىڭ
«خەمسە» لىرىنىڭ تىلى ۋە دۇنياۋى شۆھرىتىگە، ئېستېتىك قىممى-
تىگە يۇكسەك باھا بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ «خەمسە» لىرى-
نىڭ پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى، بۇنىڭدىن پەقەت پارس تىلى بىلىدى-
غانلارلا بەھرە ئالالايدىغانلىقى، دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ ئەنە شۇنداق گۈزەل ھېكايىلاردىن بەھرە ئېلىشىنى نەزەردە
تۇتۇپ، بۇ قىسسىلەرنى تۇرك تىلىدا يېزىپ قالدۇرغانلىقى ھەققىدە
ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. دېمەك، ئۇ يۇقىرىقى بايانلىرىدا
بىر تەرەپتىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ «خەمسە» لىرىگە باھا بەرگەن بولسا،
يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتىكى ئىجادىيەت
مۇددىئاسىغىمۇ باھا بەرگەن.

نەۋائى «فەرھاد - شىرىن» داستانىنى يېزىشتىن بۇرۇن بۇ
تېمىدا نۇرغۇن شائىرلار مەشھۇر داستانلارنى يازغانىدى. بۇ تېمىدا
ئەسىردە ياشىغان ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى تۇنجى X

[1] ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 2- قىسىم 177- 178-
بەتلەرگە قارالسۇن.

بولۇپ قەلەم تەۋرەتكەن ۋە شۆھرەت قازانغان. XII ئەسىرگە كەلگەندە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى بۇ ئۆلمەس تېمىدا «خۇسراۋ ۋە شېرىن» نامى بىلەن زور ھەجىملىك داستان يېزىپ شۆھرەت قازانغان. XIV ئەسىرگە كەلگەندە بۇ مۇھەببەت تېمىسىدا «شېرىن ۋە خۇسرەۋ» ناملىق داستان يېزىپ شۆھرەت قازانغان شائىر خۇسراۋ دېھلىۋى[①] بولدى. نەۋائى «فەرھاد - شېرىن» داستانىنى يېزىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن ئىلگىرى بۇ تېمىدا داستانلار يېزىپ شۆھرەت قازانغان شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ سەنئەت قارىشى بويىچە باھا بەرگەن. بولۇپمۇ نەۋائى نىزامى گەنجىۋىنىڭ يۈكسەك سەنئەت تەجرىبىلىرى ۋە ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆز داستانىنى يېزىشتا نىزامىدەك شۆھرەتلىك سۆز سەنئەتكارىنى شەرق داستانچىلىقىدىكى تەڭداشسىز «ھەيۋەتلىك شىر» دەپ تونۇپ، ئۇنى ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك رىقابەتدىشى ھېسابلىغان. شۇڭا، ئۇ «فەرھاد - شېرىن» داستانىنى يېزىشتا نىزامى گەنجىۋىنىڭ داستانچىلىقتىكى بىر تەقلىدچىسى بولۇپ قېلىشنى خالىماي، شەرق داستانچىلىقىدىكى ئەڭ يۈكسەك چوققىنى ئىگىلەيدىغان كۈچلۈك جاسارەت ۋە تەڭداشسىز بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز ئانا تىلىدا يۈكسەك ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئاجايىپ تالانتلىق سەنئەتكار سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئۇ بۇنداق ئىجادىيەت خاھىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق.
كېرەك شىر ئالىدە ھەم شىر جەڭگى،
ئەگەر شىر ئولماسا بارى پەلەڭگى.[②]

نەۋائى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى بىلەن ئىلگىرىكىلەر

---

① خۇسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325) ھىندىستاننىڭ شىمالىدا ياشىغان، پارس تىلىدا ئەسەر يازغان ھىندى شائىرى.

② پەلەڭ — يولۋاس، يىلپىز.

تەسۋىرلىگەن بۇ تارىخىي تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر، پېرسوناژلار ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى خاھىشلارغا قارىتا تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت قارىشى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسى بويىچە ئىجادىي ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش، تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ بارغان. ناۋادا نىزامى گەنجىۋى ۋە خۇسراۋ دېھلىۋىلار قەلىمى ئاستىدا ئادىل، ئىنسانپەرۋەر، باتۇر، پاك ئىنسانىي مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان شۆھرەتلىك شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان خۇسراۋنىڭ بارلىق ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىنى، خاراكتېرىنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىشىلىك قارشى بويىچە قايتىدىن تەنقىدىي باھا بەرگەن، شۇنداقلا ئۇنى ئۆز داستانىدا ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەپلا قالماي، بەلكى خاراكتېر جەھەتتە ئىنتايىن ھىيلىگەر، تاجاۋۇزچى، سۆيۈمقەستچى، زالىم، جاھىل، قارا كۆڭۈل، ئىنساپ، ۋىجدان، ۋاپا، ساداقەت قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەتنى يوقاتقان شۆھرەتپەرەس شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئۇنداق رەزىل ماھىيەتلىك ئادەملەرنى ماختاشنى جىنايەت ھېسابلاپ، ئىلگىرى ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ماختىغان شائىرلارنى ئۆزىنىڭ ھەق - ناھەق ئۆلچىمى ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ئاساسىدا تېگىشلىك تەنقىد قىلغان. ئۆزى بولسا بۇ خىل خاراكتېرنى رەھىمسىز پاش قىلغان ۋە قامچىلىغان. بۇ خىل تەنقىد خاھىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«ۋەلى چەككەنلەر ئۇشبۇ جامدىن راھ،
ساراسەر بولدىلەر خۇسرەۋغا مەدداھ.
كى مۇلكى ئانداغۇ، ئايىنى مۇنداغ،
ساپاھى ئانداغۇ، تەمكىنى مۇنداق.
...
ئۇلەر نەزمىنىڭ ئالىدە مېنى زار،
چۇ پەھىم ئەتتىمكى كۆرگۈمدۇر كۆپ ئازار.

زەرۇرەتكىم سالسب بىر ئۆزگىچە تەرھ،
بۇ مېھنەتنامىنى قىلغۇمدۇرۇر شەرھ.»[1]

(بۇ تېمىدا مېھنەت چېكىپ نەزم يازغانلار،
باشتىن ـ ئاخىر خۇسراۋ ئۈچۈن بولۇشتى مەدداھ.
ئۇلار خۇسرەۋنىڭ مۈلكى ئۇنداق، رەسىم ـ قائىدىلىرى
مۇنداق قوشۇنلىرى ئۇنداق، ئۇستۇنلۇكى مۇنداق،
شان ـ شۆھرىتى ئۇنداق دەپ، ماختاشتى.
...
ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ماختاشلىرىدىن بىزار بولدۇم،
ئۇلارنى كۆرسەم كۆپلەپ ئازابلىنىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.
شۇڭا ئۇلاردىن باشقىچە يول تۇتۇشنى زۆرۈرىيەت
ھېسابلاپ، بۇ مېھنەتنامىنى يېزىشقا كىرىشتىم.)

ئېنىقكى، نەۋائى ھەزرەتلىرى ئەينى چاغدا «خۇسراۋ ۋە شېرىن» نامى بىلەن داستان يازغان مەشھۇر شائىرلارنى ۋە ئۇلار يۈكسەك ماھارىتى بىلەن ماختىغان خۇسراۋ شاھ ئوبرازىنى يوقىرىقىدەك ئاچـچىق ھەجۋىي تىل ئارقىلىق كەسكىن تەنقىد قىلغان. نەۋائى «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى ۋە خۇسراۋ ـ شېرىن ھەقـقىدىكى خەلق ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى تارىخىي جەھەتتىن، سەنئەت جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. شۇ ئاساستا ھەم تارىخىي چىنلىقتا، ھەم سەنئەت چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولـغان سەلتەنەتلىك داستانى «فەرھاد ۋە شېرىن» نى يېزىپ چىققان. ئۇ داستانىنى يېزىش جەريانىنى داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق بايان قىلغان:

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 250ـ بەتكە قارالسۇن.

«ئەگەرچە نەزم دىلكەش بولسا مەسمۇ،
ئانىڭ ئەپسانەسى ھەم بولسا مەتبۇ.
بۇرۇن ھەم ئەتىكىم بولسا تاۋارىخ،
بارىدىن ئىستە بۇ فەرخۇندە تارىخ»[1]

مەنىسى: ئەگەر نەزمىلىرىم باشقىلارنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىل تارىنى چەكسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭدىكى ئەپسانىلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بولسۇن. شۇڭا، ئاۋۋال بۇ ھەقتىكى تارىخنى توپلا، يازماقچى بولغانلىرىڭنى شۇ تارىخىي كىتابلاردىن ئىزدە.

نەۋائى يۇقىرىقى مۇقەددىمىدە سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ھېسابلىنىدىغان سەنئەتنىڭ ئېستېتىك كۆچى ۋە تۇرمۇش چىنلىقى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ، سەنئەتنى يۇكسەك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەنلەر تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولۇشى، تۇرمۇش چىنلىقى تۈپرىقىدىن ئۆسۈپ چىقىشى كېرەك، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خىل سەنئەت قارىشى ئارقىلىق ئۇ تۇرمۇش چىنلىقىدىن ئايرىلغان، تارىخىي چىنلىقنى بۇرمىلىغان نىزامى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلىنى تەنقىد قىلغان.

نەۋائى «چاھار دىۋان» دا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىستىلى، ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزگەن. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ تىلى ھەققىدە توختىلىپ، سۆزدىن تەپەككۇرنى ئاجراتماسلىق، سۆز بىلەن مەنىنى ئاجراتماسلىقنى تەلەپ قىلغان. ئۇ سۆز بىلەن مەنە بىرلىكى ھەققىدە:

چۇن غەرەز سۆزدىن ئېرۇر مەنا ئاڭا،
ناقىل[2] ئولسا خا خوتۇن خا ئەر.»[3]

[1] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 251- بەتكە قارالسۇن
[2] ناقىل — سۆزلىگۈچى.
[3] ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 2- قىسىم 187- بەتكە قارالسۇن.

(سۆزلىگۈچى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، سۆزى بەلگىلىك مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولسۇن) دەپ يازغان بولسا، سەنئەت ئىستىلى، شېئىرنىڭ ئىخچاملىقى، بەدىئىي سۈپىتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە مۇكەممەللىكى ھەققىدە:

«كېرەك دەھر ئەھلىگە ئون كۈن جەدەل،
كى بەش بېيتتىن باغلىغاي بىر غەزەل.
خالايىققا يۈز ـ ھۆسنى ناز ئەيلىگەي،
كى ئون يىلدا مىڭ بېيت سۆز سۆزلىگەي.)[1]

(بىر غەزەل بەش بېيتتىن ئاشمىغايكى، بۇنداق
غەزەل جاھان ئەھلى ئىچىدە ئون كۈن غەۋغا قوزغىغۇدەك
بولغاي، ئۇنىڭ پاساھىتى خالايىققا يۈز پەرى
ھۆسنىدەك ناز ئەيلىگەي ھەمدەئون يىلدامىڭ بېيتقا يەتكەي.)

دەپ يېزىپ، ئىجادىيەتتە ئىخچاملىقنى تەكىتلەپ، سان قوغلىشىش، شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەزمۇنغا ئېتىبارسىز قارايدىغان چاكىنا سەنئەت ئىستىلىنى تەنقىد قىلىپ، شېئىرىي ئىجادىيەتكە مەزمۇنى گۈزەل، بەدىئىيلىكى يۇكسەك بولۇش تەلىپىنى قويىدۇ.

نەۋائى ئۆز ئىجادىيىتىگە قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە بەدىئىي ساپاسىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئىشەنچ بىلەن تېگىشلىك باھا بېرىدىغان شائىر ئىدى:

«تۈركىي تىلدا خىلمۇخىل شېرىن مەنىلىك شېئىرلىرىم ھېسابسىزدۇر. قارىساڭ پارسچىدىكى شېئىرلىرىم ھەم بىباھا ياقۇت ۋە گۆھەرگە ئوخشايدۇ. گويا سۆز بازىرىدا دۇكان ئاچقانمەن. بىر تە-

[1] ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»1ـ كىتاب 2ـ قىسىم 187ـ بەتكە قارالسۇن.

رىسپىدە تاتلىق - تۈرۈم دۆكىنى بولسا، يەنە بىر تەرەپتە زەرگەرچىلىك»[1].

نەۋائىنىڭ بۈيۈك ئەدەبىياتشۇناس، ئەستايىدىل ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ئائىت بايانلار ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، «قۇتبەئى داۋابىن» (نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ كىرىش سۆزى توپلىمى) ناملىق ئەسەرلىرىدە مەۋلانا سەككاكىنى قايتا - قايتا تىلغا ئالغان ۋە ئۇنى ئەبەيدۇللا لۇتفى بىلەن بىللە «ئۇيغۇر ئىبارەتنىنىڭ فۇسەھاسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلە غاتىدىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفىلەر كىم بىرىنىڭ شېئىرى ئەدەبىيات ئىشتىھارى تۈركىستاندا بەغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىپ غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا بىناھايەتتۇر ھەم دىۋانلىرى مەۋجۇت بولغاي» دەپ يېزىپ، بۇ ئىككى شائىرنىڭ شېئىر، غەزەللىرىنىڭ دۇنياۋى شان - شۆھرىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ يەنە «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ پاساھەتلىك، يېتىلگەن شائىرلىرىدىن لۇتفى، سەككاكى، سۇھەيلىلەرنىڭ ماڭا ئۇستازلىق ياردىمى كۆپ ئىدى»[2] دەپ يېزىپ، ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر ئىززەت - ئىكرامىنى ئىپادىلىگەن. يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەلىشىر نەۋائىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تالانتلىق شائىر دەپ تونۇپلا قالماي، بەلكى ئەينى دەۋردىكى بۈيۈك ئەدەبىياتشۇناس ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

## 3. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»

بۈيۈك تىلشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغە-

---

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 247- بەت.
② غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 200- بەت.

تەين»ناملىق كاتتا ئەسىرىنى 1499- يىلى يازغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردە تازا ۋايىغا يېتىپ، ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئۇسلۇ- بى يارانقان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر بىر مەزگىللىك ئىجادى- يەت قىزغىنلىقى بىلەنلا مەيدانغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى 1988- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلغان نۇسخىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە«نەۋائى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا توپلانغان، يۈسۈپ خاس هاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، خارەزمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نەزمىي ئىپادىسىنى تاپقان ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە خەلق تىلى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ هەم ئىزدەنگەنسېرى غۇرۇرلىنىپ، ئۆز ئىرادىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى··· شۇنداق قىلىپ، ئەلىشىر نەۋائى چاغاتاي تىلىنىڭ مول لېكسىكىلىق بايلىقىنى، فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەت ئىمكانىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، بۇ تىل بىلەن شۇ دەۋرنىڭ شاھ ئەسەرلىرى بولغان ‹خەزائىنۇل مەئانى› (چاھار دىۋان)، ‹خەمسە› قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى ھەم ‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين› ناملىق بۇ تىلشۇناسلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى»[1] دېيىلگىنىدەك، پۈتۈن ئۆمرىدىكى تىل تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە يېزىپ چىق- قان يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەردۇر. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە كۆپ خىل مەزمۇن قاتلىمى ھەق- قىدە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىياتشۇناسلار پىكىر بايان قىلغان.

ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابىدا: ‹مۇھاكىمەتۇل لۇغە- تەين› مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يالغۇز پارس تىلى ۋە تۈركىي تىلىنىڭ تىلشۇناسلىق ئاساسىدىكى سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپلا قالماستىن،

---

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، كىرىش سۆز 6 ـ، 7- بەتلەرگە قارالسۇن.

بەلكى ئۆز ماھىيىتى بىلەن يەنە ئەدەبىيات ئىلمىغا ئائىت كىتابمۇ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ كىتابىدا سۆزنىڭ ئەھمىيىتى ۋە سۆزنى قانداق تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى شەرھلەيدۇ»[1] دېگەن. بۇ باياندىن «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» نىڭ يالغۇز تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتشۇناسلىق خاراكتېرىنىڭمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

رۇس شەرق-شۇناسلىرىدىن ئا. ك. بوروۋكوۋ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» نىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىگە مۇنداق باھا بەرگەن: «〈مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين〉 شۇنداق كىتابكى، توپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئۇنىڭدا گەپ تىل ئۈستىدىلا بارمايدۇ. بۇ كىتابتا يەنە باشقا پىكىر، يەنى ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان»[2] دېگەن. ئېنىقكى، ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» دېگەن كىتابىدا: «ئەلىشىر نەۋائى تۈركىي ئەدەبىي تىلنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى. ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ، ئۆز ئانا تىلىدا نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش بىلەن بىرگە باشقا تۈركىي شائىرلارنىمۇ تۈركىي تىلدا ئەسەر يېزىشقا دەۋەت قىلىشتىن تاشقىرى، ئەدەبىي تىل پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدىمۇ بىرقانچە ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ ئىشنى روياپقا چىقىرىش يولىدا كۈرەشتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ 〈مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين〉 (تىللار توغرىسىدا مۇھاكىمە) ناملىق ئە-

[1] ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1982- يىلى نەشرى، 1- كىتاب 2- قىسىم 200- بەتكە قارالسۇن.

[2] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 240- بەتكە قارالسۇن

سىرى خاراكتېرلىكتۇر»[1] دېگەن.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىللىق 5- سانىدىكى «ئىلىم يولىدا جاپالىق ئىزدىنىش» سەرلەۋھىلىك سۆھبەت خاتىرىسىدە دوكتور ئابدۇرەئۇپ پولات يۇسۇپجان ئىگەمبەردىنىڭ «ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين› دېگەن ئەسىرىنى نوقۇل تىلشۇناسلىق ئەسىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەسىرى دېگۈچىلەرمۇ بار. سىلى بۇنىڭغا قانداق قارايلا؟» دېگەن سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

«1499- يىللىرى بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر نەۋائى تەرىپىدىن يېزىلغان ‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين› ناملىق ئەسەر مۇھاكىمە نۇقتىسى جەھەتتىن ئۇيغۇر (تۈرك) تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ ئارتۇق - كەملىكىنى سېلىشتۇرۇپ ئىلمىي يەكۈن ۋە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىلغان شاھانە ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا ئاساسىي مەزمۇن ھالقىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر (تۈرك) تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ قايسىسىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە تىلشۇناسلىق ئەسىرى دەپ قارىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قارار ئىكەنلىكىدە ھېچبىر شەك يوق. ئەمما، بۇۋىمىز ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسەردە ئىككى خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى نوقۇل ھالدىكى گراماتىكا سېلىشتۇرمىسى قىلىپ قويمىغان، بەلكى بىر مىللەت تىلىنىڭ ئەۋزەل ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈك تىل بولۇشىغا ئاساس بولىدىغان ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەپسىلىي شەرھلەپ كۆرسەتكەن. خۇسۇسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈك خەزىنىسى مول، ئىپادىلەش كۈچى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەينى زاماندا ئىسلام دىنىنىڭ ئەل قىلغۇچى تەسىرى ئاستىدا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە خۇددى سەلدەك ئېقىپ كىرىۋاتقان ئەرەب تىل ئامىللىرىنىڭ ھۇجۇمىغا، ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلە-

---

[1] «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 1982- يىلى نەشرى، 305- بەتكە قارالسۇن.

ۋالغان پارس تىلىنىڭ ھاكىملىق تەسىرىگە قارشى تىز پۈكمەستىن مەدەنىي جەڭ ئېلان قىلغان ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

نەۋائىي ئالدىنقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى پاكىت ئورنىدا بايان قىلغان، نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ باھالىغان، ئۇلار ھەققىدە خالىس يەكۈن چىقارغان. بۇ جەھەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ شىرى، دەۋرىنىڭ ئارسلانى ئاتىلىشقا ھەقلىق رەۋىشتىكى شەكلىسىز جاسارىتى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۆلمەس ئەسەرلەرنىمۇ ھېچبىر ئېزىقىپ ئولتۇرماستىن يۇكسەك باھالىغان. مانا بۇلار مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەينى زاماندا يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە، تىل ئۈبزورچىلىقىغا، ئەدەبىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىچىلىكىگىمۇ نەمۇنە بولىدىغان كۆپ غوللۇق نادىر بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە.»

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇنىڭ خاس تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلا بولماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىككىمۇ ئائىت ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. گەرچە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دە ھازىرغىچە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ يۇكسەك ئەۋزەللىكىنى ئۆز خەلقىگە ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىگە تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى نۇقتىسىدىنلا چىقىلىپ تىلشۇناسلىق ئىلمى جەھەتتە تەتقىق قىلىنغان ۋە نەۋائىينىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت، بولۇپمۇ تۈركىي تىلدا يېزىپ چىقىلغان ئالەمشۇمۇل بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئۇنى باھالاش، مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە تېخىچە مەخسۇس ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. شۇڭا، بۇ سەھىپىمىزدە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

«تۈركىي تىلدا پىكىرنى مۇبالىغە يولى بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىرمۇنچە نازۇك ئۇقۇملۇق سۆزلەر يارىتىلغانكى، بۇنى شۇ تىلنىڭ ئالىملىرى چۈشەندۇرۇپ بەرمىگۈچە باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، قورۇقشاماق (قورۇشماق)، ئۆڭدەمەك

( ئوگلاناماق ) ، چېكىرىمەك ( ئۈيقۇسىزلاناماق ) ، دومسايماق، ئۈمۈد-
ماق ( تەمە قىلماق ) ... سۇقلاتماق ( شەيدا قىلماق ) دېگەنگە ئوخشاش.
بۇ يۈز سۆزنىڭ ھېچقايسىسىغا پارس تىلىدىن لايىق سۆز تېپىلمايدۇ.
سارتلار[1] ھەتتا بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي-
دۇ.

كاتتا شائىرلارنىڭ مەي تەسۋىرىدە مۇبالىغە قىلىشىنى بىر ئادەت-
كە ئايلىنىپ قالغان دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا مەي
ئىچىشنىڭ ئۇسۇلىنى نازۇك جەھەتلەردىن پەرقلەندۇرۇپ ئىپادىلەيدى-
غان سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلغان. بۇ سۆزلەرنىڭ بىرى
〈 سىپقارماق 〉 ( شورىماق، سۈمۈرمەك ) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق
مۇبالىغىنى تېپىش تەس. تۈركىي شېئىردا مۇنداق بىر باشلانما بېيىت
بار:

بېيىت

ساقىيا، تۈت بادەكىم بىرلەھزە ئۆزۈمدىن بارەي،
شەرت بۇ كىم، ھەر نىچە تۈتساڭ لەبالەب سىپقاراي[2].

بۇ 〈 سىپقاراي 〉 سۆزى ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنى پارسچە شېئىرلاردا
ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە نېمە ئىلاج قىلغىلى بولسۇن.»[3]

نەۋائىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا گەپ تۈرك ( ئۇيغۇر ) تىلى بىلەن
پارس تىلى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدى-
لەندۇرۇش مەقسىتىدە كېتىۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇ بايانلارنىڭ كونكرېت
مەزمۇنلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇكسەك ئەۋزەللىكلىرىگە باھا بېرى-
رىش، مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاشۇ

---

① سارتلار — پارسلارنى دېمەكچى. ئەينى زاماندا تۈركىي خەلقلەر پارسلارنى «سارتلار» دەپ ئاتىغان.

② ئەي ساقىي، ماڭا مەي ئۇزات. مەن ئۇنى ئىچىپ بىردەم ئۆز خۇدۇمنى يوقىتاي، شۇنى شەرت قىلىمەنكى، ھەرقانچە تولدۇرۇپ قۇيساڭمۇ بىراقلا سۈمۈرىمەن.

③ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 8 — 10- بەتلەرگە قارالسۇن.

ئەۋزەللىكلەرنىڭ شېئىرىي تەسۋىرلەردە، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشتا تېخىمۇ يۈكسەك ئېپادىسىنى تاپىدىغانلىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن.

نەۋائى بۇ ئەسىرىدە تۈرك تىلى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇيغۇر شېئىر شەكىللىرى، قاپىيە تۈزۈش، ۋەزىن قائىدىلىرى ھەققىدىكى بىر قاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. نەۋائى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «تۇيۇق» شەكلى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«〈تەجنىس①〉 ۋە〈ئىيھام②〉 دىن پايدىلىنىش شائىر - ئەدىبلەر ئىچىدە ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئەھۋال. شېئىرغا رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۇچۇن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركىي تىلدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، 〈ئات〉 سۆزىنى: بىرىنچىدىن، 〈نام〉 مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن، 〈مىنىدىغان ئات〉 مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن، تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرۇغاندىكى 〈ئات〉 مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ سۆز شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان:

نەزم

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ بېگىم،
سۈرئەت ئىچرە دىۋ ئېرۇر ئاتىڭ بېگىم.
ھەر خەدەنگىكىم ئۇلۇس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بېگىم.③

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار يازالمايدۇ. بۇخىل شېئىر شەكلى

---

① تەجنىس — ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى.
② ئىيھام -- ئىككى بىسلىق سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى.
③ خېنىم، سېنىڭ ئېتىڭ ھۆر - پەرىدۇر، سېنىڭ ئېتىڭ سۈرئەتتە دىۋىگە ئوخشايدۇ. سەن كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئوقلىرىڭنى مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا قارىتىپ ئېتىۋەرگىن.

«تۇيۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.»①

يۇقىرىقىدەك مىساللار مەزكۇر ئەسەردە كۆپ كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر شېئىرىي شەكىللىرىدىن ھېسابلىنىدىغان «تۇيۇق» ژانىرى ھەققىدە نەزەرىيىۋى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى نەزەرىيىسىدىمۇ «تۇيۇق» ژانىرىنى نەۋائىينىڭ ئىزاھلىشى ئاساسىدا سۆزلەۋاتىمىز.

نەۋائى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى سۆز تاللاش ۋە قاپىيە تۈزۈش ئۆلچەملىرى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«سۆز تاللاشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىش ۋە قاپىيىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بىرقانچە ھەرپنى بىر - بىرىگە جورلاشتۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ، جۈملىدىن ئېلىپ (ا) بىلەن ھا(ە) بىر - بىرىگە قاپىيە بولالايدۇ. مەسىلەن، 〈ئەرا〉 سۆزىنى 〈سەرا〉 ۋە 〈دەرا〉 بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ. 〈سەرە〉، 〈دەرە〉 بىلەن قاپىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. 〈يەدا〉 سۆزىنى 〈سەدا〉 سۆزى بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ. 〈بادە〉 بىلەن قاپىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ۋاۋ(و) بىلەن زەممە(-) بىر - بىرىگە جور بولالايدۇ. مەسىلەن، 〈ئىرۇر〉 سۆزىنى〈ھۇر〉، 〈دۇر〉 سۆزلىرى بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ. 〈غۇرۇر〉، 〈زۆرۇر〉 سۆزلىرى بىلەن قاپىيە قىلىسىمۇ بولىدۇ. يا(ى) بىلەن كەسرە (زىر بەلگىسى)②مۇ بىر - بىرىگە جور بولالايدۇ. مەسىلەن، 〈ئاغىر〉، 〈باغىر〉 سۆزلىرىنى 〈سادىر〉، 〈قادىر〉 سۆزلىرى بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ. 〈تەئخىر〉، 〈تەغيىر〉 سۆزلىرى بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، پارس تىلىدا مۇنداق ئىمكانىيەت يوق.»③

ئەلىشىر نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قاپىيە تۈزۈش ئۆلچەملىرى ھەققىدە نازۇك نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەردىن مەلۇمات بەرگەن. بۇ نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيەت نەزەرى-

---

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 16-، 17- بەتكە قارالسۇن.

② كەسرە(زىر بەلگىسى) «ــِ» دىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئى» تاۋۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

③ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 20 -، 21- بەتلەرگە قارالسۇن.

يىسىدە ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى ئانا تىلىنى سۆيۈش، قەدىرلەش، قوغ-داش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، ئانا تىلدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈر-گۈزگەن. ئانا تىلغا ئېتىبارسىز قارايدىغان، ئۇنى كەمسىتىدىغان قاراشلارنى كەسكىن تەنقىد قىلغان. ئۇ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «شۇ قەدەر مول، نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز ـ ئىبارىلەر بىرەر كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىك-تىن، ھازىرغىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ۋاھالەنكى، ئە-گەر ئۇلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بولسا، ئۆز تىلىدىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتنى تاپقان ۋە بۇ تىلدا ھەرخىل پىكىرنى ئىپادىلەش، خۇش سۆزلۈك، شائىرانىلىق ۋە داستانچىلىق سەنئەتلى-رىنى كۆرسىتىش تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسان ئىدى. يۇقىرىدا تۈركىي تىلنىڭ ئومۇمىيىتى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلدى. روشەنكى، بۇ خەلق ئىچىدىن چىققان تالانت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە تالانتلى-رىنى ئۆز تىلى تۇرغان يەردە باشقا تىل بىلەن نامايان قىلماسلىقى ۋە مۇنداق ئىشقا كىرىشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەگەر ھەر ئىككى تىلدا يېزىش قابىلىيىتى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يېزىپ، باشقا تىلدا ئازراق يېزىشى كېرەك ئىدى. بەك ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئىككى تىل بىلەن ئوخشاش يېزىشى كېرەك ئىدى. شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگى-لىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن ـ دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن، بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن، يازسىمۇ، خۇددى سارتلار تۈركىي تىل بىلەن يازغان شېئىردەك خۇش سۆز تۈركلەر قېشىدا ئوقۇيالمىسۇن ۋە ئۆتكۈزەلمىسۇن، ئوقۇسىمۇ ھەر سۆزىدىن

يۈز ئەيىب تېپىلىپ، ھەر جۈملىسى يۈز ئېتىرازغا ئۇچرىسۇن»[1]

ھەزرىتى مەۋلانا ئەلىشىر نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا تۈركىي تىلنى يۈكسەك سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار بىلەن ماختىغان. تۈركىي تىلنىڭ پىكىر ئىپادىلەشتىكى ئىنتايىن كەڭ ئىمكانىيىتىنى، بولۇپمۇ شېئىر، داستانچىلىق ئىجادىيىتىدىكى يۈكسەك ئەۋزەللىكىنى مۇئەي- يەنلەشتۈرگەن. ئەينى چاغدا پارس تىلىدا شېئىر يېزىشنى ئۆزى ئۈچۈن شان - شەرەپ ھېسابلايدىغان غۇرۇرسىز شائىرلارنى «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك كىنايە بىلەن تەنقىد قىلغان، شۇنداقلا ئەينى چاغدا ئۆز ئانا تىلىدا شېئىر يېزىشنى خالى- ماي، پارس تىلىدا شېئىر يېزىشقا مەستانە بولۇپ كەتكەن تۈركىي شائىرلارنىڭ خۇددى تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغان پارس شائىر- لىرىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىنى تۈركىي زىيالىيلار ئالدىدا ئوقۇشتىن خىجىل بولىدىغانلىقى، ئوقۇسىمۇ شېئىرلىرىنىڭ ھەربىر سۆز - جۈملىلىرىنىڭ تازا مۇقامىغا چۈشمىگەنلىكى سەۋەبلىك، تۈركىي زىيا- لىيلارنىڭ تەنقىدى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىغانلىقى ۋە بۇنداق ئېھ- تىمالغا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى كەسكىن قەيت قى- لىش ئارقىلىق تۈرك ئەدەبىياتىنى پەقەت تۈرك تىلى ئارقىلىقلا يۈك- سەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغان، شۇنداقلا يەنە تۈركىي شائىرلارنىڭ پارسگويلۇق خاھىشىنىڭ[2] شەكىل- لىنىش سەۋەبلىرى ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. بۇ ھەقتە مۇن- داق دېگەن:

«يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈر- كىي تىلدا نازۇك مەنىلىك سۆز ۋە ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ بولسى- مۇ، لېكىن بۇلارنى ئۆز لايىقىدا قوللىنىپ، جەزبىلىك جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىش قىيىن بىر ئىش. ئەدەبىيات مەيدانىغا يېڭى قەدەم قويغانلار ئەنە شۇ قىيىنچىلىقتىن قېچىپ، ئاسانراق تەرەپكە يۈزلى-

---

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 26 ـ، 27- بەتلەرگە قارالسۇن.

② پارسگويلۇق خاھىشى — پارس تىلىدا شېئىر يېزىشنى شەرەپ ھېسابلاش خاھىشىنىڭ.

نىپ كەتكەن ۋە بۇ ھال تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار بۇنى ئادەت قىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېچىپ، مۇشكۇلرەك بولغان يەنە بىر ئىشنى ئادەت قىلىشى تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالغان. ئەدەبىيات مەيدانىغا كېيىن قەدەم قويغانلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ پارسچە شېئىر يېزىش ئادىتىنى كۆرۈش بىلەن ئۇلاردىن باشقىچە يول تۇتۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ئۆگەنگۈچىلەردە ھامان شۇنداق بىر ئادەت بولىدۇ. ئۇلار ئۆز تالانتىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسىنى ئۆزگە مەھبۇب ھېسابلاپ، ئۇنى شۇ پەن ئەھلىنىڭ ئالدىدا جىلۋىلەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ پەن ئەھلى تۈركىي تىلدىن بەھرىمەن بولالمايدىغان پارسگۇيلاردۇر. شۇڭا، يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرمۇ تۈركىي تىلنى قوللانماي، شۇ پەن ئەھلى قوللىنىۋاتقان تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ-دە، پەيدىنپەي شۇ قاتارغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ بۈگۈنكى كۈندە بولۇۋاتقان ئەھۋال.

ھەممە سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا شۇنچە ئارتۇقلۇقى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى شۇ قەدەر نازۇك ۋە ئەۋرىشىم تەرەپلىرى نەزم قائىدىلىرى ئاساسىدا نامايان بولمىغانىدى، بەلكى مەخپىيەتخانىغا تاشلىنىپ ئۇنتۇلۇشقا يېقىنلاشقانىدى»[1]

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئەينى چاغدىكى پارسگۇيلۇق خاھىشىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى، بولۇپمۇ بۇ سەۋەبلەر ئىچىدە تۈركىي تىلدا يېزىلىپ، تۈركىي تىلنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئىسپاتلايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى

[1] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 27 ـ، 28ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

قىسقىچە يەكۈنلىگەن.
نەۋائى بۇ ئەسىرىدە يەنە پارسگۇيلۇق خاھىشىغا جەڭ ئېلان قىل-
غۇچى قەيسەر جەڭچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈركىي تىلغا
بولغان چوڭقۇر ئەقىدىسى، يۈكسەك مۇھەببىتىنى ئاجايىپ ھەيۋەت-
لىك، سەلتەنەتلىك، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ، تۈرك تىلى
ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقى، بۇ
مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئۆز خەلقىگە بېغىشلىغان زەۋقىدىن ھۇزۇرلىنى-
دىغانلىقى، ئۆز خەلقىگە يەتكۈزگەن پايدىسىدىن غۇرۇرلىنىدىغان-
لىقىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «ئەقىل يېشىمغا قەدەم قويغىنىم-
دىن كېيىن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا تەبىئىتىمگە بەخشەندە قىلغان
غارايىپچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۇلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى
بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم
تاپتىم.»[1] نەۋائى بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئانا تىل تەتقىقاتىغا
بولغان كۈچلۈك قىزىقىشىغا، ئىرادىسىگە ۋە ئىشەنچىسىگە باھا بەر-
گەن بولسا، «مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز
ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى،
مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇزىننەت
ئاسمىنىنى كۆردۈم، دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەك-
لىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل
گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەترا-
پىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمى-
گەنىدى»[2] دەپ يېزىپ، تۈركىي تىلنىڭ چەكسىز بايلىقى، مەنە مول-
لىقى، تەڭداشسىز زەرۇگۆھەرلەر خەزىنىسى، ئاجايىپ يۈكسەكلىك
ۋە بۈيۈكلۈك ماكانى ئىكەنلىكىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلى-
دىغانلىقىنى، ئەپسۇسكى، تا ھازىرغىچە ئەنە شۇنداق گۈزەل گۈلشەن-
لەر دۇنياسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ خۇش ھىدلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان،
شېرىن نېمەتلىرىدىن لەززەتلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىدىن ھەي-

[1] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 28- بەتكە قارالسۇن.
[2] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 29- بەتكە قارالسۇن.

رانلىقىنى ئىپادىلىسە، «ئەمما خەزىنىسىنىڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك،
گۈلشەنىنىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى. مەن 〈سەنئەت ئەھلىنىڭ دانا-
لىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىلەر-
دىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى
مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي
كېتىپتۇ〉 دەپ ئويلىدىم»[1] دەپ يېزىپ، «جاندىن كەچمىگۈچە جانان
ۋىسالىغا يەتكىلى بولمايدۇ» غانلىقى، پارسگۇي شائىرلارنىڭ تۈرك
تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇشەققىتىدىن قورقۇپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ
ئۆگىنىشتىن باش تارتىپ، ئاسان جان بېقىش كويىغا چۈشۈۋالغانلىقى
ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، پارسگۇيلۇق خاھىشىنىڭ ئەۋج ئېلىپ
كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

نەۋائى يەنە «مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقۇنچ ۋە بىپەرۋالىق-
تىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى،
مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ
ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى، خىيالىم قۇش بولۇپ، بۇ ئالەم ئاسمى-
نىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر
خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى. كۆڭ-
لۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇش
پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايدا ۋە غەنىي-
مەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر
ئەھلى ئۈچۈن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا چېچىلىشقا
باشلىدى»[2] دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان
يۈكسەك قىزغىنلىقى، كۈچلۈك ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنى ئىخى-
مۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئې-
رىشكەنلىكى، بۇ تىل ئارقىلىق گۈزەل ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەينى
دەۋر خەلقى ئۈچۈن ئاجايىپ شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلغانلىقىدىن
تولىمۇ خۇشاللىق، پەخىرلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قوي-

[1] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 29- بەتكە قارالسۇن.
[2] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 29- بەتكە قارالسۇن

غان. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلى، ئىجادىيەت ئىرادى-سى، ئىجادىيەت تۆھپىسىگە ھەم ئوبرازلىق، ھەم ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بەرگەن.

نەۋائى ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۆز دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىراسلار ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارغا ئومۇمىيۈز-لۈك، توغرا باھا بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ، رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قايىل قىلارلىق باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

«شۇ جۈملىدىن بىرى ‹غەرايىبۇس سىغەر› (بالىلىق غارايىپلى-رى) دىۋاندۇر، كىچىك يېشىمدا تۈزۈلگەن بۇ دىۋاندا غارايىپ مەنى-لەرگە غارايىپ تىل لىباسىنى كىيدۈرۈپ، خەلق كۆڭلىنى غارايى-بىستان ئەھلىنىڭ ئۆتى بىلەن كۆيدۈردۈم.

يەنە بىرى‹ نەۋادىرۇش شەباب› (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىۋا-نىدۇر. يىگىتلىكىمنىڭ دەسلىپىدە تەسۋىرىي قەلىمىم بىلەن نامايىش دىۋانى ۋە زىننەت بوستانىغا كىرگەن بۇ دىۋاندا نادىرلار تاماشىسى بىلەن يىگىتلىك مەملىكىتىگە غوۋغا سېلىپ، يىگىتلەر كۆڭلىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

يەنە بىرى ‹بەدايىئۇل ۋەسەت› (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىۋاندۇر. ئۆمرۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەسەۋۋۇر قەلىمىمنىڭ نەققاش-لىقى ۋە يۈكسەك ماھارىتى بىلەن بېزەلگەن بۇ دىۋاندا گۈزەللىك ۋاستىلىرى ئارقىلىق شەيدا كۆڭۈللەر ئىشىكىنى ئىشق تېشى بىلەن قېقىپ، ئۇ ئۆيلەرگە جىدەل ۋە ئاپەت ئوتلىرىنى ياقتىم.

يەنە بىرى‹ فەۋائىدۇل كىبەر› (قېرىلىق پايدىلىرى) دىۋاندۇر. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا غايىۋى قەلىمىم چىن رەسىمخانىسىنىڭ رەشى-كىنى ۋە جەننەتنىڭ ھەستىنى قوزغايدىغان ھالەتكە كىرگۈزگەن بۇ دىۋاندا چوڭلارغا پايدىلىق زىلال سۇ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرى ئەلەنگىسىگە ئۆگۈتلەر بۇلىقىدىن سۇ چاچتىم.

بۇ تۆت دىۋان ساداسىنى دۇنياغا ياڭرىتىش بىلەن بىللە 〈خەمسە〉 (بەش داستان) نى قولغا ئالدىم:

...

بۇ 〈خەمسە〉 ئىشىدىن پاراغەت تاپقىنىمدىن كېيىن پىكرىم سەيياھىنى ھۆكۈمدارلار تارىخى دەشتىگە چاپتۇردۇم، ۋەقەلەر قاراڭغۇلۇقىدىن〈زۇبدەتۇت تەۋارىخ〉 (تارىخچىلار جەۋھەرلىرى) نى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆلگەن نامىنى مۇشۇ ھايات سۈيى بىلەن تىرىلدۇردۇم.

قەلىمىم 〈نەسائىمۇل مۇھەببەت〉 (سۆيگۈ سەلكىنى) تەسۋىرىدىن پەيز ياغدۇرغاندا، ئالەم ئاللا ئەۋلىيالىرىنىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ پەيزى بىلەن تولدى.

〈لىسانۇتتەير〉 (قۇشلار تىلى) ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى قۇشلار تىلى ئىشارىتى بىلەن مەجاز قىلىپ كۆرسەتتىم.

〈نەسرۇل لەئالى〉 (ئۈنچىلەر چاچمىسى) خەزىنىسىنى تەرجىمە قىلىپ، 〈 نەزمۇل جەۋاھىر〉 (جەۋھەرلەر تىزمىسى) بىلەن نازۇك مەنىلەر لىباسىنى بېزىدىم. 〈مىزانۇل ئەۋزان〉 (ۋەزىنلەر مىزانى) دېڭىزىدا غەۋۋاس بولۇپ، شۇ ئۆلچەك بىلەن نەسىري تۇسىدىن[1] كەچۈرۈم سورىدىم. بۇلاردىن باشقا، بىرمۇنچە رىسالە ۋە مەكتۇپلارنى يازدىم. مۇنداق يازمىلارنى كونا ۋە يېڭى پارس تىلىنىڭ ماھىرلىرىمۇ كۆپلەپ يازغان. ئەگەر دانا سودىيە ئادالەت كۆزى بىلەن نەزەر سېلىپ، بۇرۇنقى پارس ۋە كېيىنكى تۈركىي يازمىلاردىكى گۈزەل سۆزئىبارە ۋە نازۇك مەنىلەردىن بەھرىمەن بولسا، ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەرقايسىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى بەلگىلىگەن چاغدا شۇنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئويلايمەنكى، سۆزلىرىمنىڭ مەرتىۋىسى ئەۋجىدىن تۆۋەن چۈشمەيدۇ. ئەسەرلىرىمنىڭ يۇلتۇزى ئەلا دەرىجىدىن ئۆزگىنى خالىمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇخالىپ ۋە دەۋاگەرلىرىم 〈نەۋائىنىڭ

---

① نەسىري تۇسى — 1201 — 1273- يىللار ياشىغان بۈيۈك ئالىم، شائىر. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئارۇز ۋەزنى توغرۇلۇقمۇ كىتاب يازغان.

تەبىئىتى تۈركىي تىلغا باب كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى كۆپتۈرۈۋاتىدۇ.
پارسچە بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چەتكە قېقىپ
ئىنكار قىلىۋاتىدۇ) دەپ قالمىسۇنكى، پارسچىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش
ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا ھېچكىم مەندىن ئارتۇق ئىش
قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىك تەرەپلىرىنى ھېچ-
كىم مېنىڭدىن ياخشىراق بىلگەن ئەمەس»[1]. نەۋائى يۇقىرىقى باياند-
ىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بالىلارغا، ياشلارغا، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا،
ياشانغانلارغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىنىڭ شۇ خىل ياشتىكى كىشىلەر-
نىڭ قىزىقىشى، تۇرمۇشى، ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلار-
نىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك
ئىش قىلغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخ، تەزكىرىگە ئائىت ئەسەرلە-
رىنىڭ مۇددىئا ۋە نەتىجىلىرى ھەققىدە، تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە
سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە
يەنە بىرمۇنچە رىسالە ۋە مەكتۇپلارنى يازغانلىقى ھەققىدە ئىنتايىن
ئىخچام ۋە ئومۇمىي خاراكتېرلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆز ئەسەر-
لىرىنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە بەدىئىي سۈپىتىگە تولۇق ئىشەنچ
بىلەن يۇكسەك باھا بەرگەن، شۇنداقلا ئۆزى بىلەن پىكىرداش بولمى-
غانلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى نامۇۋاپىق قاراشلىرىغا قارىتا ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ھەم تۈركىي تىل، ھەم پارس
تىلى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىسى ۋە ئەمەلىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى-
نىڭ دەۋرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بىر تەرەپتىن
ئۆزىنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر تەتقىقات ئىقتىدارى ۋە تولىمۇ يۇكسەك
بەدىئىي تالانتىغا باھا بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە قارىتا خاتا
قاراشتا بولغۇچىلارنىڭ نامۇۋاپىق پىكىرلىرىگە كەسكىن رەددىيە بەر-
گەن. نەۋائىنىڭ ئۆزى ۋە ئۆز ئەسەرلىرى ھەققىدىكى يۇكسەك باھاسى
شۆھرەتپەرەسلىكنى چىقىش قىلغان، ھەممىدە «ئاكاڭ قارىغاي بىرىن-
چى» دەيدىغان ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش خاھىشى بىلەن ئوتتۇرىغا

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 29-، 30-، 31-، 32-، 33- بەتلەرگە قارالسۇن

قويۇلغان بولماستىن، بەلكى ئۆزى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە قىممىتىنى ئۆز دەۋرى ۋە ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىلىك سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نادىر ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تارىخىي ماتېرىياللار ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، نەۋائى تىرىشچان، قەيسەر، كەمتەر، خۇش پېئىل، ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان شەخسىيەتسىز شائىر ئىكەن. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە زامانداش ئالىملار، سەنئەتكارلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن، ئۇلارغا چوڭقۇر ئىززەت - ئىكرام بەجا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا ئەينى چاغدا داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، تەتقىق قىلغان، ئۇلارغا ئەستايىدىل، سەممىمىي باھا بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق پائالىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ئوقۇشقا يارايدىغان پارسچە دىۋانلاردىن مېنىڭ قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىشىمدىن ئۆتمىگىنى ئاز بولسا كېرەك. خۇسۇسەن بۇ يەردە مۇنۇ دىۋانلارنى ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرى، ئىشقى دەرد ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ دىۋانى بولۇپ، ئاشىقلىقتىكى دەرد ئېيتىش، يالۋۇرۇش، كۆيۈك ئىزھار قىلىش ئۇسۇللىرى ئەنە شۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن ۋە قاراڭغۇ يەر يۈزىگە چېچىلغان بۇ نۇر شۇنىڭ ئىشقى مەشئىلىدىن چىققاندۇر. يەنە بىرى، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ سەر خىلى ۋە ئىپتىخارى خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ[1] نازۇك ۋە چوڭقۇر پىكىرلەر بىلەن تولغان دىۋانى بولۇپ، ئۇنىڭ مەيىن شامىلى قۇتلۇقلار روھىدىن بەلگە بېرىدۇ ۋە ئىسا پەيغەمبەر نەپەسىدىن ئەسەر يەتكۈزىدۇ. يەنە بىرى، مېنىڭ پىر ۋە ئۇستازىم، تەرىقەت ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى، جىمى ئەۋلىيالارنىڭ داھىيسى ۋە شەيخۇل ئىسلامى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ھەزرىتى مەۋلانا ئابدۇ-

① شىرازى — ئىراننىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى. 1389- يىلى ۋاپات بولغان.

رەھمان جامى (ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) جانابلىرىنىڭ كىشىنى روھلاندۇرغۇچى ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر غەزەل ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىيدەك، ھەربىر رىسالە پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدەك يۈكسەك، ئۇلاردىكى ھەربىر سۆز دۇردىنمۇ قىممەت، ئوتقاش ياقۇتتىنمۇ جۇلالىقتۇر. بۇ ئەسەرلەردە يۇقىرىدا ئېيتىلغان خۇسراۋ دېھلەۋىلەر بىلەن ھاپىز شىرازىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى قوبۇل قىلىنىپ ۋە بۇلار ئاپتورنىڭ ئىشقىي، تالانتى ۋە يېتىلگەن ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ بىر سەنئەت ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. مەن مۇشۇ زاتلارنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى كۆپ قېتىملاپ ئوقۇدۇم، تولىسىنى يادلىدىم، قەسىدە ۋە غەزەللىرىدىكى غارايىپ گۈزەللىكلەردىن خەۋەردار بولدۇم، بىرمۇنچىلىرىغا نەزىرىلەرمۇ يازدىم.

قەسىدىلەردىن ئەمىر خۇسراۋنىڭ «دەريايى ئەبرار» (ياخشىلار دەرياسى) قەسىدىسى ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، بۇ ئەسەر ھەققىدە ئاپتورنىڭ ئۆزى: «مېنىڭ يۈز مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزەلىيات دىۋانلىرىم بىلەن قەسىدە ۋە مەسنەۋى كىتابلىرىم يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، مۇشۇ قەسىدەم قالسىلا بولىدى. ئۇنىڭدا مەنىلەر تولۇق مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ پەن ئەھلىگە مېنىڭ ماھارىتىمدىن ۋە پەزىلىتىمدىن تولۇق گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ» دېگەنىكەن. بۇ قەسىدىنىڭ مەشھۇر باشلانما بېيىتى مۇنداق:

كۇسى شاھ خالىيۇ بانگى غۇلغۇلەش دەردى مەرەست،
ھەركى قانىئشۇد بەخۇشكۇ تەشەھى بەھرۇ بەرەست.①

بۇ شېئىرغا جاۋابەن ھەزرىتى جامى «لۇججەتۇل ئەسرا» (سىرلار دېڭىزى) نامىدا بىر قەسىدە يېزىپتۇ. ئۇنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق:

① پادىشاھنىڭ دۇمبىقىنىڭ ئىچى كاۋاك، ئۇنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى باش ئاغرىقى، ھەممىگە قانائەت قىلىدىغان ئادەم جاھاننىڭ پادىشاھى بولالايدۇ.

كۆنگۈرى ئەيۋانى شەھ گەز كاخى كايۋان بەر تەرەست،
رەخنە ھادان كەش بەدۋەرى ھىسارى دىن دەرەست①.

ھەقىقەتەن ئالدىنقىسى ياخشىلار دەرياسى بولسا، كېيىنكىسى باھار بۈلۈتى بولۇپ، خاھى مەرتىۋىدە بولسۇن ياكى تەسىرچانلىقتا بولسۇن، ئالدىنقىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇ ئالدىنقىسىنىڭ ئۇستىگە سايە، بېشىغا تاج بولالايدۇ. مەن بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىلتىجا ۋە تەلەپكارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر نەزرە يېزىپ، ئۇنى 〈تۆھفەتۇل ئەفكار〉(مەجرۇھ سوۋغىسى) دەپ ئاتىدىم. ئۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

ئاتەشىن لەئلى كى تاجى خۇسرەۋانرا زىۋە رەست،
ئەخگەرى بەھرى خەيالى خام پۇختەن دەرسەرەست②.

مەن ئۇلارغا قوشۇمچە قىلغان نۇرغۇن مەنىدار سۆزلەر ۋە مەزمۇنۋار ئىشارەتلەر بۇ پەن ئەھلىنىڭ ماھىرلىرى تەرىپىدىن مۇئەيىيەنلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغانلار ھەزرىتى جامىنىڭ 〈باھارىستان〉 ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ كۆرسە بولىدۇ. 〈ھايات باھارىستانى〉 ياكى 〈نىجاتلىق نىگارىستانى〉 دەپ ئاتىسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغان بۇ كىتابتا مېنىڭ يۇقىرىدىكى باشلانما بېيتىم پاكىت تەرىقىسىدە كۆرسىتىلىپ، مېنىڭ قەسىدەمگە 〈بۇ دۆلەت نىزامى ئاسمان گۈمبىزىگە ئېسىلسا ئورنى بار، بۇ دۆلەت گېرىبى مۇشتەرى يۇلتۇزىنىڭ بويىنىغا بېزەك قىلىنسا مۇناسىپ ۋە ئېپتىخار〉 دېگەن باھا بېرىلگەن.»③
يۇقىرىقى بايانلاردىن نەۋائىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە

---

① پادىشاھنىڭ ساتۇرىن قەسرىدىمۇ ئېگىز سارىيىنىڭ كۈنگۈرىلىرىنى دىن سېپىلىغا ئېچىلغان تۆشۈك ۋە يوچۇقلار دەپ بىل.
② پادىشاھ تاجىنى بېزەپ تۇرغان قىزىل ياقۇتلار ئۇلار كاللىسىدىكى خام خىياللارنى پىشۇرىدىغان چوغ.
③ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 33-، 34-، 35-، 36- بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۆزى بىلەن زامانداش بولغان تالانتلىق شائىرلارنىڭ مەشھۇر ئەسەر-
لىرىنى كۆپ قېتىملاپ ئوقۇپ، ھەتتا يادلاپ، سىلىشتۇرۇپ تەتقىق
قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قەسىدە، غەزەللىرىگە نەزىرىلەر
يازغانلىقىنى، بولۇپمۇ خۇسراۋ دېھلىۋى، خوجا ھاپىز شىرازى،
ئابدۇرەھمان جامىلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى تالانتى، شۆھرىتى، پەزىلى-
تىگە يۇكسەك باھا بېرىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئەسەر-
لىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تېگىشلىك باھالارنى ئوتتۇرىغا قويغان-
لىقىنى كۆرەلەيمىز.

نەۋائى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى بارلىق
مۇتەپەككۇرلار، شائىرلار ۋە ئەدەبىياتشۇناسلار ئورتاق ئېتىراپ قىل-
غان ۋە يۇكسەك ھۆرمەت قىلىدىغان يېتۈك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى
ۋە ئاق كۆڭۈل ئەدەبىي تەنقىدچى ئىدى. ئۇ زامانداشلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىنى كۆرۈپ، ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ، ئادىل باھا بېرەتتى.
نۇقسانلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆرسىتىپ ئۇلارنى قايىل قىلات-
تى. ئۆزىمۇ يازغان ئەسەرلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ تەنقىدىي پىكىر
بېرىشىگە سۇناتتى ۋە باشقىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمىي
قوبۇل قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پارسچە يازغان شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن
دىۋانى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«بۇ دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ كۆپچىلىكى خوجا ھاپىزغا، بەزىسى
غەزەل شەكلىنىڭ ئىختىراچىسى بولغان ھەزرىتى شەيخ مۇسلىھۇددىن
سەئدىگە[①]، بەزىسى ئىشق ئوتخانىسىنىڭ ئەلەنگە قوزغىغۇچىسى ۋە
دەرد كۆلبىسىنىڭ ياش ئاققۇزغۇچىسى بولغان مىر خۇسراۋغا، بەزى-
سى كامالەت ئەۋجىنىڭ نۇرلۇق قۇياشى بولغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان
ئەزىزلەرنىڭ ھەممە پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ھەزرىتى
جامىغا نەزىرە قىلىنغان. ئۆزىدىكى جەزىبىلىك سەنئەت ۋە دىلكەش
مەزمۇن ئارقىلىق دەۋر ئەھلىنى مەپتۇن قىلغان بۇ دىۋاننى تەپسىلىي
تەرىپلەپ ئولتۇرۇش ئۆزۈم ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەس. ئۇنىڭغا يەنە

① شەيخ مۇسلىھۇددىن سەئدى— 1193 — 1292- يىللاردا ياشىغان ئىراننىڭ مەشھۇر شائىرى.

ھەرخىل نەزم تۈرلىرىدىن ئۆلگە سۈپىتىدە قىتئەلەر، رۇبائىيلار، مەسنەۋىلەر، تارىخىي تېپىشماقلار، جۈملىدىن بەش يۈزگە يېقىن مۇئەممالار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تولىسى ھەزرىتى جامىنىڭ تۈزىتىش ۋە ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز قەلىمىم بىلەن دەۋر سەھىپىسىگە يېزىلغاندۇر.»①

نەۋائىي يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئۆزىنىڭ پارس تىلىدا يازغان «دىۋان فانىي» نىڭ ئۇسلۇبى، ھەجمى، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىنىڭ خاراكتېرى، تۈرلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر قالدۇرغاندىن باشقا، يەنە بۇ دىۋاننىڭ باشتىن - ئاخىر ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ تۈزىتىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ھەققىدە تەكلىپ، تەنقىدلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان كەمتەر، سەمىمىي ئەدىب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نەۋائىي ئىجادىيەت، ماھارەتتە كامالەتكە يېتىشتە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشنى بىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ماھارىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، شۇنداقلا باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق ھېسابلايدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرلىرىنى تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

«بۇلاردىن باشقا، يىگىتلىك دەۋرلىرىدە ماھارەتلىك پارسگوي شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن 500مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى يادلاپ، ئۇلاردىكى زوق ۋە خۇشاللىقلار بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغان، مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئۇلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن. مەن پارس تىلىنىڭ ئەيىب ۋە سەنئىتىنى مۇلاھىزە قىلىش بابىدا زادى بوشاشمىغان بۇ ۋادىدا قەلىمىم چەۋەندازىنىڭ ئات سالمىغان يېرى قالمىغان. ئاز كەم 40 يىلدىن بېرى

---

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» 41- بەتكە قارالسۇن.

خوراسان مەملىكىتى ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ بۈيۈك ماكانى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ مەملىكەتنىڭ مۆتىۋەر ئەدىبلىرى ھەرقانداق نەرسە يازسا مىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشۈمگە سۇنۇپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈشۈمنى ئىلتىماس قىلىشىپ كەلدى. خاتىرەمگە كەلگەن نوقتىلارنى كۆرسەتسەم رازىمەنلىك بىلەن قايىل بولۇشتى. بەزىلىرى پىكىرلىرىمگە كۆنمىسە، ئۇنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرسەم، قانائەت ھاسىل قىلىشىپ خۇشال بولۇشتى.

...

ھەزرىتى جامى كىتاب، رىسالە، غەزەل، قەسىدىلەر يېزىپ مەنە گۆھەرلىرىنى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈپ، كۆڭۈل خىلۋەتخانىسىدىن جامائەت تاماشاگاھىغا جىلۋە بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى ئالدى بىلەن ئىلتىپات ۋە ئىشەنچ يۈزىسىدىن ماڭا بېرەتتى ۋە 〈بۇ ۋاراقلارنى ئال، باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىق، خاتىرەڭگە قانداق پىكىر كەلسە ئېيت〉 دەيتتى ۋە بەرگەن پىكىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلاتتى.»①

يۇقىرىقى بايانلار نەۋائىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەم قىلىدىغان، ئەسەرلىرىدىكى نۇقسانلارغا ئەستايىدىل تەنقىد ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي قايىل قىلىدىغان، قىسقىسى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئەدەبىي تەنقىدچى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» نىڭ ئاخىرىدا ئەينى دەۋردە مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئىقتىدارلىق سىياسىئون، تالانتلىق شائىر ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەسەرلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش ۋە خۇلاسىلەش ئېلىپ بار-

---

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 41-، 42-، 43- بەتلەرگە قارالسۇن.

غان. بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلغان:
«يۈكسەكلىك ئالىمىنىڭ كۆكتىن ئاشقان چوققىسى، ئادالەت ئاسمىنىنىڭ گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتى، ئىلىم - مەرىپەت كۆزىنىڭ قارىچۇقى، ئەدەبىيات - سەنئەت بېغىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى سۇلتان ئوغلى سۇلتان، خاقان ئوغلى خاقان، سەلتەنەتنى، دۇنيانى ۋە دىننى ئەزىزلىگۈچى، جەھانگىرلار ئاتىسى سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخان جا-ھان شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى...
بۇ شاھ يۇرتنى ئەمىنىيەت گۆھەرلىرى بىلەن بېزىدى، مەملى-كەتكە بىرلىك ئۇرۇقلىرىنى ئەكتى. مەنە گۆھەرلىرىنىڭ كانى بول-غان بېجىرىم قەلبى ۋە خۇدا بەرىكەتلىرىنىڭ ئورنى بولغان توغرا زېھنى بىلەن ئىلىم ئەھلىگە ئاسايىشلىق ۋە شاد - خۇراملىق، ئىلىم ساھەسىگە روناقلىق ۋە تەرەققىياتلار بەخش ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بەھرىلىك ئەسەرلەر، مەزمۇنلۇق رىساللەر بارلىققا كەلدى. ئاجايىپ دىۋان، غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. شاھ ئۆزى گەرچە پارس تىلى بىلەن تۈركىي تىلنىڭ ئىككىلىسىدە سۆزلەش، يېزىشقا قادىر ھەم ماھىر بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىي تەبىئىتىنىڭ تەلىپى ۋە چۈشىنىشلىك تىلدا ئىپادىلەش ئىستىكى بىلەن تۈركىي دىۋان تۈزۈشكە ئىختىيار قىلىپ، ئۇنى شۇنداق يېقىملىق بېيىت ۋە تەڭداشسىز غەزەللەر بىلەن تولدۇردىكى، پەلەك دىۋانخانىسىنىڭ قەلەمكىشى، ئاسمان ئىنتىزامخانىسىنىڭ رە-قەمچىسى بولغان ئەتارۇد (مېركۇرىي) يۇلتۇزىمۇ ئۇنداق نازۇك گۈل ۋە رەيھانلار بىلەن ياسانغان گۈلشەننى ۋە ئانداق بىباھا مەنە گۆھەرلە-رى بىلەن بېزەلگەن خەزىنىنى كۆرگەن ئەمەس. ئۇنىڭدا نازۇك مەنە نازىنىنلىرى راۋان سۆز لىباسلىرىدا جىلۋىلىنىدۇ. ئاجايىپ ئۇقۇم رەنالىرى لەتىپ ئىپادە تونلىرىدا كىشىنى شەيدا قىلىدۇ. ئۇ دىۋان ئەمەس، بەلكى دېڭىزدۇر. ئۇنىڭدىكى ھەربىر غەزەل جەۋھەر بىلەن تولغان بىر كېمە، ياق، كېمە ئەمەس، بەلكى خەزىنىدۇر. ئۇنىڭ ھەر يەتتە بېيىتى گۆھەرلەر يوشۇرۇنغان يىز كانغا تەڭدۇر. ئۇنىڭ ئوتلۇق بېيىتلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ نەپسى خۇددى ئاپەتلىك ئىسسىق

شاھ الدەك ئەل كۆڭلىنى ئۆرتەيدۇ. ئۇنىڭ مۇڭلۇق سۆزلىرىنى تەلەپپور قىلغانلارنىڭ ئۈنى (ئاۋازى) دەردمەنلەرنىڭ باغرىنى تىلغايدۇ. ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى شاد دىللارنى ماتەمدار قىلىدۇ، بەزى سۆزلىرى مۇزدەك سوۋۇغان كۆڭۈللەرگە ئوت سالىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق كارامەتلەر ۋە شۇنداق ھېكمەتلەر سىڭدۈرۈلگەنكى، تۈركىي تىلدا مۇنداق بىر دىۋان كۆرۈلگەن ئەمەس. يالغۇز كاتتا ھۆكۈمدارلارلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ھوسۇلدار شائىرلارمۇ بۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان يۈكسەك بىر ئەسەرنى ياراتقان ئەمەس. بۇنى ئۇ شاھ ياراتتى ۋە ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئەسەرنىڭ زىلال سۇلىرى بەھرىدارلىقتا قۇياش بۇلىقىنى بېسىپ چۈشتى دېسىمۇ بولىدۇ. بىلىمسىزلەر بۇ بىلىم بۇلىقىدىن بەھرىمەن بولدى، تەشنالار بۇ ھاياتبەخش سۇنى ئىچىپ قاندى.

بۇ سۇلتانلار سۇلتانىنىڭ كارامەتلىك دىلى ۋە ئاپتاپ سۈپەت كۆڭلىنىڭ شۇنىڭغىمۇ مايىل ئىكەنلىكى روشەنكى، تۈرك شائىرلىرى ئۆز تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل غۇنچىلىرىمۇ باھار شامىلىدەك نەپەس بىلەن ئېچىلسۇن. مۇشۇنداق ئىستەك، مۇشۇنداق غەمخورلۇق يۈزىسىدىن بىر قىسىم تېمىلار بويىچە شېئىرلار يېزىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇقلارمۇ چىقىرىلدى ھەم ئۇلارنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا دائىر بەلگىلىمىلەر ۋە قانداق ئىپادىلىنىش توغرىسىدا تەلىملەرمۇ ئىزھار قىلىندى. لېكىن، تۈرك خەلقىنىڭ تالانتلىق بەگلىرى، بەگزادىلىرى ۋە ساپ تەبىئەتلىك دانىشمەنلىرى، مەردلىرى بۇ ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىمىدى. نەتىجىدە كۈتۈلگەن گۈزەل ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمىدى. ئۇلارغا باغلانغان ئۈمىدلەرمۇ يەردە قالدى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار شۇنداق سەنئەتپەرۋەر شاھىنىڭ شۇ قاتارلىق تەرغىبلىرى، تەلىملىرى، ياخشىلىقلىرى ۋە ئارزۇلاشلىرىغا ۋاپا قىلىشنى ئۇنتۇغان ھالدا پەرمانسىزلىق بىلەن ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ، كۆپچىلىكى، بەلكى ھەممىسى دېگۈدەك پارس تىلىغا مايىل ۋە شۇ تىل بىلەن يېزىشقا قايىل بولۇشتى.»[1]

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 48-، 49-، 50-، 51- بەتلەرگە قارالسۇن.

بىز نەۋائىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى يۇقىرىقى چوڭقۇر مەنىلىك مۇلاھىزىلىرى ۋە ئومۇمىيۇزلۇك باھاسىدىن ئىككى چوڭ مەسىلە ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

بىرىنچىدىن، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ سالاھىيىتى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1. ھۈسەيىن بايقارا 1469- يىلى خوراسان ئېلىنىڭ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق سىياسىئونلۇقىنى نامايان قىلىپ، مەرىپەتنى قەدىرلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپىغا نەۋائىغا ئوخشاش بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنى توپلاپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ئەمىنلىككە ئىگە قىلىش جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن شاھ.

2. ھۈسەيىن بايقارا تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش، تۈركىي تىلدا ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتە مەخسۇس پەرمانلارنى، بەلگىلىمە - نىزاملارنى چىقىرىشتەك ئەمەلىي ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان شاھ.

3. ھۈسەيىن بايقارا ئۆزى تۈرك تىلىدا مەخسۇس بىر دىۋان تۈزۈپ، تۈركىي تىلدا يازغان بېيىت، غەزەللىرىنى كىرگۈزگەن. بۇ دىۋاندىكى بېيىت، غەزەللەرنىڭ مەزمۇنى مول، رەڭدار بولۇپلا قالماي، ئىدىيىۋى قىممىتىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە ئۆز زامانىسىدا تەڭداشسىز كامالەتكە يېتىپ، تۈركىي خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا زور رول ئويناپلا قالماي، بەلكى پارسگويلۇق ئەۋجىگە چىققان ئەينى شارائىتتا تۈركىي تىل بىلەن ئەنە شۇنداق گۈزەل، نادىر ئەسەر يېزىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى يارىتىش بىلەن پارسگويلۇق خاھىشىغا رەددىيە بەرگەن.

ئىككىنچىدىن، تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر چۈ-

شەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

بىرى، ھۆسەيىن بايقارا شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە نەۋائى، ھۆسەيىن بايقاراغا ئوخشاش تۈركىگۈي شائىرلار بىر تەرەپتىن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ جەھەتتە مەخسۇس خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، تۈركىيگۈي شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىل بىلەن ئاجايىپ گۈزەل، نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشتا باشلامچىلىق رولىنى ئويناپ، تۈركىي تىل ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات گۈللىنىش باسقۇچىنى شەكىللەندۈرگەن.

يەنە بىرى، گەرچە نەۋائى ۋە ھۆسەيىن بايقاراغا ئوخشاش تۈركىيگۈي شائىرلار جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرۇپ، تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ جان پىدارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدىكى بىر قىسىم نادان، غۇرۇرسىز بەگلەر، زىيالىيلار، شائىرلار ئۇلارنىڭ تەشەببۇس - پەرمانلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنمەي، تۈركىي تىل ئۆگىنىشنىڭ جاپاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يەنىلا پارسگۈيلۇققا مەستانە بولۇپ كېتىشى سەۋەبلىك تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى نەۋائى ۋە ھۆسەيىن بايقارالارنىڭ كۈتكەن ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ھەزرىتى مەۋلانا ئۇستاز نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق سەلتەنەتلىك ئەسىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا: «ئويلانمەنكى، مەن تۈركىي خەلقنىڭ خوش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز تىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدى ۋە پارسگۈيلارنىڭ تىل جەھەتتىكى تاپا - تەنىلىرىدىن قۇتۇلدى» دەپ يازغىنىدەك، ئۆز دەۋرى خەلقى ۋە كېيىنكىلەرگە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ دۇنيادىكى تىللار ئىچىدە ئەڭ باي، ئەڭ رەڭدار، ئەڭ پاساھەتلىك ۋە جەزبىدار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ گۈزەل تىل ئىكەنلىكىدەك بىر ھەقىقەتنى، تۈركىي تىلدىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەلەمشۇمۇل بالاغىتى ۋە تەڭداشسىز

گۈزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە ۋە باھالاش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەردى.

بىز يۇقىرىدا بۇ ئەسەرنى نەۋائىينىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تۆھپىسىنى ئىسپاتلاش نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلدۇق. پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ئەسەر يالغۇز سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگىمۇ ئائىت مەخسۇس ئەسەردۇر. شۇڭا، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىباھا گۆھەر ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## 4. ئەلىشىر نەۋائى ئىگىلىگەن تەڭداشسىز چوققا «تەرىسى سەنئىتى»[1] توغرىسىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

ئەلىشىر نەۋائى«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق بۈيۈك ئەسە-رىدە مەزمۇن جەھەتتىن قەسىدە تۈرىگە مەنسۇپ بولغان، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن «تەرىسى سەنئىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل شې-ئىرىي ژانىرنى تونۇشتۇرغان ھەمدە بۇخىل ژانىرنىڭ ئەڭ ئۈلچەملىك ۋە يۇقىرى پاساھەتلىك ئۈلگىسىنى ئۆز ماھارىتىدە نامايان قىلغان. مۇتەپەككۇر شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«قەسىدىچىلىك مەيدانىنىڭ چەۋەندازى، ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭ-داشسىز شائىرى بۈيۈك ئۇستاز خوجە كەلىمۇددىن سەلمان[2]مەشھۇر ‹مەسنۇئ› قەسىدىسىگە قەلەم سۈرۈپ، ئۇنى 18 يىلدا تاماملاپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇكى، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر پىكىر ۋە يۈكسەك سەنئەتتىن پۈتۈن نەزم ئەھلى ھەيران ھەس بوپتۇ.

---

① شېئىر مىسرالىرىنى سۆزمۇ سۆز قاپىيىلەش سەنئىتى.
② XI ئەسىردە ئۆتكەن ئىراننىڭ مەشھۇر شائىرى.

تەرىسى سەنئىتى باشلانما بېيىتىن ئۆزگە بېيىتلاردا بولالمايدۇ. بۇ قەسىدىدىكى باشلانما بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى قائىدىگە مۇۋاپىق چىققان بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى مىسراسىدىكى بىر سۆزدە خىلاپلىق قىلىنغان. بۇ باشلانما بېيىت مۇنداق:

سەفايى سەفۋەتى رۇيەت بەرىخت ئابى باھار،
ھەۋايى جەننەتى كۇيەت بەبىخت مۇشكى تەتار.[1]

بۇ باشلانما بېيىتقا نەزىرە يازغان نۇرغۇن ماھىر شائىرلار ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەي لەت بوپتۇ. پېقىر يازغان باشلانما بېيىت مۇنداق:

چۇنان ۋەزىد بەبوستان نەسىمى فەسلى باھار،
كەزان رەسىد بەياران شەمىمى ۋەسلى نىگار.[2]

دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلغان كىشى بۇ باشلانما بېيىتنىڭ تەرىسى سەنئىتى جەھەتتە ئەيىبسىز ئىكەنلىكىنى، مۇۋاپىقلىشىش جەھەتتە ئېتىرازدىن خالىي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.»[3]

نەۋائى تونۇشتۇرغان تەرىسى سەنئىتىدە پۈتۈن بىر پارچە شېئىر پەقەت ئىككى مىسرا(بىر بېيىت) دىن ئاشمايدۇ. چۈنكى، بۇخىل شېئىر شەكلىدە ئىككىنچى مىسرادىكى 1-، 2-، 3-، 4-··· سۆزلەر بىرىنچى مىسرادىكى 1-، 2-، 3-، 4-··· سۆزلەر بىلەن پاراللېل ھالەتتە (ئوخشاش رەت تەرتىپ بويىچە) سۆزمۇسۆز قاپىيىلىنىش مۇھىم قائىدە قىلىنغاندىن سىرت، مەزمۇن مۇكەممەللىكى ۋە گۈزەللىكىگە قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ. شۇڭا، بۇخىل شېئىر شەكلى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان، قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان تىل سەنئىتى بولغاچقا، ئەينى زامانلاردا نۇرغۇن

① سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ساپلىقى باھاردىكى سۈزۈك سۇنىڭ ئۆزى، سېنىڭ جەننەتتەك كوچاڭنىڭ ھاۋاسى خۇددى تاتار مۇشكى سۈرۈلگەندەك خۇشبۇي.

② باھار پەسلىنىڭ مەيىن شامىلى گۈلزارلىقتا ئەسكەندە، ئۇ كەلتۈرگەن خۇش پۇراقلار دوستلارنى ئۆز نىگارى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۈندەيدۇ.

③ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 39-، 40-بەتلەرگە قارالسۇن.

تالانتلىق شائىرلارمۇ بۇخىل شەكىلدە نەزم يېزىشقا جۈرئەت قىلالمى-
غان. نەۋائىي زامانىسىغىچە پەقەت ئىراننىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن تەڭ-
داشسىز شائىرى، بۈيۈك ئۇستاز ئاتالغان خوجە كەلىمۇددىن سەلمان
نەۋائىي نەقىل كەلتۈرگەن بۇ بېيىتنى 18 يىلدا تاماملىغان. بۇ بېيىت
بارلىققا كەلگەندىن كېيىن پۈتكۈل نەزم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ،
ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان. نۇرغۇن تالانتلىق شائىرلار
سەلماننىڭ ئاشۇ بېيىتىغا نەزىرە يېزىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەي مەغلۇپ بولغان. پۈتۈن نەزم ئەھلىنى
ھەيرەتتە قالدۇرغان، 18 يىلدا تاماملىغان دەل ئاشۇ بېيىتنى نەۋائىي
تەرسى سەنئىتىنىڭ ئۆلچەملىرى بويىچە مۇلاھىزە قىلىپ، شائىرنىڭ
شىجائىتىگە، بۇ بېيىتنىڭ پاساھىتىگە يۇكسەك باھا بېرىپلا قالماي،
بەلكى بۇ بېيىتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مىسرالىرىدىكى 5- سۆزلە-
رىنىڭ قاپىيىلىشىش ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تەنقىد قىل-
غان. نەۋائىي خوجە كەلىمۇددىن سەلماننىڭ تەرسى سەنئىتى بىلەن
يازغان بىر بېيىتىغا مۇۋاپىق باھا بېرىپلا قالماي، ئۆزىمۇ تەرسى
سەنئىتى بىلەن بىر بېيىت يازغان. نەۋائىنىڭ يازغان بېيىتى بۇخىل
شېئىر شەكلىنىڭ ئۆلچەملىرىگە تولۇق ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، بەلكى
مەزمۇن جەھەتتە تەڭداشسىز پاساھەتكە ئىگە قىلىنغان. شۇڭا، نەۋائىي
تەرسى سەنئىتى بىلەن ئۆزى يازغان بىر بېيىتنىڭ بۇ جەھەتتە نۇق-
سانسىز بىر ئۈلگە ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆز
نۆۋىتىدە تېگىشلىك باھا بەرگەن.

نەۋائىي يەنە تەرسى سەنئىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ
راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە بۇخىل يۇكسەك تىل سەنئىتى ئارقىلىق
بىر رۇبائىيمۇ يازغان. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«مەن بۇخىل شېئىرنى تەكىتلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن
بۇ رۇبائىينى يازدىمكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد[1] ‹ رۇبائىي قائىدىسى
بەرپا قىلىنغاندىن بۇيان تەرسى سەنئىتى بىلەن رۇبائىي يېزىلغانلىقى

---

[1] VIII ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب ئالىمى، ئارۇز ۋەزىن قائىدىلىرىنى رەتلەپ چىققۇچى.

ئىشتىلگەن ( ئاڭلانغان — نەقىلچىدىن ) ئەمەس) » دېگەن. بۇ رۇبا-
ئىي مۇنداق:

ئى رۇيى تۇ كەۋكەب جەھان ئەرايى،
ۋى بۇيى تۇ ئەشھەب رەۋان ئەسايى.
بى مۇيى تۇيارەب چۇنان فەر سايى،
گى سۇيى تۇچۇن شەب فىغان ئەفزايى. »①

نەۋائى ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانتى ئارقىلىق تەرىسى سەن-
ئىتى بىلەن بېيىت يېزىشنىڭ تەڭداشسىز چوققىسىغا چىقىپلا قال-
ماي، بەلكى تەرىسى سەنئىتى بىلەن رۇبائىي يېزىشنى ئىجاد قىلغان.
نەۋائى ئۆزىنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىجادىيىتىگە خە-
لىل ئىبنى مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق يۇقى-
رى باھا بېرىپ، ئۆزى ئاشۇ رۇبائىيسىنى يېزىشتىن بۇرۇن ھېچكىمە-
نىڭ تەرىسى سەنئىتى بىلەن رۇبائىي يېزىپ باقمىغانلىقىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نەۋائى ئۆز زامانىسى-
نىڭ تەڭداشسىز تالانتلىق، ئىجادكار شائىرى، نەزم ئەھلىنىڭ سۇل-
تانى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا، ئەينى زاماندا نەۋائى بىلەن مەيلى
پارس ياكى ئەرەب شائىرلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى تەڭلىشەلمى-
گەن. شېئىرىي تالانت ۋە پاساھەتتە، تىل جەھەتتىكى گۈزەللىك ۋە
ئىجادكارلىقتا تا ھازىرغىچە نەۋائىغا تەقلىد قىلىشقا جۈرئەت قىلغۇ-
دەك شائىرلارنىڭ مەيدانغا چىققىنى يوق. شۇڭا، ئەينى زاماندا نەۋائى
تەرىسى سەنئىتى بويىچە بىر رۇبائىي يازغان بولسا، ھازىرغىچە بۇ
رۇبائىي ئىككىگە كۆپەيگىنى يوق. بۇ جەھەتتە نەۋائىينى دۇنيا شېئى-
رىيەت تارىخىدا تەرىسى سەنئىتى بويىچە ئالاھىدە رېكورت يارانقان
شائىر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ رېكورت ھازىرغىچە نەۋائى ھەزرەتلىرىگە

① ئەي يۈلتۇز چېھىرلىك، سەن دۇنيا زىننىتى، ئەي ئەنبەر بۇيلۇق، سەن روھ مىسالى.
چېچىڭ كۆرۈنمىسە، زۇلۇم ئەزىبىرايى. كېچىدەك چېچىڭ پىغانىنىڭ كانى.
② «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 40- بەتكە قارالسۇن.

مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى يېڭىلىگۇدەك، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغۇدەك شائىر چىقمىدى.

بىز ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، تەرىسى سەنئىتى بىلەن نەۋائى يازغان شېئىرلارغا «لىققاپىيە» ياكى «شاھقاپىيە» دەپ ئۇيغۇرچە نام قويۇپ، بۇخىل شېئىر شەكلىنى ئۇيغۇر شېئىر شەكىللىرىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇشىمىز لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نەۋائى شېئىرىي ئىجادىيەت ۋە شېئىرىيەت تەنقىداتىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەنگەن ۋە تۆھپە ياراتقان مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناستۇر. بۇ يەردە شۇ نۇقتا دىققەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەككى، ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسى. چۈنكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ھامان ئاشۇ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلار ئاساسىدا تەكشۈرىدۇ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدۇ ياكى ئەسەرلەرگە كونكرېت باھا بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئەدەبىي تەنقىدتىن، ئەدەبىي تەنقىدنى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پىشقان ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى يەنە نۆۋىتىدە ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر، شۇنداقلا پىشقان ئەدەبىي تەنقىدچى ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەۋائى ھەر ئىككى جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى يۈكسەك جارى قىلدۇرغان پىشقان ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ۋە تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر.

## 5. «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرى

بۈيۈك ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائى ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسەردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر 1490 — 1491- يىللىرى يېزىلغان

بولۇپ، جەمئىي سەككىز مەجلىس (سەككىز باب) تىن تەركىب تاپ-
قان. بىرىنچى مەجلىستە 46 نەپەر، ئىككىنچى مەجلىستە 92 نەپەر،
ئۈچىنچى مەجلىستە 172 نەپەر، تۆتىنچى مەجلىستە 73 نەپەر، بە-
شىنچى مەجلىستە 21 نەپەر، ئالتىنچى مەجلىستە 31 نەپەر، يەتتىنچى
مەجلىستە 22 نەپەر، سەككىزىنچى مەجلىستە بىر نەپەر، پۈتۈن
كىتابتا جەمئىي 458 نەپەر شائىر ۋە سەنئەتكار تونۇشتۇرۇلغان ۋە
ئۇلارنىڭ ئىدىيە، خاراكتېرى، بەدىئىي تالانتىغا ئۆز لايىقىدا باھا
بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەۋائى زامانىسىدا ياشىغان ۋە
ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ۋە سەنئەتكارلاردۇر.

«مەجالىسۇن نەفائىس» نەۋائىنىڭ مىراسلىرى ئىچىدىكى يىرىك
ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت ئەدەبىياتشۇناس-
لىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى تارىخىدا مەيدانغا كەل-
گەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ئائىت يەنە بىر مۇھىم نامايەندە ھېسابلى-
نىدۇ. نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىدە ياشىغان شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ
ئەسەرلىرىگە مەسئۇلىيەتچان بىر ئەدىب ۋە ئەدەبىي تەنقىدچى سۈپىتى-
دە تۇرۇپ ئەمەلىي ۋە توغرا باھا بەرگەن. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزى باھا
بەرگەن شائىرلارنىڭ مەيلى قايسى مەزھەپ، قايسى تەبىقە ئادىمى
بولۇشىدىن، ئۆزى بىلەن پىكىرداش ياكى چىقىشالمايدىغانلار بولۇشى-
دىن، تۆھپىسى زور ياكى ئادەتتىكىچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ
(مۇبالىغە قىلىۋەتمەي ياكى چۈكتۈرۈۋەتمەي) ئەجىر - تۆھپىسىگە
لايىق ئادىل باھا بەرگەن.

نەۋائىشۇناسلىقنىڭ زامانىمىزدىكى تەتقىقات خاراكتېرىدىن قارى-
غاندا، «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسەرنى ھەرخىل قاراشتىكى
ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ھەرخىل نۇقتىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.
ئالايلى، مۇھەممەدتۇردى مىرزا ئەھمەد «〈مەجالىسۇن نەفائىس〉
ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە گەرچە ئەسەرنىڭ
ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق گەۋدى-
لەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېرىنى يەنىلا تەزكىرىچىلىككە

ئائىت ئەسەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئۇ ئۆز ماقالىسىدە: «‹مەجالىسۇن نەفائىس› » بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) مىراسلىرى ئىچىدىكى تەزكىرىچىلىككە ئائىت مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرى. بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى، بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە بېغىشلانغان»[1] دەپ يېزىپ، «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ژانىر تەۋەلىكىنى تارىخ - تەزكىرە ئەسىرى دېمەكچى بولغان.

ئوسمان ھەسەن «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ‹مەجالىسۇن نەفائىس› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە: ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي، بەدىئىي پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپلا قالماي، «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ يېزىلىش سەۋەبى، ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى، كىتاب قوليازمىسىنىڭ كۆچۈرۈلۈپ ساقلىنىشى، ئەسەرنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە تىل تۇرى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. ماقالىدە ئەسەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«نەۋائىنىڭ بۇ ئەسىرىدە 458 نەپەر مۇسەننىف (ئاپتور) نىڭ ئىسىم - شەرىپى، يۇرتى، ئەدەبىي تەخەللۇسى، ماھارەت ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ نەسەبى، قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى، شۇ دەۋردە تۇتقان ئورنى، ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى، قەيەردە نېمە سەۋەب بىلەن ۋاپات بولغانلىقى، قەبرىگە دەپنە قىلىنغانلىقىغىچە بولغان جەريانلار ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.»[2]

يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق مۇئەللىپ «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ تەرجىمىھال ياكى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆپرەك تەكىتلىگەن. ئۇ، ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «مەجا-

---

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 273- بەتكە قارالسۇن.

② «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 438- بەت.

لىسۇن نەفائىس» تا پەقەت يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالىلا تونۇشتۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نەمۇ-نىلەر (ئاز دېگەندە ئىككى مىسرادىن بىرقانچە ئون مىسراغىچە) بېرىلگەن ۋە ھەربىر سەنئەتكارغا ئاپتور (نەۋائى) نىڭ باھاسى بېرىل-گەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەرنى ئاپتور بىئوگرافىك («ئاپ-تورلارنىڭ تەرجىمىھالى خاراكتېرىدىكى» دېمەكچى) ھەم بىبلوگرا-فىك ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ»[1] دەپ يېزىپ، «مەجالىسۇن نەفا-ئىس» نىڭ تەزكىرىچىلىك، ئۇچۇر - ئاخباراتچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابتا: «تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تۆھپە قوشقان〈مەجالىسۇن نەفائىس〉 ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئۆزاق ئەسىرلەر ساقلايدۇ»[2] دەپ يېزىلىپ، ئەسەرنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ياكى ئەدەبىيات تارىخىلىك خاراكتېرى تەكىتلەنگەن.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلغان «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ مۇھەررىر سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«〈مەجالىسۇن نەفائىس〉 ئەلىشىر نەۋائى مىراسلىرى ئىچىدىكى تەزكىرىچىلىككە ئائىت مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرى. بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى، بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان.»

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ تەرجىمىھال ئەدەبىياتلىق، تارىخلىق، تەزكىرە ۋە ئاخباراتلىق خاراك-تېرى تەكىتلىنىپ، مەزمۇن ماھىيىتى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، باشقا مەزمۇن قاتلاملىرى

---

① يۇقىرىقى كىتاب 439- بەت
② غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىلى نەشرى، 718- بەت.

بولسا قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەر ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلمىگەن.

گەرچە نەۋائى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش نەۋائى ۋاپاتىدىن كېيىن باشلانغان، بولۇپمۇ XX ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن كېيىن چوڭقۇرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن «مەجالىسۇن نەفائىس» ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ئەسەرنىڭ مەزمۇن قاتلىمى ۋە ماھىيەتلىك خاراكتېرىگە تازا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىدۇق. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ مەزمۇن قاتلىمى، بايان ئۇسلۇبى ۋە نەۋائىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىش مۇددىئاسى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، شائىر ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسىرىدە شائىر - سەنئەتكارلارنىڭ سالاھىيىتى، تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلماي، مۇھىمى ھەربىر شائىرنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن پاكىت كەلتۈرۈپ، ئەسەرلەردىكى شېئىرىي مەنە ۋە سەنئەت گۈزەللىكىگە باھا بېرىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى دەۋردىكى شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۇپ نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئۇچۇر بېرىدۇ. نەۋائىنىڭ قارىشىچە، شېئىرلاردا ئىدىيە - خاھىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، توغرىلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكى، ئىجادچانلىقى شېئىرلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. تىلنىڭ پاساھەتى ۋە رەڭدارلىقى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىنى ئۆز ئىلكىگە بەند قىلىۋالىدۇ. شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ يۈكسەكلىكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئوخشىتىش ۋە مەجازىي ۋاسىتىلەرنىڭ مۇۋاپىقلىقى كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. نەۋائى ئەنە شۇنداق سەنئەت قاراشلىرىنى گۈزەل شېئىرىي مىسرالارغا يۈكسەك باھا بېرىش ئارقى-

لىق ئىسپاتلىسا، شېئىرلاردىكى مەزمۇن مۇجمەللىكى، ئىپادىلەش ما-
ھارىتىدىكى نۇقسانلارنىمۇ كونكرېت مىساللار ئارقىلىق تەنقىدلەيدۇ.

ئىككىنچى، «مەجالىسۇن نەفائىس» تا نەۋائى ئۆزى بىلەن زاماندىاش شائىر - ئەدىبلەر ھەققىدە توختالغان. ئەسەردىكى بايانلارنىڭ تەرتىپى، خاراكتېرىدىن قارىغاندا، نەۋائى زاماندىاشلىرى ئىچىدىكى ئالەمدىن ئۆتكەن شائىر - ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيە - خاراكتېرى، پەزىلىتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ شېئىرىي تالانتى، باشقا ھۈنەر - سەنئەت ماھارەتلىرى، ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، بەدىئىي ساپاسى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. مۇنەۋۋەر يازغۇچى - شائىرلارنىڭ تۆھپىلىرىنى يۈكسەك ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن، ئۇلارغىمۇ تېگىشلىك باھا بېرىپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى چېنىقتۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىن باشقا ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن تۈرلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە تەرجىمىھال يازماستىن ، پەقەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، خاراكتېرى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلىغا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىگە قارىتا كونكرېت تەھلىل - تەتقىق ئېلىپ بارغان.

تۆتىنچى، نەۋائى بۇ ئەسەردە يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە ئاساسلانغان كونكرېت پاكىتلارنىڭ چىن، ھەقىقىيلىقىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، باھالارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك، ئادىل، توغرا بولۇش، كۆپتۈرمەسلىك، كىچىكلىتىۋەتمەسلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان.

بەشىنچى، نەۋائى بۇ ئەسەردە يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ سالا-

ھىيتى، كەچۈرمىشلىرى، تۆھپىلىرىنى تارىخىي تەرتىپ بويىچە تو-نۇشتۇرۇشنى ئەمەس، مۇھىمى يازغۇچى - شائىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە باھا بېرىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان. ئالايلى، كىتابنىڭ بىرىنچى مەجلىسىدە 46 نەپەر ئەدىب ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، بۇلاردىن پەقەت 11 نەپەر ئەدىبنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، ئىككى نەپەر ئەدىبنىڭ تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يازغانلىقى بىردىن ئاددىي جۈملىلەر ئارقىلىقلا بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا سەھىپىلەر ئاشۇ ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە باھا بېرىشكە بېغىشلانغان. ئەنە شۇ 11 نەپەر ئەدىبتىن اشقا 35 نەپەر ئەدىبنىڭ بىرنەچچىسىنىڭ تەخەللۇسى تىلغان ئېلىنغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ۋە ئىدىيىۋى خاراكتېرى ھەققىدە باھا بېرىلگەن؛ ئىككىنچى مەجلىسىدە 92 نەپەر ئەدىب ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، بۇلاردىن پەقەت 29 نەپەر ئەدىبنىڭ يۇرتى، يەنە بىرنەچچىسىنىڭ تەخەللۇسى ھەققىدىلا بىردىن ئاددىي جۈملىلەر ئارقىلىق مەلۇمات بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا سەھىپىلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ مەجلىسكە كىرگۈزۈلگەن بارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئىستىلى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نۇقسانلىرى كونكرېت تەھلىل - تەنقىق قىلىنىپ، ھەرقايسىسىغا قارىتا ئېگىشلىك باھا - پوزىتسىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بىز «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا مۇجەسسەملەنگەن يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بۇ ئەسەرنى تەزكىرە - تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايمىز. ئەگەر «مەجالىسۇن نەفائىس» تا ئاشۇ 458 نەپەر سەنئەتكار ئۈچۈن تەزكىرە - تەرجىمىھال تۈرغۈزۈش مەقسەت قىلىنغان بولسا، بەدىئىي ئىستېداد ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىقتا زامانىسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى بايراقدارى بولغان بۈيۈك ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائى ئاشۇ سەنئەتكارلارنىڭ نەسەبى، مىللىتى، تۇغۇلغان ۋاقتى، ئورنى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە

ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تارىخىي تەرتىپ بويىچە سىستېمىلىق بايان قىلغان بولار ئىدى. لېكىن، ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئەسىرىنى تەزكىرە-تەرجىمىھال ئەسەرلىرىنىڭ بايان ئۇسلۇبى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ بايان ئۇسلۇبى ئاساسىدا يازغان. يەنى ئەسەردە توختالغان 458 نەپەر سەنئەتكارنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇشتىن كۆرە، مۇھىمى ھەربىر شائىرنىڭ بىرنەچچە مىسرادىن شېئىرلىرىنى پاكىت كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ياكى يېتەرسىزلىكلىرىگە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇلارغا ئادىل، ئىلمىي، توغرا باھا بېرىپ چىققان، شۇنداقلا ھەربىر سەنئەتكارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئىستىلى قاتارلىق تەرەپلىرىگە قىسقا ۋە ئومۇملاشتۇرغان ئاساستا باھا بەرگەن. مانا مۇشۇنداق كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن «مەجالىسۇن نەفائىس» نى نەۋائى قەلىمى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەخسۇس ئەسەر دەپ قارايمىز. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن «مەجالىسۇن نەفائىس» تىكى كونكرېت بايانلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

نەۋائى كىتابىنىڭ بىرىنچى مەجلىسىدە مەۋلانا كاتىبى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«مەۋلانا كاتىبى ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. ئۇ ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىدا ئاجايىپ سېھرىي مەنىلەرنى كۆپ ئىزھار قىلدى. خۇسۇسەن قەسىدىلەردە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنىمۇ ياراتتى ۋە كۆپ قىسمى ياخشى چۈشتى. ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرى، مەسىلەن، تەجنىسلىرى، 〈زۇل بەھرەين〉(قوش بەھر)، 〈زۇل قاپىيەتەين〉(قوش قاپىيە)، 〈ھۆسن ۋە ئىشق〉، 〈ناسىر ۋە مەنسۇر〉، 〈بەھرام ۋە گۈلئەندام〉 ناملىق كىتابلىرى بار، بولۇپمۇ غەزەللەر ۋە قەسىدىلەر دىۋانى ئەڭ ياخشى ۋۇجۇدقا چىققان ۋە ئەڭ مەشھۇردۇر. ئاخىرقى ئۆمرىدە 〈خەمسە〉گە نەزىرە يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ، بۇ ھەقتە تالاش - تارتىشلارنىمۇ قىلدى. بەلكى مۇشۇ بەسلىشىش سەۋەبىدىنمىكىن ئەسىرىنى تاماملىيالمىدى. بەزىدە مەۋلانا كاتىبىنىڭ شېئىرىي زوقى شۇنچە

يۇقىرى ئىكەن. ئەگەر بىزنىڭ سۇلتان ساھىبقىراندەك سۇخەندان پادىشاھ ئۇنىڭغا تەربىيىچى بولغان بولسا ۋە ئۇمرى بىر ئاز ۋاپا قىلغان بولسا، كۆپ ئەلنىڭ كۆڭلىنى شېئىرىي ئىجادىيىتىدىن ئىبچ- تىھات قىلدۇرغان بولاتتى. ئەمما، تەلەيسىزلىكىدىن بۇ بايان قىلىند- غان ئىككى دۆلەتكە مۇشەررەپ بولالمىدى، دېگەنلەر خىيالىمدىن كېچىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنساپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زامانىدىن تا بۇگۈنگىچە ئۇنىڭغا ئۇستۇنلۇك قىلالىغان كىشى شېئىرنىڭ بارلىق ئۇسلۇبىدا يوق. ئۇنىڭ ياخشى سۆزلىرى كۆپ، خۇسۇسەن غەزەلىياتىدىكى مۇنۇ مەتلەئى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان:
《كۆز ۋە كۆڭلۈم سەۋەبىدىن بەدىنىم تۇپرىقى ئوت ۋە سۇ ئىچىدە قېلىپ ھالى خاراب بولماقتا. سەنمۇ كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ كۆڭلۈڭ- دىن رەھىم قىلغىن.》»
مەۋلانا كاتىبى ھەققىدىكى پۈتكۈل سەھىپىلەردە يۇقىرىقى بايانلار ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە مىسرا ياخشى شېئىرلىرىنى پاكىت كەلتۈرگەندىن باشقا ئارتۇقچە بايان يوق.
بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە مەۋلانا ساغەرى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:
«مەۋلانا ساغەرى ساغەر ۋىلايىتىدىن بولۇپ، ھىرات شائىرلىرى ئېقىمىدىكى كىشى ئىدى. ئۆز بىساتىدا يەتكۇدەك مال - مۈلكى بار ئىدى.

...

ئادەتتە مەۋلانا ساغەرى گەرچە ناچار شېئىر يازىدىغان ئادەم بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەتلەئىنى ئوبدان يېزىپتۇ:
《مېنىڭ ئۇنچە تۆككۈچى كۆز ياشلىرىم باھار بۇلۇتى بىلەن بىردەك، مېنىڭ نالە-زارلىرىم بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى بىلەن بىردەك.》»
بۇ مەجلىستە يەنە سەيد كامال كاچكۇل ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:
«سەيد كامال كاچكۇل — بەلختە تۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇ كۆپ ساياھەت قىلغان كىشى بولۇپ، بارمىغان يېرى ئاز ئىدى. ئۇنىڭ

ئەھۋالىدا ئاجايىپ ئىشلار كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن مەشھۇرراقى شۇكى، ئۇنىڭ بەش يۈز مىڭ بېيىتى، بىر قەسىدىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئون ئىككى مىڭ يارامىلىق بېيىت تاللىۋېلىنىشقا بولاتتى. ئەمما، پېقىر كۆرگەن نەرسە، خوجا ئەبۇ نەسىر پارسا (ئۇنىڭ سىرلىرى ئۇلۇغ بولغاي) ۋاپات بولغاندا ئۇ مەرسىيە ئېيتقانىدى، بۇ بېيىتلارنىڭ بىر-قانچىسىنىڭ ھەربىر مىسراسى خوجىنىڭ ۋاپاتىغا تارىخ يىلى بولسا، يەنە بىرنەچچە بېيىتى تۆرلۈك تارىخلار ئىدى. باشقا بىرقانچە بېيىتلار-نىڭ ھەربىرى ئۈچ - تۆت تارىخ ئىدى. لېكىن، شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا قىلچە نۇقسان يەتمىگەنىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئىنسانلار قولىدىن كېلىـ-شى ئاسان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە ئۇنى 〈ئاتارۇت پىلانېتىنى بويسۇندۇرۇپتۇ〉 دېيىشەتتى. ئۇنىڭ يېشى توقساندىن ئاشقانىدى. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى:

〈ھەي، يۈزۈڭ نۇرىدىن جان كۆزىگە روشەنلىك بەرگۈچى،
سېنىڭ كېلىشكەن بويۇڭ سەرۋى دەرىخىنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.〉»

يۇقىرىقى بايانلاردا مۇئەللىپ مەخسۇس شائىرلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىنتايىن ئىخچام، ئەمما ئومۇمىي باھا بەرگەن.

كىتابىنىڭ ئۈچىنچى مەجلىسىدە مەۋلانا ئابدۇللا ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«مەۋلانا ئابدۇللا — ئۇ گەرچە ئۆزىنى كۆرۈنۈشتە ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن (ئابدۇرەھمان جامى) غا تۇغقان ھېسابلىسىمۇ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتە ئۇنىڭدىن ناھايىتى يىراق ئىدى. ئۇ شېئىرىيەت تۈرلىرى ئىچىدە كۆپرەك مەسنەۋى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، قەلەمكەشـ-لەر شاھى فىردەۋسى تۇسى، تەتقىقاتچىلارنىڭ پېشۋاسى شەيخ نىزامى گەنجىۋى، شائىرلارنىڭ سۇلتانى، ئەمىرلەرنىڭ ئەمرى ھەزرىتى خو-جا ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋى (تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) قاتارلىق شائىرلارنىڭ مەسنەۋى ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن〈شاھنامە〉بىلەن ئىككى 〈خەمسە〉داستانىنىمۇ كۆزگە

ئىلمايتتى، بەلكى تۈرلۈك ئاھانەتلەر قىلاتتى، ھەتتا ھەزرىتى مەخدۇ-
مى نۇرەن (جامى) نىڭ مەسنەۋىلىرىگىمۇ بەسلىشىشكە ئىلتىپات
قىلامدۇ - يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم. بىز پېقىرلار ئۆزىمىزنى بۇ ئۇلۇغ-
لارنىڭ داستىخىنىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋالغۇچى ۋە ئىلىم خامانلىرى-
دىن باشاق تەرگۈچى ئورنىدا تۇتىمىز، بەلكىم ئۇنچىلىك قابىلىيىتىدە-
مىزمۇ يوقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇنداق كىشىنىڭ شېئىرىنى
قايىسى ھوقۇق بىلەن تەرىپلىيەلەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن تەۋەررۇك
ئۇچۇن ئۇنىڭ 〈زەپەرنامە〉 مەسنەۋىسىدىن ئىككى - ئۈچ بېيىتىنى
بەردۇق:

〈ئۇ يەردە شۇنچە كۆپ قوتازلارنىڭ چىشى ۋە ئەركەكلىرىنى
زەنجىر بىلەن باغلىدىكى، خەندەك ئالدىدا پىللارغا قارشى توساق
ھاسىل بولدى، پىلدىن نىمىگە ئۇنچە ئەندىشە قىلغۇلۇق، ئۇ كالا ۋە
ئىشەككە ئوخشاش تۆت ئاياغلىقلاردىنغۇ؟〉

بۇ رىسالە يېزىلغان تارىختا، ئۇ〈خەمسە〉دىن〈لەيلى ۋە مەج-
نۇن〉، 〈خۇسراۋ ۋە شېرىن〉، 〈ھەفت پەيكەر〉 (يەتتە يۇلتۇز) قاتار-
لىق داستانلارغا نەزىرىلەر يازدى. 〈ئىسكەندەرنامە〉 گە تەڭلەشتۇرۇپ
〈زەپەرنامە〉 داستانىنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. شېئىرلىرى ئەل
ئارىسىدا ناھايىتى مەشھۇر ۋە تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى چەكسىز.
پەيغەمبىرىمىزنى مەدھىيىلىگەن بۇ بېيىت ئۇنىڭكى:

〈پەيغەمبەرلىككە سەن لايىقسەن، چۈنكى قولۇڭدا نامەڭ بار.
ئۇنىڭ مۆھۈرى بولسا، تەزىم يۈزىسىدىن ئارقىسىداتۇرماقتا.〉

ئۇرۇشنى تەرىپلىگەن بۇ بېيىتمۇ ئۇنىڭكى بولۇپ، ئەل ئىچىدە
مەشھۇر ۋە لەشكىرىي ئىلىمدە ئوقۇلىدۇ:

〈بۇ پايانسىز كەڭ چۆلدە چاچلىرى قىرىلمىغان باشلار گوياكى
كىرپىدەك يېتىشاتتى.〉

ئىلگىرى قىنى قىزىقلىق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان ياشلىق ھېس-
سىياتى سەۋەبىدىن، بەزى ھاللاردا گەرچە ئازراق تەكەببۇرلۇقى بار
بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. سۆزلىرى جايىدا، رى-
تىملىق، باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى. مەنىستىمەسلىكنىڭ ئورنىنى

كەمتەرلىك، ئۆتۈنۈش ھېسسىياتلىرى ئىگىلىدى. قوپاللىق ۋە توڭلۇقنىڭ ئورنىدا قىزغىنلىق ۋە ئىللىقلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى. بۇنداق بەخت-دۆلەت ھەركىمگە نېسىپ بولسا، ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى ئەبەدىي ئاتا قىلسۇن، ئامىن».

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ مەزمۇنى ۋە بايان ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، نەۋائىينىڭ مەۋلانا ئابدۇللا ھەققىدە تەزكىرە - تەرجىمىھال تۇرغۇزۇشتىن كۆرە، تېخىمۇ مۇھىم بىر ئالاھىدە مۇددىئاسىنىڭ ، يەنى مەۋلانا ئابدۇللانىڭ ئىدىيە - خاھىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىشتەك توپ مۇددىئاسى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نەۋائىي بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا مەۋلانا ئابدۇللانىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى جاھىل، قوپال، ئىنتايىن تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىكتىن ئىبارەت ناچار خاركتېرىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تەنقىدلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى ، شېئىرىي تالانتىنىڭ مەشھۇرلۇقىنى، ئەسەرلىرىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقىنى ئادىللىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەۋلانا ئابدۇللانىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئىدىيە-خاراكتېر جەھەتتە زور ئۆزگىرىش ياساپ، ھېسسىيات جەھەتتە كەمتەر، قىزغىن، پەزىلەتتە ئالىيجاناب بىر ئادەم بولغانلىقىغا يۈكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مۇنداق مەزمۇندىكى بايانلارنى تەزكىرە - تەرجىمىھال دېگەندىن كۆرە، مۇكەممەل، ئىلمىي، ئادىل ئەدەبىي تەنقىد دېگەن تۈزۈك.

كىتابنىڭ تۆتىنچى مەجلىسىدە مىر ئاتاۋۇللاھ ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«مىر ئاتاۋۇللاھ — نىشاپوردىن بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەردىن ھىرات شەھىرىگە كەلدى. ‹كافىيە› ۋە ‹مۇتەۋەسست› ناملىق كىتابلارنى ئوقۇيتتى. ئۇ دانىشمەن بولۇپ يېتىلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بىر تۈرلۈك ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانىشمەنلىك، شېئىر، مۇئەممما ۋە ھۈنەر - سەنئەتلەردىمۇ ماھارەت

پەيدا قىلدى. مۇئەمما بىلەن كۆپ شۇغۇللىناتتى. ھازىر دەرسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاقتى يەتمەيدىغان بولدى. ئەمما، ھۇنەر - سەنئەتچىلەر توغرىسىدا 〈بەدائىي ئاتايى〉 (گۈزەللىك بەخش ئەتكۈچى) ناملىق بىر كىتاب يېزىپتۇ، ئەمدى ئاققا كۆچۈرۈلدى. زادى ھېچكىمشى بۇ كىتابقا ئوخشاش ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پايدىلىق كىتاب يازغىنى مەلۇم ئەمەس. يەنە كېلىپ قىسقا مەقلۇبى مەستەۋى[1] سەنئىتىدەك قىيىن ھۇنەر بولماس. بۇ بېيىت شۇخىل سەنئەتتە يېزىلغان ۋە يۇقىرىقى كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئۇنىڭ ئۆز شېئىرىدۇر:

بېيىت:

〈 ھەي ئېغىزلىرى شېكەردىن تاتلىق يار،
مەيخانا كىشىلىرىنىڭ توختىماي ئىچىشىدىن غەم قىلما. 〉

يۇقىرىقى بېيىت ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە نازۇك تالانتىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. »

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا مىر ئاتاۋۇللاھنىڭ بىلىم - ئىقتىدارى، ئەدەبىي ئىجادىيەت تۆھپىسى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى يۈكسەك ماھارىتىگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بەرگەن.

كىتابنىڭ بەشىنچى مەجلىسىدە ھەسەن ئەلى جالايىر ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

« ھەسەن ئەلى جالايىر 〈تۇفەيلى〉 دېگەن تەخەللۇسنى قوللىناتتى. ئۇ يادىكار مۇھەممەت مىرزا ئىشىكىدە ئەمىرلەر باشچىسى ۋە ھوقۇق ئىگىسى بولغان ئەلى جالايىرنىڭ ئوغلى. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئاتىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۆزى يوقسۇل سۇپەت، ئۆزلۈكىنى يوقات- قان، تەكەللۇپسىز ۋە تالانتلىق يىگىت. ئۇنىڭ نەزمىلەردە زېھنى ئۆتكۈر. ئەمما، قەسىدە ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ھەققىدۇر. بۇ جەھەتتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇنى شائىرلار تائىپىسى بىردەك ئېتىراپ قىلد-

[1] مەقلۇبى مەستەۋى — مىسرا بېشىدىن ئاخىرىغا ئوقۇلسىمۇ ياكى ئاخىرىسىدىن بېشىغا قاراپ ئوقۇلسىمۇ ئوخشاشلا مەنە بېرىدىغان بىرخىل شېئىر تۈرى.

دۇ. ئۇنىڭ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ نامىغا يازغان جۇشقۇن ئۇسلۇب-
تىكى مۇنەۋۋەر قەسىدىلىرى بار. ئۇ ھەزرەتمۇ ئۇنى ياخشى تەربىيە-
لىدى. شۇ خۇسۇستا ۋىلايەت ئىگىسى بولدى. ھەربىي ئىشلار مەھكى-
مىسىدە مۆھۈردارلىق قىلدى ۋە پەرۋانىچى (مۇئاۋىن ۋەزىر) بولدى،
شۇنداقلا شاھقا يېقىنلىق ۋە نايىب (ئورۇن باسار) لىق بىلەنمۇ مەش-
غۇل ئىدى.

پەلەكنىڭ پەزىلەت ئەھلىگە ھەسەتخورلۇقى، چىدىماسلىقى بول-
غانلىقتىن، ئۇنى بىر كەمچىلىك بىلەن شاھنىڭ پەلەك سۈپەت دەرگا-
ھىدىن يىراقلاشتۇرۇپتۇ. بۇ قايغۇ - ئەلەمدىن ئۇنىڭ كۈندۈزى تاقى-
تى، كېچىسى ئۇيقۇسى يوق. خۇدا خالىسا شاھانە كەڭچىلىك ۋە
ئىلتىپاتنىڭ ئۇنى قولدىشىغا ئۈمىد بار. بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ قەسىدىلى-
رىدىندۇر:

‹خۇداغا شۈكرى، ئادىل پادىشاھنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن يەنە
بىر قېتىم گۈلۈم تىكەندىن خالاس بولدى. تىكەن ئايىغىمدىن ۋە
ئايىغىم پاتقاقتىن چىقتى.›

ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇشۇ مەتلەئدىكىدەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلى-
مىز. بۇ مەتلەئمۇ ئۇنىڭكى:

‹ئۇ گۈزەلىمنىڭ يۈتى باغ سەيلىسىدە گۈلدىن ئازار يېدى.
كۆزۈمنىڭ كىرپىك تىكەنلىرى تۇرسا، قانداقلارچە ئۇنىڭ پۇتىدىكى
تىكەننى كۆزۈم بىلەن ئاقتۇرالايمەن؟

ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرۈنلۈق ۋە سەۋدايىلىقتىن باشقا
ئەيىبى يوق.›»

مۇئەللىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ھەسەن ئەلى جالايىرنىڭ خاراك-
تېر - خۇسۇسىيىتى ۋە شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي تالانتىغا كونكرېت
باھا بېرىپلا قالماي، بەلكى قايغۇ - ئەلەملەردىن ئازاد بولۇپ ياخشى
ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشقا بول-
غان تىلەكلىرىنى ئىپادىلىگەن.

كىتابنىڭ ئالتىنچى مەجلىسىدە مەۋلانا ھۇمايى ھەققىدە مۇنداق
بايان قىلىنغان:

«مەۋلانا ھۆمايى — قەيەرلىك ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئەمما، كۆپ ۋاقىتلاردا، بەلكى ھەممىشە ئىراقتا تۇردۇ. بىر قېتىم بۇ تەرەپكە كېلىپ كەتتى. غايەت يوقسۇل - نامرات ۋە كەم سۆزلۈك كىشى كۆرۈندۇ. ئەمما، خۇدا ساقلىسۇنكى، ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭغا بىر ئاياق شاراب بەرسىلا، جېدەل - ماجىرا ۋە غوۋغا - توپىلاڭ قىلىشتا پىر - ئۇستاز ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەش ئەيىبتۇر. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ:

〈ھەي جانان، مەن سېنىڭ پىراقىڭدا گوياكى ئېزىپ تاشلانغان بىر ئانارغا ئوخشاش تېنىمدە قان قالـمىغان بىر مۇردا (ئۆلۈك) مەن.〉»

گەرچە مەۋلانا ھۆمايى ھەققىدىكى بايان ئىنتايىن ئىخچام بولسىمۇ، لېكىن بۇ باياندىن نەۋائىنىڭ مەۋلانا ھۆمايىنىڭ خاراكتېرىگە رىئاللىقتا ئۇيغۇن باھا بەرگەندىن باشقا، ھۆمايىنىڭ شېئىرىي تالانتى ۋە شېئىرىنىڭ مەنىلىرىدىكى كىچىككىنە بىر گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىكلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، سەنئەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باھا بەرگەنلىكىگە قايىل بولماي قالمايمىز.

كىتابنىڭ يەتتىنچى مەجلىسىدە ئابابەكرى مىرزا ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئابابەكرى مىرزا — ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، قەھرىمانلىقى ۋە قىلىچىنىڭ زەربىسى پۈتكۈل چاغاتاي ئېلىدە مەشھۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە شېئىرىيەت لەززىتى بار ئىكەنتۇق. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بۇ تۇيۇقى مەشھۇر:

ئەر كېرەك ئۆرتەنسە يانسا يالىنە،
يارە يەپ ياتسا ئاتىنىڭ يالىنە.
ئىت ئۆلۈمى بىرلە ئول نامەرد ئۆلۈر،
ئەر ئاتالىب دۇشمەنىغە يالىنە.

(ئوغۇل بالا يېلىنجاپ تۇرغان ئوتتا ئۆرتەنگەن تەقدىردىمۇ،

يارىلىنىپ ئېتىنىڭ يايلىسىدا يېتىپ قالغان ھالەتتىمۇ، ئەگەر ئەر ئاتالغان تۇرۇپ دۇشمىنىگە يېلىنسا، ئۇنداق نامەرد ئېتىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ).

گەرچە بۇ تۇيۇقنىڭ بەزى سۆزلىرى ئاددىيراق بولسىمۇ، لېكىن تەجنىسى (شەكىلداش سۆزلىرى) نى ياخشى تېپىپتۇ.»

مۇئەللىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئابابەكرى مىرزىنىڭ سالاھىيىتى، خاراكتېرى ۋە شېئىرىي تالانتىغا مۇۋاپىق باھا بەرگەن.

«مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ سەككىزىنچى مەجلىسى مەخسۇس سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ شۆھرىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ مەجلىستە ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھەرخىل شېئىر شەكىللىرى بويىچە ئاجايىپ كامالەت تاپقان تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كونكرېت مىسراللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئىدىيە - خاھىش، ئىنسانىي پەزىلەتتىمۇ زامانىسىنىڭ ئۈلگىسى، بىلىم - كامالەتتە ئەۋلىيالارنىڭ پىركاملى ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئۇ ھەزرەتنىڭ ياخشى شېئىرلىرى ۋە يېقىملىق بېيىتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ۋە دىۋانمۇ تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، دىۋانىنىڭ بېشىدىن باشلاندى ۋە ھەربىر غەزەلدىن بىر مەتلەئ يېزىلدى. ئۇ دەريادىن بىرنەچچە گۆھەر بۇ كىتابچىنىڭ قارا يېپىغا تىزىلدى (توغرىلىق پەقەت تەكرىگىلا خاستۇر). سۆز پادىشاھى بولغان مەۋلانا لۇتفىنىڭ (ئەي سېنىڭ بويۇڭ جەننەتنىڭ تۇبى دەرىخىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدە گۈل يۈزلىرىڭ ئورۇن ئالغاندۇر. دەۋران پەلەكتە سېنىڭدەك ئاينى كۆرۈپ باقمىغان) دېگەن مەشھۇر مەتلەئگە جاۋابەن بۇ مەتلەئنى بېزىپتۇ:

گويا جان رىشتىسى بىر تامچە قان ئۈستىگە چۈشكەندەك، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ قىلى قىپقىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى ئۈستىگە چۈشۈپتۇ.

كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر ئالدىدا بۇ ئىككى مەتلەئ ئوتتۇرىسىدىكى

پەرقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئايان، چۈنكى مەۋلانا لۇتفى يۈزنى جەننەتتىكى تۇبى دەرىخىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھالەتتە قىياس قىپتۇ. لېكىن، بۇلار بىر - بىرىگە ناھايىتى يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى مىسرا مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلاشمايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن يېزىلغان كېيىنكى ئىككى مىسرا ئاجايىپ - غارايىپ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە ھەر ئىككى مىسرا بىر - بىرىگە ماس، سۆزلىرىمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىگە لايىقلاشقان ھالدا چىقىپتۇ.

يەنە قاپىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىقى رادىپ بىلەن ئىككى غەزەل يېزىپتۇ. ئۇنىڭ مەتلەئسىدە مىيىق تەرىپلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى يۇقىرى ھاياجان مەلۇم بولىدۇ. ئىككىيلەننىڭ بۇ مەتلەئلىرى بىر - بىرىگە جاۋاب بولۇپ چىقىپتۇ. بىرى تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

گويا ھاياتلىق سۈيى ئۈستىدە ئۈسۈملۈكلەر ئۆسكىنىدەك، ئۇ زۇمرەتتەك يېشىل مىيىقلار ئۇنىڭ كۇلۇپ تۇرغان ياقۇت لەۋلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۈنۈپتۇ.

يەنە بىرى تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ياقۇت لەۋلىرىڭ ئۈستىدىكى يېشىل مىيىقلىرىڭنىڭ قارىسى گوياكى ئابىھايات ئۈستىگە چۈشكەن خىزىرنىڭ سايىسىگە ئوخشايدۇ.»

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ گۈزەل ۋە پاساھەتلىك شېئىرىي مىسرالىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە شېئىرىي دىۋان تۈزگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپلا قالماي، ئۇنىڭ مەۋلانا لۇتفىنىڭ مەشھۇر بېيىتلىرىگە جاۋابەن يازغان بېيىتلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەنتەقىي مۇكەممەللىك، مەنە گۈزەللىكى، ئىپادىلەش ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ شېئىرلىرىنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە سەنئەت كامالىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىيىق ھەققىدىكى بېيىتلىرىنى يۈكسەك باھالىغان.

مەجلىستە نەۋائى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھەربىر غەزىلىدىن بىردىن بېيىتنى پاكىت كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىستېداتىغا قارىتا بىرقەدەر كونكرېت ۋە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئومۇمەن يۈزلۈك باھا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سەھىپە ئېھتىياجى تۈپەيلى پەقەت شۇنچىلىكلا پىكىر يۈرگۈزدۇق.

بۇ مەجلىستە يەنە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تەپەككۇرى ئۆزگىچە، زېرەك ۋە قابىلىيەتلىك ئەدەبىي تەنقىدچى ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايە نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ:

«باھار كۈنلىرى ئىدى. بىر - ئىككى كۈندىن بېرى بۇلۇت ئاشىق كۆزلىرىدەك ياش تۆكمەكتە، ھەربىر تامچە ياش گوياكى مەشۇق ۋەدىسىگە ئوخشاش مەۋھۇم رىشتە(يىپ) لارنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. مۇشۇنداق كۈنلەردە پېقىرغا ئۆز زامانىسىدا خۇراسان مەملىكىتىدە تۈركچە ۋە پارسچىدا سۆز پادىشاھى بولغان مەۋلانا لۇتفى ئۇچراپ قېلىپ مۇنداق دېدى: 〈بۇ يېغىندىن تارلار ھاسىل بولۇپتۇ. ئەمىر خۇسراۋ ھىندىچە بىر شېئىرىدا مۇنداق ئاجايىپ نازۇك مەنىنى بايان قىلغانىكەن: باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەشۇق بىر تەرەپكە مېڭىپتۇدەك، يامغۇر تۈپەيلىدىن يەر پاتقاق بولۇپ كەتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئايىغى پاتقاقتا تېيىلىپ كېتىپ، ئۆزى يىقىلاي دېگەندە، ئۇ مەشۇق ناھايىتى زىلۋا ھەم نازۇك بولغانلىقتىن، يامغۇردىن ھاسىل بولغان رىشتىنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنى رۇسلىۋاپتۇدەك〉. پېقىر بۇ مەنىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، مىر خۇسراۋنىڭ بۇ نازۇك تەسەۋۋۇرىغا ئاپىرىنلار ئېيتتىم. ھەربىر تالانت ئىگىسى يېنىدا يامغۇر مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ سۆز نەقىل قىلىنسا، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش خۇشال بولۇشۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا مىر خۇسراۋنى تەرىپلەشكە كىرىشتى.

بىر كۈنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەت بىلەن سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئالىي مەجلىسلىرىدە بۇ سۆزنى بايان قىلىپ:〈بىر كۈنى مەۋلانا لۇتفى ئەمىر خۇسراۋدىن مۇنداق بىر ئاجايىپ مەنىنى نەقىل كەلتۈردى〉 دېدىم. خىيالىمدا بۇ سۆز ئۇ ھەزرەتنىڭمۇ كۆڭلى-

گە خۇشىيىقىپ ئۇنى تازا ئاشۇرۇپ تەرىپلەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. پېقىر ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلىگەنلىكتىن، دەرۋەقە، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا شادلىق ئىزھار قىلدى. ئەمما، ئانچە كۆپ ئىلتىپات كۆرۈلمىدى. ئەتىسى ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك تەبئىتىدە مىر خۇسراۋنىڭ بۇخىل تەسەۋۋۇرىغا نىسبەتەن ئېتىراز بىلدۈرۈش ھېسسىياتى پەيدا بولغانلىقى مەلۇم بولدى. مىر خۇسراۋنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىغا پۈتكۈل تالانت ئىگىلىرى تەرىپلەش ۋە ئاپىرىن ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي ئىنكاس قايتۇرمىغانىدى. ئەجابا، ئۇ ھەزرەتتە نېمىگە ئېتىراز پەيدا بولدىكىنە، دەپ ھەيران بولدۇم - دە، ئالىي مەجلىستە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئېتىرازنى ئۆزىنىڭ گۆھەر چاچقۇچى لەۋزلىرىدىن ئاڭلاشنى ئىستەيدىغانلىقىمنى بايان قىلدىم. ئۇ ھەزرەت: 〈 ئۇ يامغۇر تامچىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان رىشتىنىڭ ھالىتىمۇ شۇ خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. رىشتە (يىپ) يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى يىقىلىشتىن قوغداپ قالالىشى ناتايىن، ئېتىراز بىلدۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ 〉 دېدى. ئۇ ھەزرەت بۇ قارشى پىكرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پېقىر بىلدىمكى، مەن ۋە ھەممىمىز بۇ مەنىنى ئاڭلاپ ئاپىرىن ئېيتىپتىمىز، ھەممىمىز يېڭىلىشىپتۇق. يۇقىرىقى پىكىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز تالانتىمدىكى كەمچىلىككە تەن بەردىم. ئاندىن كېيىن ئۇ ھەزرەت مۇنداق دېدى: 〈 تۆۋەندىكى بېيىت ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئورۇن يوق ھالدا يۇزەكى چىقىپتۇ:

شۇ قەدەر جۇدەپ كەتكەنلىكىمدىن كەپەمدە ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولسام، ئۆمۈچۈكنىڭ تاملارغا ئاسقان يىپىغا تايىنىمەن. 〉

ئۇمىدىم شۇكى، بۇنداق پاك ۋە سۇزۇك تالانت ئەينىكىگە دەۋران ھادىسىلىرىدىن چاڭ - توزان قونمىسۇن، مۇنداق روشەن زېھىن شامىنى زامان قايغۇلىرى ئۆچۈرمىسۇن.»

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق، بىرىنچىدىن، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر، ئوبرازلىق، مەنتەقىلىق،

توغرا ئەدەبىي مۇلاھىزىسىگە ئىنتايىن قايىل ۋە رازى بولۇپ، ئۇنىڭ
يۈكسەك تالانت ئىگىسى، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ئىكەنلىكىنى
مۇئەييەنلەشتۈرگەن؛ ئىككىنچىدىن، مىر خۇسراۋنىڭ مەنتەقىگە ئۇي-
غۇن بولمىغان بەدىئىي تەپەككۇرىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلمىغانلىقى
سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەۋەنلىكىنى تەنقىدلىگەن؛ ئۈچىن-
چىدىن، ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىگە ھەم-
نەپەس بولغۇچىلارنى، يەنە لۇتفى ۋە باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈزە
قاراشلىرىنى تەنقىدلىگەن؛ تۆتىنچىدىن، مىر خۇسراۋنىڭ نازۇك
مەشۇقىنىڭ يامغۇر رىشتىگە (يىپقا) تايىنىپ ئۆزىنى رۇسلىۋالغانلى-
قىدىن ئىبارەت ئوبرازلىق تەپەككۇرىنىڭ مەنتەقىگە ئۇيغۇن بولمىغان-
لىقىنى تەنقىدلىگەن. گەرچە نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ
بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلاش
ئۈچۈن، مىر خۇسراۋنىڭ «نازۇك تەسەۋۋۇرى» ھەققىدىكى ھېكايىنى
نەقىل كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھېكايە ئارقىلىق تۆت پاختەك-
نى بىر چالمىدا سوققان كارامەتلىك مەرگەندەك ئاشۇ ھېكايىغا مۇنا-
سىۋەتلىك تۆت خىل كىشىلەرگە بىرلا ۋاقىتتا بىراقلا باھا بېرەلى-
گەن. بۇ يەردە نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تالانتىنىڭ تەڭداشسىز
ئىكەنلىكىنى يەنە دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئەدەبىيات - سەنئەتشۇ-
ناس ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدىكى
يۇقىرىدا بىز تەھلىل يۈرگۈزگەن ئەمەلىي پاكىتلاردىن بۇ ئەسەرنىڭ
ئەسلىي ماھىيىتى، خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. يەنى بۇ
ئەسەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان مەخسۇس ئەسەر ئى-
كەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بىز يۇقىرىدا بۇ ئەسەرنىڭ خا-
راكتېرىنى تەكشۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ قىم-
مەتلىك ئەدەبىي مىراسىمىزنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەت-
تىمۇ قىممەتلىك سەنئەت تەجرىبىلىرى بار. بۇلارنىمۇ چوڭقۇرلاپ

تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 6. «مەھبۇبۇلقۇلۇب» نىڭ ئىدىيىۋى قاتلىمى

ئەلىشىر نەۋائىي پۈتۈن ھاياتىدا بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىمۇ، كاتتا مەرتىۋە ھەم شان - شۆھرىتىنىمۇ پەقەت سەنئەت ئىشقى ئۈچۈن قۇربان قىلالىغان بۈيۈك سەنئەتكار ئىدى. شۇڭا، روھىيەت ئالىمى-نىڭ تەڭداشسىز قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى غەيۇرانە روھىي يۈكسەكلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى ئارقىلىق پۈتكۈل شەرق ئالىمىنىڭ ئەدەبىيات جەڭگاھىدىكى ئەڭ بۈيۈك ھېسابلانغان «خەمسە» چىلىك چوققىسىغا غالىبىيەت تۇغىنى قاداپ كاتتا شۆھرەت قازانغان بولسا، مۇزىكا ئىجادىيىتىدە گۈزەل نەۋا مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ ئالتۇن تەختىگە چىققان. ئۇ گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلىرىدە ئۆزى ياراتقان ئاجايىپ مۇكەممەل، چىن ئادەم-لەر ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئەڭ كۆركەم ۋە ئەڭ سەلتەنەتلىك قەسىر - سارايلىرىنى ئىگىلىگەن بولسا، ئىلمىي، نەزە-رىيىۋى ئەسەرلىرى ئارقىلىق تىل، پەلسەپە، ئەخلاق، سەنئەت، تارىخ، سەنئەت تەنقىدچىلىكىگە ئائىت قىممەتلىك ئابىدىلەرنى قالدۇ-رۇپ كەتكەن. ئاشۇ ئابىدىلەردىن بىرى ئۇنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدۇر. مۇتەپەككۇرلارنىڭ سۇلتانى بولۇشقا مۇناسىپ ھەزرىتى مەۋلانا ئەلىشىر نەۋائىي پۈتكۈل ئۆمرىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى يۇغۇرۇپ، ئۇنى ئىنسانىيەت-كە تەقدىم قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى كۆڭۈل سوۋغىسى سۈپىتىدە «مەھ-بۇبۇلقۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى) نامى بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئۇلۇغ شائىرنىڭ مەزكۇر ئەسىرى كۆپ قاتلاملىق ئىدىيىۋى خاھىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق ئىدىيىۋى خاھىشلارنىڭ يادروسى كىشىلەرنى ئادىمىي يۈكسەكلىك ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنىڭ كونكرېت شەرتلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنى ئىجتى-مائىي، ئەخلاقىي گۈزەللىك ئالىمىگە ۋە ئادىمىي مۇكەممەللىك ۋادى-

سىغا باشلاشتىن ئىبارەت. شائىر بۇ ئەسىرىدە ئۇزاق يىللىق ھايات مۇساپىسىدە يەكۈنلىگەن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى، يۈكسەك پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك بالاغىتى ۋە پاساھىتىگە تايىنىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئانا تىلنى قوللىنىشتىكى ئاجايىپ يۇقىرى تالانت ۋە ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

«مەھبۇبۇلقۇلۇب» نىڭ ئىدىيىۋى قاتلىمىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى بىرقانچە جەھەتتىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى قاتلام كىشىلەر ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسپىي ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى تەشەببۇس قىلىنغان. ھەرقايسى قاتلام ۋە كەسىپلەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ياخشى - يامان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن تويۇنغان ئىلغار، توغرا قاراشلىرى ئارقىلىق باھا بېرىلگەن. يەنى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى پادىشاھ، ۋەزىر، قازى قاتارلىقلارنىڭ يامان ئىللەتلىرى ۋە ئاشۇ ئىللەتلەر بىلەن جەمئىيەتكە، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىنغان، ئۇلار غەزەپ بىلەن ئەيىبلەنگەن. مەسىلەن، «ۋەزىرلەر ھەققىدە» دېگەن پەسىلدە مۇنداق يازغان:

«زالىم ۋەزىرلەر مەملىكەتنى ۋەيران قىلغۇچى، ئەل تۇپلىغان بايلىقلارنى يوقاتقۇچىلاردۇر. بۇنداق ۋەزىرلەر توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمىسۇن ۋە قەلەمدەك ئۇ قارا يۈزلەرنىڭ نامىنى قەلەم تىلىغا كەلتۈرمىسۇن. زەھەر بېرىپ بىمار ئۆلتۈرىدىغان تېۋىپ بۇلارغا بولسۇن نېسىپ، بۇلارنى يوقىتىش پادىشاھقا لازىمدۇر.

بۇنداق ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك يىلان - چايان، خەلققە كەلتۈرىدۇ دائىم زىيان. ئەل ھامان ئۇلارنىڭ چېقىپ زىيان سېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ چايانلارنىڭ نەشتىرى مەزلۇم ئاجىزلارغا سانجىلىدۇ. ئۈمىدىم شۇكى، بۇنداق چايانلارنىڭ باشلىرى ئەجەل تاشلىرى بىلەن يانچىلسۇن.»

ئىككىنچىدىن، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ھەرخىل كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەرلىرى، جان - دىل بىلەن خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئۆز كەسپىگە ماھىر بولغانلىرىنى يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن مەدھىيىلىگەن، ئۇلارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويغان. مەسىلەن، «تېۋىپ - دوختۇرلار ھەققىدە» دېگەن پەسلىدە مۇنداق يازغان:

«تېۋىپ بولغان كىشى ئۆز كەسپىگە ماھىر، بىمارلارغا شەپقەتلىك، مىجەزى مۇلايىم، ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتقىنىنى ئەستايىدىل ئوقۇندايدىغان، سۆزلىرى يېقىملىق، كۆڭۈل ئىزدەيدىغان ۋە خۇش چىراي بولۇشى لازىم. ماھىر تېۋىپكى، شەپقەتلىك بولغان، ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بولغاي. ئىسا ئەلەيھىسسالام چىققان جاننى تەنگە كىرگۈزەتتى دۇئا بىلەن، ياخشى تېۋىپ ئۆلۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ داۋا بىلەن. مۇنداق تېۋىپنىڭ يۈزى كېسەللەرگە مەھبۇب، سۆزى بىمارلار جانىغا مەرغۇب[1]. دەمى ئىللەتلەرگە داۋا، قەدىمى خەستىلەرگە شىپا. خىزىرنىڭ نىجاتلىقىدۇر ئۇنىڭ تەلئىتى، ئابىھاياتتۇر ئۇنىڭ دورا - شەربىتى.»

ئۈچىنچىدىن، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى چوڭقۇر ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ماختىغان، ئالدامچىلىق، رىياكارلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئۇمىدسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك، نادانلىق، جاھىللىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن.

تۆتىنچىدىن، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىن يەكۈنلىگەن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلار، پەلسەپىۋى يەكۈنلەر، بۈيۈك ھېكمەتلەر، ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرى شائىرنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆگەنگەن، توپلىغان بىلىم، ماھارەتلىرى ئاساسىدىكى تەپەككۇر ئۇنچىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

---

[1] مەرغۇب — يېقىملىق.

بەشىنچىدىن، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» تا سەنئەتكە مۇھەببەت خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. بۇ ماقالىدىكى مۇھاكىمە دەل مۇشۇ نۇقتىنى مەركەز قىلىدۇ.

يۇقىرىدا ئەسكەرتىلگەندەك، پۈتۈن ۋوجۇدىنى سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت تەتقىقاتىغا بېغىشلىغۇەتكەن ئۇستاز شائىر ئەلىشىر نەۋائى مەخسۇس ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي تېمىغا بېغىشلانغان مەزكۇر ئەسىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتخۇمارلىقى، سەنئەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقاچان پىداكارلىق بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇ ھەرخىل سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئىنسانىنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە كۆرسىتىدىغان ھەرخىل تەسىرى، سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت ماھارىتى ۋە كەسپىي پەزىلىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈپ، سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالغان. مەسىلەن، مەزكۇر كىتابنىڭ «شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى ھەققىدە» دېگەن پەسلىدە: «شائىر بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىلىرى مەرىپەت ئىلاھى بىلەن قەلبى باي بولغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ تەرىپلەپ ماختىشى ھاجەتسىز. ئۇلارنىڭ ئىشى ھەممىشە مەنە خەزىنىلىرىدىن گۆھەر تېرىش، ئەل پەيزى ئۈچۈن شېئىر يېزىش. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى يېقىملىق، دىللارنى ئۆزىگە تارتىدۇ» دەپ يازغان.

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا مەنە خەزىنىلىرىدىن ئىلىم - مەرىپەت دۇردانىلىرىنى قېزىپ خەلققە تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېستېتىك لەززەت بىلەن شادلاندۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنداق شېئىرلارغا «ناھايىتى يېقىملىق، دىللارنى ئۆزىگە تارتىدۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

مەزكۇر كىتابنىڭ «كاتىپلار ھەققىدە» دېگەن پەسلىدە: «كاتىپ-

لار شائىرلار سۆزىنىڭ گۈزەل ۋارىقى، سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىدارى، خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى ئامانەتتۇر. ئامانەتنى ئىشلىتىش خىيانەتتۇر. ئامانەتچى خىيانەت قىلسا، ئۆز ئىشىدا ئەيىبلىك بولىدۇ. مۇنداق كىشىنىڭ قولىنى كەسسە ياخشى بولىدۇ... خېتىمۇ ناچار، خاتالىرىمۇ جىق مۇنداق خەتنى يازغۇچى خۇددى ساقىلىنى بويىۋالغان بوۋايغا ئوخشاش مەسخىرىگە لايىق. مۇنداق ساقالنى قىرقىپ ھاجەتخانىغا تاشلىغىنى ياخشى» دەپ يازغان.

يۇقىرىقى بايانلىرىدا نەۋائى خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، پەزىلەتسىز، ماھارەتسىز خەتتاتلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان.

مەزكۇر كىتابنىڭ «سازەندىلەر ۋە ناخشىچىلار ھەققىدە» دېگەن پەسلىدە: «سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى، ناخشىچىلار غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر. ھال ئەھلى بولسا ھەر ئىككىلىسىگە جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ماھىر سازەندىنىڭ ساز نەغمىسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھاياتى پىدا بولسا نە غەم. چۈنكى، كۆڭۈل خۇش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ. جان خۇش ئاۋازدىن قۇۋۋەتلىنىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىنىڭ ناخشىسى دەردمەنلەرنىڭ قەلبىدىكى ئوتنى ئۇلغايتىدۇ. ئەگەر يېقىملىق بولسا، ھال ئىگىلىرىگە قىيامەت بولىدۇ.

ئەگەر ھەر سازەندە سازنى ناھايىتى كۈچلۈك دەرد ئىلكىدە چالسا، دەردتىن زەخمىناك بولغان يۈرەككە بەكرەك تېگىدۇ. گۈزەل ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋاز ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن ئىس چىقىرىۋېتىدۇ. سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئۆزى ئەقىللىق بولسا، تاش يۈرەك ئادەم بولسىمۇ باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ، بولۇپمۇ سازەندە ۋە ناخشىچى ھەم ئوقۇپ، ھەم چالغاي، كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالغاي» دەپ يازغان.

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا ناخشا، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ خاراكتېرى، سېھرىي كۈچى، ئۇنىڭ ئىنسان روھىيىتىگە كۆرسىتىدىغان

ئېستېتىك تەسىرى، ناخشا ـ كۈيلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ھېسسىياتنىڭ ئورۇندىغۇچى سەنئەتكارنىڭ ئىدىيە ـ خاراكتېرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ناخشا، مۇزىكىلارنىڭ ئېستېتىك قوبۇللىنىشى ياكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشى ئاشۇ زوقلانغۇچىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى (مۇزىكا سەزگۈسى، زوقلىنىش ئىقتىدارى، سەنئەت تەربىيىسى)، زوقلىنىش شارائىتى (غەمناك ياكى خۇشاللىقى) قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدە نەزەرىيىۋى تەھلىل ۋە خۇلاسىلەش ئېلىپ بارغان. نەۋائىي يۇقىرىقى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆز تەھلىلىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان: «نۇرغۇن ھال ئىگىلىرى ئەرغەنۇن[1] تەسىر قىلىشى بىلەن بۇتخانىغا كىرىپ ئىسلام دىنىنى مەي قۇيغۇچىلارغا بېرىپ قويدى. چۈنكى، كىمكى مەيخانىدا ئىبادەت قىلغاي، نەي ئۈنى بىر يېقىملىق ناۋا بىلەن رەسۋا قىلغاي. بىر كىشى مەي ھەۋىسىنى كۆڭۈلدىن چىقارسا، غېجەك سوزۇپ نالە قىلىپ يالۋۇرىدۇ. تەمبۇر ئاۋازى پىتنە داغىدىن ھالاك قىلىدۇ، ئافىيەت[2] پەردىسىنى يىرتىۋېتىدۇ. چاڭ بوغۇزىنى تارتىپ زارلانسا، ئۇدنىڭ تىلى ئۆز نەغمە تەرغىباتىنى چاڭدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا راۋاب بېشىنى يەرگە قويۇپ نىياز كۆرگۈزگەي، قوۋۇز بولسا قۇلىقىنى تۇتۇپ شادىيانە ئاھاڭنى تۈزگەي، قالۇن بىلەن چاغانە ئاۋازى قۇلاققا چۈشكەي، ساقىي ھوشسىزلىنىپ، قەدەھى قولىدىن چۈشكەي، بۇ چاغدا سوپىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا نە ئېتىبار، ئەقىل ـ ھوشىدا نە ئىختىيار.»

نەۋائىينىڭ ھەرخىل سازلاردىن ياڭرىغان مۇزىكا ـ كۈيلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى، مۇزىكىنىڭ ئىنسان قەلبىگە بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىپ، روھىي دۇنياسىدا ئاجايىپ زىلزىلە پەيدا قىلىپ، ھەرىكىتىدە زور ئۆزگىرىش قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلىرى ئىنسانىيەت مۇزىكا ئىل-

① ئەرغەنۇن — بىرخىل ساز.
② ئافىيەت — ساتارغا ئوخشاش بىرخىل ساز.

مىنىڭ ئۈچىنچى پىرى ھېسابلىنىدىغان ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ «رىسا-
لەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدىكى «مۇ-
زىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى
ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ
نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ۋە يەنە «يۇزىيل ئىبادەت
قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسى-
لەر» دېگەن چۈشەنچىلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشاش.

نەۋائى مەزكۇر ئەسىرىدە بىر قىسىم سازەندىلەر ھەققىدە مۇنداق
يازىدۇ: «يەنە بىر قىسىم سازەندىلەر باركى، ئۇلار شادلىق كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ئەجىر قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئەسلىدە ئەخلاقتا تۆۋەن ۋە
نامرات. مۇنداق ناخشىچى، چالغۇچى زارلىنىپ تۇرۇپ ئالغۇچىدۇر.
ئەگەر ئۇلارنى ئىشقا سالغۇچىدا رەھىم - شەپقەت بولسا، ئۇنىڭغا
ئەسقاتىدۇ. سۆھبەتتە نازۇنېمەت كۆپ بولسا، نېمە دېسە ئۇنى بەجا
كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بەزمىدە داستىخان كەم - كۈتىرەك بولۇپ قالسا،
ئۇ خىلدىكى سازەندە، ناخشىچىلارنىڭ نازى ئېشىپ كېتىدۇ. داستى-
خان سېلىنمىسىچۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلى تامامەن خاپا. ئەگەر ئۇزاق
يىللار ياخشىلىقىڭنى كۆرگەن بولسىمۇ، يېنىڭدىن سالامسىز ئۆتۈپ
كېتىدۇ. ئاز ئالسا ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. كۆپ ئالسا ھەقنى تونۇماي-
دۇ. بۇلارنىڭ كۆپى پاسىق، بەتخۇي، كاج تەبىئەت، قوپال سۆزلەي-
دىغان ئادەملەر بولۇپ، ئىش - ھەرىكىتى تۈزىمىگەن سازلىرىغا
ئوخشايدۇ. ئۇلاردا ۋاپا يوق. ئۇلار ۋاپا ئەھلىنىڭ ئالدىدىن قوغلانغان
رەزىل كىشىلەر.»

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا يالغۇز سەنئەت ئىجادىيىتى، سەنئەت-
نىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئېستېتىك رولى، سەنئەتكارنىڭ ئىپادى-
لەش، ئورۇنداش ماھارىتى ھەققىدىلا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپلا قالماي،
بەلكى سەنئەتكارلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسى ھەققىدىمۇ چوڭقۇر
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە كەسكىن باھا، پوزىتسىيىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويغان. ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان
نەپسانىيەتچى سازەندىلەردىن نەپرەتلەنگەن ۋە ئۇلارنى قاتتىق تەنقىد

قىلغان. ئۇلارنىڭ ناچار ئىللەتلىرىنى «گويا ئۆزلىرىنىڭ تۈزىمىگەن سازلىرىغا ئوخشايدۇ» دەپ مەسخىرە قىلغان.

ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» ناملىق بۇ خاسىيەتلىك ئەسىرىدە يەنە شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مەخسۇس تەھلىل، تەنقىد ئېلىپ بېرىپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۇچۇن مۇنەۋۋەر ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. ئۇ شائىرلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، شائىرلارنى ئىدىيىۋى خاھىشى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى، ئىجادىيەت ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىرقانچە تۈرگە ئايرىپ، ھەرقايسى تۈردىكى شائىرلارغا ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە باھا بەرگەن. مەسىلەن:

«پارس تىلىدا مەنە گۆھەرلىرىنى شېئىردا ئىپادىلىگۈچى شەيخ پەرىدىدىن ئەتتار، ‹مەسنەۋى ۋە مەنىۋى› نىڭ ئاپتورى مەۋلانا جالالىددىن مەۋلەۋى رۇمى بولۇپ، بۇ زاتنىڭ شېئىرلىرى خۇدانىڭ ھېكمەت سىرلىرىنى، پايانسىز مەرىپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يەنە ئاگاھ ئەۋلىيالار، خۇداغا يېقىن پېشقەدەم ئۇلۇغلارمۇ ئۇلۇغلارغا ئەگىشىپ ئۇستازلار ئىزىنى باسقانلاردۇر.

يەنە بىرخىل كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەقىقەتەن سىرلىرىغا مەجازنى ئارىلاشتۇرۇپ يازىدۇ. مەنە ئەھلىنىڭ ھېكىمى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدى شىرازى، ئىشق ئەھلىنىڭ ساداقەتلىك مەردانىلىرىدىن بولغان ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋى، تەسەۋۋۇپ يولىدىكى مۇشكۇل مەسىلىلەرنى يەشكۈچى شەيخ زەھىرىددىن سانائى، خۇدانىڭ يېقىن ھەقىقىي دوستىنىڭ شاگىرتى شەيخ ئەۋھەددىدىن، مەنىلەرنى يېقىملىق قىلىپ سۆزلىگۈچى خوجا شەمسىددىن مۇھەممەد ھاپىزلاردۇر.

بۇلاردىن باشقا، شېئىرلىرىدا مەجازى[1] غالىب كېلىدىغان، شۇنىڭدەك بۇ شەكىلدە يېزىشقا ئامراق كىشىلەر باركى، ئۇلار كامال ئىسپاھانى، خاقانى، شىرۋانى ۋە خوجا كىرمانى، مەۋلانا جالالىدىن، خوجا كامال ئەنۋەرى، زەھىر ئابدۇلۋاسىئىدائىرى، سەلمان ساۋچى،

① مەجازى — كىنايە، ئېيتىلغان سۆزنى ئەكسىچە مەنىدە قوللىنىش.

ناسىر بۇخارى، كاتىب نىشاپورى، شاھى سەبزەۋارىلاردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەقىقەت بىلەن مەجازىدا كامىل، بۇ توغرىدىكى ئىلىمدە يېتىشكەن شائىرلارنىڭ كاتتىسى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ھەزرىتى شەيخۇل ئىسلام ئابدۇرەھمان جامى( ئاللاتائالا بۇ زاتنىڭ كۆزىنى نۇرلۇق، روھىنى پاك قىلسۇن) . ئۇ ھەقىقەت بىلەن مەجاز ئىلمىدە ھەقىقىي كامال تاپقان بىر ئادەم بولۇپ، دۇنيادىكى زەۋقى ھال ئەھلى[1]بۇلارنىڭ لەتىپىلىرىدىن خۇشال بولىدۇ. مەرىپەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. »

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرىدا ھەقىقەت سىرلىرىنى ئېچىپ، مەنە گۆھەرلىرىدىن ئۈنچىلەر تىزىپ، ئۇنى خەلقنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان شائىرلارنى تونۇشتۇرغان، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇ- ئەييەنلەشتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئەسەرلىرىدە مەجازى( كىنايە) ۋاسى- تىلەرنى يۈكسەك كامالەتتە قوللىنىش بىلەن داڭ چىقارغان بىرخىل شېئىرىيەت ئېقىمىنى، بۇ ئېقىمدىكى داڭلىق شائىرلارنى تونۇشتۇ- رۇپ، ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەرگەن.

نەۋائى مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە يۇقىرىدىكى شائىرلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر قىسىم پەزىلەتسىز، شۆھرەتپەرەس شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىرخىل شائىرلار باركى، ئۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن خۇشنۇد ۋە خۇرسەن، يازغانلىرىدىن رازى ۋە بەھرىمەندۇر. مىڭ مۇشەققەتتە بىر بېيىتنى قۇراشتۇرىدۇ، شائىرلىق غوۋغاسىنى يەتتە پەلەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت نۇرى چاقنىسۇن، نە مەرىپەت تەمىنىڭ ھالاۋىتى بولسۇن، شېئىرلىرىدا نە زوق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، نە شائىرانە تەركىبلىرىدە گۈزەللىك بولسۇن، نە سۆزلىرى ئاشىقانە نۇر چاچالىسۇن. بەزىلىرى ئەگەر بىر ياخشى بېيىت يېزىپ

[1] ھال ئەھلى — تەسەۋۋۇپ يولىدىكىلەر.

قالسا، ماختىنىپ ئۇن ھەسسە ئاشۇرۇپ دەۋا قىلىپ، ئۇ بىر بېيىت-
نىمۇ بىكار قىلىۋېتىدۇ. نازۇك، يەنى ياخشىراق چىققان بىر بېيىت
ئۇستىدە ماختىنىپ ھارمايدۇ، ئەمما يارامسىز، يەنى قوپال چىققان
نۇرغۇن بېيىتلار ھەققىدە ئېغىز ئاچمايدۇ. بۇخىل شائىرلارنىڭ سۆز-
لىرىدە كەم مەنە، ئۆزلىرىدە چوڭ دەۋا. مۇنداق يامان ئىش - خاھىش-
لاردىن ئاللا ساقلىسۇن.»

نەۋائى شېئىرىي ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئەسەرلى-
رىدىمۇ ھەقىقەت نۇرلىرىنى جۇلالىتىپ پىكىر بايان قىلىدىغان،
ياخشى - ياماننى، گۈزەللىك بىلەن چاكىنىلىقنى روشەن پەرقلەندۈر-
دىغان، ئوخشىمايدىغان خاراكتېر، ئوخشىمايدىغان مەسىلىلەرگە قا-
رىتا كەسكىن، پەرقلىق پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان ئالىيجاناب شائىر
بولغاچقا، مەنىسى پۇچەك، مەزىسىز شېئىر يازىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىچ
پۇشۇقى ۋە خۇشلۇقى ئۈچۈن شېئىر يازىدىغان يارىماس، پەزىلەتسىز
شائىرلار تائىپىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى كەسكىن تەنقىد قىلى-
غان.

نەۋائى مەزكۇر ئەسىرىنىڭ «قىسسە - داستانچىلار ھەققىدە»
دېگەن پەسلىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«قىسسىچى ۋە داستانچىلار قۇرۇق گەپ ساتقۇچىلاردۇر. دائىم
ئۇلار خىيالىي مەجۇندە، قاتتىق چاۋاك چېلىپ ئەقىل قۇشلىرىغا دەم
سالماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە ساراڭنىڭ قىلىقى كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ. سۆزلىرىدە بەڭۋاشلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. تۆگە قۇملاقنى
قەنت دەپ ساتىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئۇنىسېتىۋېلىپ يەيدۇ.»

نەۋائى يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق قۇرۇق، پاخپاق گەپلەر
بىلەن ئادەم يىغىپ، گەپكە ياماق سېلىپ يالغان سۆزلەپ، ئالدامچى-
لىق قىلىدىغان، سۆز - ھەرىكىتى بىنورمال، ۋالاقتەگكۈر قىسسە-
چى- داستانچىلارنىمۇ شەپقەتسىز ھالدا قامچىلاپ، سەنئەتنىڭ چىنلى-
قىنى، سەنئەتكارلارنىڭ گۈزەل پەزىلىتىنى قوغداش ئۈچۈن جان پىدا
قىلغان.

ئومۇملاشتۇرغاندا، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئىدىيىۋى خاھىشى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە سەنئەت تەنقىدچىلىكى ئۇ-نىڭدا بايان قىلىنغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىدىيىۋى قاتلام ھېسابلىن-نىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئەلىشىر نەۋائىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىقى ساھەسىدىكى داڭلىق نەزەرىيە تەتقىقاتچىسى ۋە تالانت-لىق ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

## VI يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

### 1. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە قىسقىچە بايان

يەكەن خانلىقى 1514-يىلىدىن 1678-يىلىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، بۇ خانلىق سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسمائىلخانغا قەدەر جەمئىي 16 ئەۋلاد كىشى خانلىق سەلتەنىتى سۈرۈپ 165 يىل داۋاملاشقان. سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار خانلىقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە زور تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلغان. ئۆزلىرىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە زور ئىجتىھات كۆرسەتكەن خانلار ئىدى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە مۇزىكا-مۇقامچىلىقى جەھەتتە ئاجايىپ زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات -سەنئەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. بۇ مەزگىلدە سۇلتان سەئىدخان ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، قىدىرخان يەركەندى، خانىش ئامانىساخان ، مىرزا ھەيدەر (كوراگان) ، ئايازبېك قۇشچى، مەھمۇد جوراس، زۇلەيخا بېگىم قاتارلىق شائىر ، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىق جەھەتلەردىمۇ كۆپ خىل ئىلمىي ئەمگەكلەر ئىبلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، سۇلتان

ئابدۇرەشىدخان زامانىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى قدىرخان، ئامانىساخان قاتارلىق سەنئەت پەرۋانىلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش ، تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت مۇقامشۇناسلىق؛ مۇقام تېكىستلىرىنى توپلاش، رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمى پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلغان. مۇزىكا- مۇقاملارنىتوپلاش، رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇش ياكى مۇقام تېكىستلىرىنى توپلاش، تاللاش، رەتلەش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى تاللاش، شاللاش، سېلىشتۇرۇش، شاكاللارنى شاللىۋېتىپ، جەۋھەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.

بۇ دەۋردە يەنە ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش، ساقلاش ۋە مۇتالىئە قىلىش مەركەز قىلىنغان ئەدەبىياتشۇناسلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەت قويۇق ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرىنى ئالغان. بۇ دەۋردىكى يازغۇچى - شائىرلارمۇ ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىدە ئەدەبىي تەنقىد خاركتېرى كۈچلۈك پوزىتسىيىلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ۋە ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىغا تېگىشلىك باھالارنى بېرىپ تۇرغان. مەسىلەن، مىرزا ھەيدەر (كوراگان) «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائى ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر قالدۇرغان: «ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى»①. مىرزا ھەيدەر مەزكۇر ئەسىرىدە يەنە نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە يۇكسەك باھا بېرىپ مۇنداق يازغان: «مىر ئەلىشىرنىڭ تەخەللۇسى ‹نەۋائى› دۇر. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە يۇكسەكرەك يازالىغان ئەمەس. نەۋائى شېئىر سەنئىتىنىڭ ئۇستازىدۇر. ئۇنىڭ

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشرى، 27- بەت.

تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرى ئابدۇرەھمان جامىنىڭ پارسچە شېئىرلىرى بىلەن ئوخشاشلا شۆھرەتكە ئىگە. نەۋائى پارسچە شېئىرلا- رىنمۇ كۆپ يازغان ھەمدە پارسچە شېئىرلىرىغا «فانى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. خەمسىچىلىكتە ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋىدىن كېيىن ھېچ- كىم نەۋائىدەك زور شۆھرەت قازانغان ئەمەس»①. «تارىخى رەشى- دىي» دە قالدۇرۇلغان نەۋائىنىڭ نەسەبى، مىللىي مەنسۇبىيىتى، ئە- دەبىي تەخەللۇسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار چوڭقۇر تارىخشۇنىلىك ۋە كۆچ- لۈك ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىدىلا ئەمەس، بەلكى نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى يۈكسەك باھالار ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمى تەتقىقاتىدىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ نەۋائى ئىجادىيىتى ھەققىدىكى باھاسى ئادەتتىكى تونۇشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى مىرزا ھەيدەردىن ئىبارەت يۇقىرى مەلۇماتلىق تارىخچى، ئالىم ۋە سەنئەتكەرنىڭ نەۋائى بەدىئىي ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇش، چوڭقۇر ئۆگىنىش، شۇنداقلا ئۇنى ئەينى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر يازغۇچى- شائىرلارنىڭ نادىر ئەسەرلە- رىنىڭ مەزمۇن يۈكسەكلىكى، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى گۈزەل- لىكى بىلەن چوڭقۇر، ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەستايىدىل ۋە ئادىل باھادۇر.

مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە يەنە ھەزرىتى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىنىڭ خاراكتېرى، پەزىلىتى ۋە تەڭداشسىز سەنئەت ماھارىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىلىپلا قال- ماي، بەلكى ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن ئۇچۇر بېرىلگەن، شۇنداق- لا مۇھەممەد بابۇر شاھنىڭ پەزىلەتلىرى، بەدىئىي ماھارەتلىرى، بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ باھالانغان. ئۇنىڭدا يەنە ھەسەن ئەلى جەلائىر، ئەسافى، ئاھى ھىلالى، بەنائى، مەۋلانا سەيفى قاتار- لىق شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىغا قىسقا ۋە مېغىزلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق باھا بېرىلگەندىن باشقا، بۇ دەۋردە

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى، 183-بەت.

ياشىغان مۇئەمماچىلار، كاتىپلار، سۈرەتگەرلەر (رەسسام)، نەققاشـ
لار، مۇزەھھىبلار (ئالتۇن ھەل بەرگۈچىلەر)، مۇغەننىلار (نەغمىـ
چىلەر)، ناخشىچى، غىجەكچى، بالىمانچى، خەتتات قاتارلىق كۆپلىـ
گەن سەنئەت شەكىللىرىدە بەلگىلىك ماھارەت بىلەن ئەلگە تۆھپە
كۆرسەتكەن سەنئەتكارلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىـ
سى ۋە سەنئەت ماھارەتلىرىگە تېگىشلىك باھالار بېرىلگەن.

يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىمۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق
ئالىم، شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن «دىۋان قىدىرى» ناملىق بىر
شېئىرىي توپلامنى پۈتكۈزگەن. ئۇ مەشھۇر مۇزىكا-مۇقامچى بولۇپلا
قالماي، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ئىدى. ئۇنىڭ «دىۋان قىدىرى» سىدە
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن چوڭقۇر ئىپتىخارلىنىش ۋە مۇقامغا
بولغان چەكسىز مۇھەببەت ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، ئون ئىككى
مۇقامنىڭ ماھىيىتى ۋە تەڭداشسىز ئىستىبتىك قۇدرىتىگە يۈكسەك
باھا بېرىلگەن نۇرغۇن گۈزەل مىسرالار بار. مەسىلەن:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جاھانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقتۇر ئۇنىڭ باھاسى.

بۇ مىسرالاردا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنىڭ گويا تاڭ شامىلىغا
ئوخشاش ھاياتبەخش، راھەتبەخش سەنئەت ئىكەنلىكى، رىتىمى، ئاھاـ
ڭى، جۇلاسى، ناۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى، لەززىتىگە بۇلبۇل ناۋاسىمۇ
تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ بۇ يۈكسەك مەنىۋى بايلىقنىڭ
قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغانلىقى چوڭقۇر ئىپتىخار
ۋە چىن ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. قىدىرىنىڭ مۇقام ھەققىدىكى
كۈچلۈك ھېسسىياتى مۇقامنى ئۇزاق مۇددەت ئۆگىنىش، ئورۇنداش،
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇقامنىڭ ماھىيىتى
ۋە رولىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىن كېيىن، يۈكسەك باھاسىنى ئوتتۇـ

رىغا قويغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بابۇر شاھ (زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرشاھ) 1483-يىلى پەرغانە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادا تەرەپتىن مەشھۇر ئىمپېراتور ئاقساق تۆمۈرنىڭ، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدۇر. ئۇ ئەينى چاغدا تىل، تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىيات، سىياسىي، قانۇن، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەن ئالىم، شائىرلاردىن ئىدى. ئۇ «بابۇرنامە»، «ئەسرارمۇسىقى»، «مۇپەسسەل»، «خەتتى بابۇرى»، «شەرھى مۇبەييەن»، «كۇللىيات بابۇر»، «مۇبەيىينۇل ئىسلام» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، بۇ دەۋردىكى سەنئەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى مەخسۇس مۇزىكىشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەر بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرى خېلىلا كۈچلۈك.

بابۇر شاھنىڭ «ئەسرار مۇسىقى» ناملىق كىتابى مۇزىكا ھەققىدىكى ئىلمىي، بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قىسىم تالانتلىق مۇزىكانتلارنىڭ مۇزىكا - مۇقامچىلىقتىكى بەدىئىي تالانتىغا، سەنئەت تۆھپىلىرىگە تېگىشلىك باھا بېرىلىپ، مۇزىكىنىڭ ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىپ، ئاجايىپ ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ مەۋلانا ساھىب بەلىخقا[1]دائىر بايانىدا مۇنداق بىر ۋەقە تىلغا ئېلىنىغان: «بىر كۈنى كابۇل شەھىرىدىكى بىر باغدا ئۇيۇشتۇرۇلغان شاھانە ئولتۇرۇشتا مەۋلانا ساھىب بەلىخ تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ ‹چۆل ئىراق› مۇقامىغا چېلىشقا باشلىغان. مۇزىكا ئىككىنچى ئەۋجىدىن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى ئەۋجىگە يەتكەندە، بىر بۇلبۇل تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونۇپ لەرزان سايراشقا باشلىغان، سورۇندىكىلەرمۇ چۇقان كۆتۈرۈپ، يىغلاپ، نەچچە كىشى بىھوش بولۇپ يۇمىلانغان، بۇلبۇلمۇ سايراپ-سايراپ، يەتتە-سەككىز قېتىم تەمبۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇپ بىھوشلىنىپ يەرگە

---

[1] مۆجىرىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا مۇزىكىنىڭ ئون بىرىنچى پىرى-ئۇستازى دەپ قەيت قىلىنغان. ئۇ ئىراننىڭ XV ئەسىردە ياشىغان شائىرى، مۇزىكانتى.

يىقىلىپ ئۆلگەن. پەيز تەسىراتىدىن مەۋلانا ساھىب بەلىخمۇ تەمبۇرنى تاشلاپ، بىھوش بولۇپ يىقىلغان. بىر سائەتتىن كېيىن بىھوشلارغا گۈلابلار سېپىلگەن، شارابى سورۇرلار ئىچۈرۈلگەن. ھەممە بىھوشلار ھوشىغا كەلگەن. ئەمما، مەۋلانا ساھىب بەلىخ ھوشىغا كەلمىگەن. ھېكىملارنىڭ (تېۋىپلارنىڭ) قىلغان چارە-تەدبىرلىرى كارقىلماي، ئاخىر شۇ ھوشسىز پېتى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان».[1]

بابۇر شاھ بۇ بايانى ئارقىلىق مۇزىكىنىڭ ئىستېتىك رولىغا يۈكسەك باھا بېرىپلا قالماي، بەلكى مەۋلانا ساھىب بەلىخنىڭ مۇزىكا ئورۇنداش ماھارىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىگىمۇ يۈكسەك باھا بەرگەن.

بابۇر شاھنىڭ «مۇپەسسەل» ناملىق ئەسىرىدە ئارۇز ۋەزنى ۋە ئۇنىڭ قاپىيىلىرى شەرھلەنگەن بولسا، «شەرھى مۇبەييەن» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرىيەتنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى ۋە ئەدەبىي تىل قاتارلىقلار شەرھلەنگەن. ئېنىقكى، مەيلى شېرىيەتتىكى ۋەزىن ياكى قاپىيە مەسىلىسى شەرھلەنسۇن ۋە ياكى شېئىرىيەتتىكى باشقا قائىدە-قانۇنلار شەرھلەنسۇن، چوقۇم بەلگىلىك كونكرېت ئەسەر كونكرېت تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شەرھلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق تەھلىلنى مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىد دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنداق تەھلىلنىڭ ئەدەبىي تەنقىد خاراكتېرىگە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. پاكىتلار شۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇكى، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۈزلۈكسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن بەلگىلىك تەربىيىۋى تەسىر ۋە ئېستېتىك زوق ئېلىشىدا كۆۋرۈكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق تەرەققىياتى

---

[1] ئابدۇرەھىم سبىت: «ئۇيغۇر كلاسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2-كىتاپ، 1-قىسىم، 66-بەت.

ۋە كەيپىياتى ھەققىدە غەيرەتجان ئوسمان ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەلىشىر نەۋائى» ناملىق ماقالىسىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قىسمىدا مۇنداق دېگەن: «ئومۇمەن، نەۋائى زامانىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، شىنجاڭدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، رەتلەش، كىتاب قىلىپ تارقىتىش ئىشلىرى ئىلمىي خىزمەت شەكلىدە ئالاھىدە بىر خىل كەيپىياتقا ئايلانغان. قەشقەر، خوتەن، كۇچادەك مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىلا ئەمەس، يەنە قۇمۇل، تۇرپان ۋە لوپنۇرغا ئوخشاش چەت، يىراق جايلاردىمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان. ئۆز زامانىسىدا خەتتاتلىق بىر خىل ئالاھىدە كەسىپ ھېسابلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ يېزىش ئەمەس ، بەلكى كۆپ ئوقۇغان بولۇش، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولۇش شەرت قىلىنغان. نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەتتات - كاتىپلار نوقۇل ئەسەر كۆچۈرگۈچىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئوقۇپ ئۆگەنگەن، يەنە شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى شائىرلىرى، بولۇپمۇ ئۇستازلىرىنىڭ ‹خەمسە› لىرى بىلەن يېقىن تونۇش، نەزەرىيە، تارىخ بىلىملىرىگە پىششىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى دېيىشكە بولىدۇ»①

دېمەك، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىق كەيپىياتى ئىنتايىن قىزغىن بولغان.

## 2. مىرزا ھەيدەر (كوراگان) نىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

مىرزا ھەيدەر (مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان) دوغلات قەبىـ

① «بۈيۈك شائىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى، 177-178-بەتكە قارالسۇن.

لىسىدىن، ئەينى چاغدا قەشقەرگە ھاكىم بولغان ھەيدەر مۇھەممەد مىرزا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1500 — 1551- يىللىرى ياشى-غان بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. مىرزا ھەيدەر يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇپ، سەئىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلانغان. ئوردىنىڭ مۇ-ھىم ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، كۆپ قېتىم ئەسكەر باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىق ھاكى-مىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بۇ جەمەتتىكىلەرنى باستۇرغان. شۇڭا، مىرزا ھەيدەر ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. كېيىن كەشمىردە تۇرۇپ قالغان. «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىنى كەشمىردە 1542 — 1546 - يىللىرى پارس تىلىدا يېزىپ تاماملىغان. ئەسەردە چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 1348-يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدىن باشلاپ شىنجاڭدا يەكەن خانلىقىنىڭ بارلىققا كې-لىشى، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ 1533-يىلى تەختكە چىقىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

گەرچە «تارىخى رەشىدى» تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بىر-بىرىگە زەنجىرسىمان باغلاپ بايان قىلىشتەك ئالاھىدىلى-كى نۇقتىسىدىن تارىخىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ۋەقەلەرگە بولغان كۆزقاراش ۋە بايانلار قويۇق ھېسسىيات تۈسىگە ئىگە شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغاچقا، خۇددى ئېپىك داستانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى تىل ئۇسلۇبىغا قاراپ بەدىئىي ئەسەر ياكى «تەزكىرە ئەدەبىياتى» دەپ قاراشقا بولىدۇ.

« ‹ تارىخى رەشىدى › نامى بىلەن يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھازىرغى-چە مەلۇم بولغانلىرى ئۈچ بولۇپ، بىرى، مىرزاھەيدەرنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نامىغا بېغىشلاپ يازغان مۇشۇ ئەسىرى؛ ئىككىنچى-سى، مۇشۇ ئەسەرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، ئابدۇرە-شىدخان نامىغا بېغىشلانغان، XVII ئەسىردە ياشىغان مەھمۇد جوراس-

نىڭ ‹ تارىخى رەشىدىي › ( زەيلى ) ناملىق ئەسىرى؛ ئۈچىنچىسى، ئى-رانلىق رەشىددىن پەيزۇللا ( 1241 — 1318-يىللار ) نىڭ ئۆز نامىدىكى ‹ تارىخى رەشىدىيە › ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا چىڭگىزخان ئىستىلاسى بايان قىلىنغان» . ①

مىرزا ھەيدەر ( كوراگان ) نىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى گەرچە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئەينى دەۋردە ياشىغان سۇلتانلار، ۋەزىرلەر، بەگلەر ۋە باشقا سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرى ۋە ئەسەرلىرىگە، پەزىلەتلىرىگە باھا بېرىلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەركىبلىرى بار. بىز ئەنە شۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەركىبلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

«تارىخى رەشىدىي» دە زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھ ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بابۇر شاھ ھەرخىل پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، تۈرلۈك ئېسىل خىسلەتلەر بىلەن بېزەلگەن پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە خىسلەتلىرى ئىچىدە شىجائەت ۋە مۇرۇۋۋەتى زىيادە ئىدى. ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىن تۈركىي تىلدا شېئىرنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك ئېيتمىغان بولغىيتتى. ناھايىتى نازاكەتلىك ۋە لاتاپەتلىك تۈركىي دىۋانى بار. يەنە نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان ‹ مۇبەيىيەن › ناملىق مەسىلە كىتابى بار. بۇ كىتاب ناھايىتى پايدىلىق ۋە ھەممە خالايىققا ياققان رىسالىدۇر. يەنە ئۇ تۈركىي تىلدا ‹ ئارۇز رىسالىسى › يازدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم ئارۇز ئىلمىنى تۈركىي تىل بىلەن مۇنداق ياخشى بايان قىلمىغان بولغىيتتى. يەنە ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاتىلىرىنىڭ رىسالىسىنى نەزملەشتۈرۈپ يېزىپتۇ. يەنە ‹ ۋەقايىئ › ( ۋەقەلەر ) ناملىق تۈركىي تىلدىكى تارىخ كىتابىنى يېزىپتۇ. بۇ كىتاب

① ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 2-كىتاب 1-قىسىم 23-بەتكە قارالسۇن.

ناھايىتى باغلىنىشلىق، تىلى ئىنتايىن پاكىز ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلىپتۇ. بۇ كىتابتا ئۇ تارىختىن بەزى رىۋايەتلەر بايان قىلىنغۇسى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى (بۇ جەمەت) پادىشاھلىرى ئارىسىدا مۇزىكا ئىلمى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىلىم ۋە پەزىلەتلەرجەھەتتە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك كىشى يوق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ باشتىن كەچۈرگەن غارايىپ ۋەقەلەر ۋە ئاجايىپ جەڭلەر ھەقىقەتەن ئىنسان بالىسى ئىچىدىن باشقىلارغا دۇچ كەلمىگەن بولغىيتتى». ①

يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق مۇئەللىپ بابۇر شاھنىڭ خاراكتېرى، پەزىلىتى ۋە كەچمىشلىرىگە، تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشتىكى بەدىئىي ماھارىتىگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىپلاقالماي، بەلكى بابۇر شاھنىڭ يازغان كىتابلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئۇچۇر بەرگەن. يەنە بەزى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، ئۇسلۇبىنى يۇكسەك باھالىغان.

«تارىخى رەشىدىي» دە يەنە ھەزرىتى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ زامانىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەۋلىيالار ۋە ئۇلۇغ مۇرشىد پېشۋالار بارئىدى. ھەزرىتى مەۋلانا جامى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئەڭ پازىل كىشى ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇق سادالىرى تەرىپ - تەۋسىپ قىلىشقا موھتاج بولغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ كەمىنىدە ئۇ زاتنىڭ تەرىپ - تەۋسىپىنى بايان قىلغۇدەك لاياقەت يوق. ھالبۇكى، ئۇ زات تەرىپ ۋە تەۋسىپكە ئېھتىياجلىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھايات سىلسىلىسى ئىچىدىكى بەزى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنىدۇ.

بىلمەك كېرەككى، ھەزرىتى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى بولسا ھەزرىتى مەۋلانا سەئىددىن قەشقەرىنىڭ مۇرىتىدۇر. ئۇ (سەئىددىن قەشقەرى) بولسا ھەزرىتى مەۋلانا نىزامىددىن خامۇشنىڭ مۇرىتىدۇر.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىللىق 2- سان، 23-بەتكە قارالسۇن.

ئۇ (مەۋلانا نىزامىددىن خامۇش) ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن ئەتتار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇرىتىدۇر. ئۇ زات بولسا مۇرشىدلار پېشۋاسى، يول باشلىغۇچىلارنىڭ سەرۋىرى، تەڭرىگە يېقىنلىشىش زەنجىرىنىڭ باش ھالقىسى ھەزرىتى خاجە بەھائىددىن نەقشبەندى— ئۇنىڭغا رەھمەت، مەغپىرەت ۋەجەننەت نېسىپ بولغاي— نىڭ مۇرىتىدۇر.»[1]

...

«ھەزرىتى مەۋلانا جامى ئۆزىنى ھېچكىمگە تونۇتمىغان ھالدا سەمەرقەندكە كەلگەنىدى. بىر كۈنى هاممامغا كىردى. ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ مۇبارەك بەدىنى ناھايىتى تۇكلۇك ئىدى. بۇنى كۆرۈپ بىر سەمەرقەندلىك ئۇنىڭغا: ‹ھاي خۇراسانلىق، هاممامغا جۇۋا بىلەن كىرگىنىڭ نېمىسى؟› دېدى. ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭغا: ‹سەمەرقەندىكلەرنىڭ مىجەزى ناھايىتى سوغۇق ئىكەن، ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇقىدىن هاممامدىمۇ جۇۋىسىز يۈرگىلى بولمايدۇ› دېدى. ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ بۇنداق لەتىپىلىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئالەم ئەھلىنىڭ ئاغزىدا كەڭ تارقىلىپ، ھەممىگە تونۇلغان ۋە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن.»[2]

مۇئەللىپ ھەزرىتى مەۋلانا جامى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى بايانلىرىدا ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ سالاھىيىتى ، جەمئىيەتتىكى ئىززەت-ئابرۇيى، ئالغان تەربىيىسى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا مۇھىم ئۇچۇر ۋە يۇقىرى باھالارنى بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ تالانتلىق چاقچاقچى-لەتىپىچى ئىكەنلىكى، لەتىپىلىرىنىڭ ھەم كۆپ، ھەم يۇقىرى ئېستېتىك كۇچكە ئىگە ئىكەنلىكى، لەتىپىلىرى تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ ئاجايىپلىقى بىلەن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا كەڭ تارقالغانلىقىغا ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بەرگەن.

«تارىخى رەشىدىي» دە ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىـ

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 4-سان 20-بەتكە قارالسۇن.
[2] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 4-سان 26-بەتكە قارالسۇن.

يەتلىرى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ھەزرىتى مەۋلانا جامى— ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي— نىڭ يازغان كىتابلىرىدىن خەلق ئىچىدە تونۇلۇپ، مەشھۇر بولغانلىرىدىن بىرى〈 شەۋاھىدۇن نەبۇۋۋەت〉 تۇر؛ يەنەبىرى〈 نەفاھاتۇل ئۈنس〉؛ يەنە بىرى 〈ھەفت ئەۋرەڭ〉 بولۇپ، نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان يەتتە كىتابتۇر. يەنە بىرى〈 كافىيەنىڭ شەرھى〉 بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ مەشھۇر نامى 〈شەرھى موللا〉 دۇر. يەنە بىرى نەزمىي 〈ئەربەئىن〉 دۇر، يەنە بىرى〈 لەۋايىھ〉، يەنە بىرى〈 شەرھىي لەمەئات〉؛ يەنە بىرى 〈فۇسۇسۇل ھەكىم 〉؛ يەنەبىرى 〈شەرھى قەسىدەئى ھەمرىيە 〉 (فارىغىيە)؛ يەنە بىرى 〈شەرھى رۇبائىيات؛ يەنە ئۈچ دىۋان؛ يەنە 〈رەسائىلى مۇئەمما ۋە ئىنشا〉 قاتارلىقلار. يەنە بۇنىڭدىن باشقىمۇ يازغان كىتابلىرى كۆپ بولۇپ، 〈نەفاھاتۇل ئۈنس〉 نىڭ شەرھىيسىنىڭ ئاخىرىدا مەۋلانا ئابدۇلغەفۇر ئۇلارنى بايان قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىرائەت قىلىنىدىغان كىتابلارمۇ بار.»[1]

مىرزا ھەيدەر (كوراگان) يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ـ ئىقتىدارغا ئىگە شۆھرەتلىك مۇتەپەككۇر شائىر، ئالىم ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى يۇكسەك ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

مىرزا ھەيدەر بۇ ئەسىرىدە يەنە ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھلىل، تەتقىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇرنىڭ «〈نەفاھان〉 نىڭ شەرھى» دېگەن كىتابىدىكى جامى ھەققىدىكى مۇنۇ بايانلارنى نەقىل كەلتۈرگەن:

«ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ شېئىر ۋە نەزملىرى شۇ دەرىجىدە مەشھۇردۇركى، بۇنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق. ئەمما، مەشھۇر بولمىغان بىر غەزىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 4-سان 72-بەتكە قارالسۇن.

بېيىتى يېگانە ھەرپلەردىن تەرتىپلەنگەن. بۇ ھەرپلەرنىڭ ھېچقايىسسى يەنە بىر ھەرپكە قوشۇلمايدۇ. ئىككىنچى بېيىتى ئىككى ھەرپتىن، ئۈچىنچى بېيىتى ئۈچ ھەرپتىن، تۆتىنچى بېيىتى تۆت ھەرپتىن، بەشىنچى بېيىتى بەش ھەرپتىن تەركىب تاپقان. بۇ خىل ئاجايىپ سەنئەتنى تەۋرروۈك بىلىپ، بۇ يەردە زىكىر قىلىمىز. غەزەل بۇ دۇر:

رۇخى زەرد دارەم زىدەۋرىئى ئان دەر،
زىدەھ داغى دەردەم دەرۇنى دىل ئازار.
تەنى مەن چۇ كاھەد[①]شەبى فۇرقەتى تۇ،
چۇ مەھ نەۋكى باشەد[②] بەدىن گۇنەلاغەر،
خەتەت خىزىر جەئدى كەجەت[③] مۇشكى تىبەت،
تەنەت سىمۇ لەئلى لەبەت تەڭگى شەككەر.
بەجەننەت نەئىمى شەھىدى مۇھەببەت، [④]
بىھىشتى مۇخەللەد نەسىبى مۇھەققەر.
بەلەبھا مەلىھى بەتەلئەت سەبىھى،
بەگۇفتەن فەسىھى بەگىيسۇ مۇئەنبەر.

مەنىسى: سېنىڭدىن يىراقتا قالغاندىن بېرى چىرايىم سارغايدى. كۆيۈك ۋە دەرد ئازابىدىن قەلبىم ئوتخانىغا ئايلاندى.

سېنىڭ ھىجرانىڭ كېچىسىدە مېنىڭ تېنىم شۇ قەدەر يىگلەپ كەتتىكى، گويا يېڭى چىققان ئايدەك ئورۇق ۋە ئاجىز بولدۇم.

سېنىڭ مىيىقلىرىڭ كۆك، جىڭگىلەك چاچلىرىڭ تىبەت ئىپارىدەك خۇش پۇراق ۋە قاپقارا، بەدىنىڭ كۇمۇشتەك ئاق، ياقۇتتەك لەۋلىرىڭ ئىنتايىن تار ۋە شېكەردەك تاتلىق.

مۇھەببىتىڭنىڭ قۇربانى بولۇش مەن ئۈچۈن جەننەت نېمىتىدۇر، ئۇنىڭ ئالدىدا بېھىشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق.

سېنىڭ لەۋلىرىڭ لەززەتلىك، چىرايىڭ گۈزەل، سۆزلىرىڭ

---

① بۇ سۆزلەر پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «كاست» دېيىلگەن. پارسچە ئۈچىنچى نۇسخىدا «چۇنەن كاست گۇيى» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز پارسچە ئۈچىنچى نۇسخىدا «مەھى نەۋكى» دېيىلگەن.
③ بۇ سۆز پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «زۇلفى» دېيىلگەن.
④ بۇ سۆز پارسچە ئۈچىنچى نۇسخىدا «مۇقىمى» دېيىلگەن.

يېقىملىق، چاچلىرىڭ ئەنبەر كەبى خۇش پۇراق. »①

ھەزرىتى مەۋلانا جامى ھەققىدىكى يۇقىرى باھالار گەرچە ئابدۇلغەفۇرنىڭ ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى باھا پوزىتسىيىسى بولسىمۇ، لېكىن مىرزا ھەيدەر ئاشۇ باھالار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن. شۇڭا، بۇ باھالار ئەمەلىيەتتە مىرزا ھەيدەرنىڭ جامىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىگە بەرگەن باھاسى ھېسابلىنىدۇ.

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلغان:

«بۇ زاتنىڭ تەخەللۇسى نەۋائىدۇر. تۈركىي شېئىرنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچكىم راۋان، گۈزەل، مەزمۇنغا باي ۋە ئۇنىڭچىلىك ھەددى-ھېسابسىز نەزم ئۇسلۇبىغا كەلتۈرەلمەپتۇ. ئۇ زات بۇ پەنگە ئۇستازدۇر. ئۇنىڭ تۈركىي شېئىرلىرى ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ پارسىي شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا زور شۆھرەتكە ئىگىدۇر.

ئەمما، ئەمىر ئەلىشىرنىڭ پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىمۇ تولا، پارسىي شېئىرلىرىدا «فانى» تەخەللۇسى قوللىنىپتۇ. ھەزرىتى خاجەھافىز شىرازى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ دىۋانلىرىغا جاۋابەن دىۋان تۈزۈپتۇ. »②

«ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئۈچ تۈركىي دىۋانى، بىر پارسىي دىۋانى بار. تۈركىي تىلدا (تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا)، (تۈركىي خەمسە) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپتۇ. بۇنىڭدىن بۆلەك يازغان كىتابلىرىمۇ تولا. بىرلا پارسچە دىۋاندىن باشقا ھەممە ئەسەرلىرى تۈركىي تىلدا تەسنىپ قىلىنغان.

ئەمىر ئەلىشىر ئەسلىي ئۇيغۇرنىڭ باخشىلىرىدىندۇر. ئاتىسىنى (كىچىككىنە باخشى) دەپ ئاتايتتى. ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىلەن كىچىك ۋاقتىدىن

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىللىق 5- سان 6-بەتكە قارالسۇن.
② «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىللىق 5-سان 7-بەتكە قارالسۇن.

باشلاپ دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى. سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا پادى-
شاھ بولغاندىن كېيىن، ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭ خىزمىتىگە باردى.
مىرزا ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلدى. ئەمما، ئەلىشىر بولسا پەزىلەت ئىگى-
لىرىگە پەرۋىش قىلدى. شۇ ئەسىردىكى تەڭداشسىز ئالىم ۋە پازىل
كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تىرىشچانلىقى، تەربىيە ۋە
پەرۋىشكارلىقى بىلەن كامال تاپتى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بايلىقى شۇ
دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ھەممە مال - مۈلۈك، ئۇسكۇنىلىرىدىن ھەر
كۈنى ئۇنىڭغا ئون سەككىز مىڭ شاھرۇخى[1] كىرىم بولاتتى. ئۇنىڭ
ھەممىسىنى پەزىلەت ئىگىلىرى ئېھتىياجلىرىغا سەرپ قىلات-
تى. بەزى كۈنلىرى ئازراق بىرنەرسە ئاشاتتى. بەزى كۈنلىرىدە ئون
سەككىز مىڭ شاھرۇخى تولۇق سەرپ بولاتتى. ئاخىرقى ئۆمرىدە
بارلىق مۇلازىملىرى، ئەمىرلىك ھەشەمىتى ۋە شاھانە ئۇسكۇنىلىرى-
نىڭ ھەممىسىنى ئەمىر بابا ئەلىگە تاپشۇردى. ئەمىر بابائەلى شۇ
ئەسىردىكى سىپاھلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشى ئىدى. ئەمىر
ئەلىشىر ئۆزى لەشكىري ئىشلاردىن ئىستېپا بېرىپ، سۇلتان ھۇسە-
يىن مىرزا بىلەن سۆھبەتداش بولدى؛ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ھاجەت-
مەنلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلاتتى؛ پەزىلەت ئىگىلىرىگە
پەرۋىش قىلاتتى. مال-مۈلۈك، ئەسۋابلىرىنىڭ پۈتكۈل مەھسۇلاتىنى
خالىس ھالدا تەڭرى يولىدا ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلاتتى. شۇ قەدەر
تولا مەسچىت، لەڭگەر ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدىكى، ئېھتىمال كۆپ
ئىمارەتلەرنى ئالەم سەھىپىسىدە ئانچە كۆپ كىشى بىنا قىلالمىغان
بولغىيتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇراساندا ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچى-
سى ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇ ئەسىردىكى پەزىلەت ئەھلى ئىچىدە ئۇنىڭ
پەرۋىش قىلىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولمىغان ھېچكىم يوق.

ئەمما، ئەمىر ئەلىشىر ئىنتايىن نازۇك، زېرىپ كىشى ئىدى.
ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىدەك نازۇك ۋە زېرىپ بولۇشىنى ئىستەيتتى.
خالايىققا بۇنداق بولۇش مۇشكۇل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر

[1] شاھرۇخى — شاھرۇخ مىرزا نامىغا قۇيۇلغان ئالتۇن پۇل.

ئەمىر ئەلىشىردىن ئازار يەيتتى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ نازۇكلۇقتىن
باشقا ئەيىبى يوق ئىدى. ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك، مەرد ۋە دۆلەتمەن
كىشى ئىدى. پۈتكۈل ئۆمرىنى ياخشى ئىشلار بىلەن يەككە-يېگانىلىق
ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

ھاسىلى دەريانىڭ ئىرۇر بىر گۆھەر،
بەس، كىشىدە بولسا ئەگەر بىر ھۈنەر.

دېمەك، ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بولسا بىر ئەيىبىدىن ئۆزگىسى
پۈتۈنلەي ھۈنەر ئىدى.»[1]

مىرزا ھەيدەر يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق بۈيۈك شائىر ئەلىشىر
نەۋائىينىڭ تەخەللۇسى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تۈركىي تىل
بىلەن ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ۋە گۈزەل شېئىرلارنى يازالمىغانلى-
قى، تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ جامىنىڭ پارسىي شېئىرلىرىغا
ئوخشاشلا شۆھرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، تۈركىي ۋە پارسىي دىۋانلى-
رى، نەسەبى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن ئۇچۇر بېرىپلا قالماي،
تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى، نۇرغۇن ئالىم ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەش-
كە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىشتەك پىداكارلىقى، ئىلىم-مەرىپەت-
پەرۋەرلىكى، مەرد ۋە پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىدەك ئېسىل پەزى-
لەتلىرىگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بەرگەن. مۇئەللىپنىڭ يۇقىرىقى باھا-
لىرىدىن ئۇنىڭ ئەلىشىر نەۋائىغا بولغان يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمىتى
ۋە چىن ئىخلاسىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولى-
دۇ.

مۇئەللىپ يۇقىرىقى بايانلىرىنىڭ ئاخىرىدا نەۋائىينىڭ ئىنتايىن
نازۇك ۋە ئەستايىدىل كىشى ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن بەزى كىشى-
لەرگە ئازار بېرىپ قويىدىغانلىقى، نازۇكلۇقتىن باشقا ئەيىبىنىڭ
يوقلۇقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، نەۋائىدەك تەڭداشسىز ئالىم،
مۇتەپەككۇر شائىر، پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئۈلگە بولالايدىغان گۈزەل

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 8-، 9-بەتلىرىگە قارالسۇن.

پەزىلەتلىك، ئەۋلىيا سۈپەت بىر زاتنىڭ ئەيىبلىرىنىمۇ يوشۇرماستىن تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئادىل باھا بەرگەن.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەردىكى نەۋائىشۇناسلار ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مىللىي مەنسۇبىيىتى ھەققىدە كەسكىن تالاش-تارتىشلاردا بولۇپ كەلگەن. «تارىخى رەشىدىي» دە بايان قىلىنغان نەۋائىنىڭ مىللىي مەنسۇبىيىتى ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار بىزنىڭ ئەلىشىر نەۋائىنى ئۇيغۇر شائىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى غەيرىي قاراشلارغا ئۈنۈملۈك رەددىيە بېرىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي پاكىت بولۇپ قالدى.

«تارىخى رەشىدىي» دە شائىر ھەسەن ئەلى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ھەسەن ئەلى جەلائىرنىڭ تەخەللۇسى ‹تىفەيلى› ئىدى، سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ نائىبلىرىدىن ئىدى. نەچچە مۇددەتلەرگىچە پەرۋانىچى (ۋەزىر) بولدى. قەسىدە ئېيتىشتا تەڭداشسىز بولۇپ، گويا سەلمان[1] ۋە زاھىر[2] بىلەن باراۋەر ئىدى. رادىپى ‹شىكەست› دېگەن سۆز بىلەن بىر گۈزەل قەسىدە ئېيتقانىكەن. ھېچكىم قەسىدىنى ئۇ قەسىدىدەك ياخشى ئېيتمىغان بولغىيتتى. شۇ قەسىدىدىن بىرنەچچە بېيىت قىسقارتىپ ئېلىندى:

نەخلى قەددەت جىلۋە كەرد قەدرى سەنەۋبەر شىكەست،
لەئلى لەبەت خەندزەد قىيمەتى گەۋھەرشىكەست.
پىستەئى تۇغۇنچەت راچۇن بەدەرۇنى زەدگىرەھ،
غۇنچەئى تۇپىستەراخەندە بەلەبى دەرشىكەست.
مەردۇمەكى چەشمى ئۇكەندى بىنايى خىرەد،
فىتنەئى يەئجۇج بەستى سەددى سكەندەرشىكەست.
نەۋھەئى قۇمرى چەراست گونە زىياد قەددەت،
سەرسەرى ئاھەم بەباغ قامەتى ئەر-ئەرشىكەست.

---
[1] سەلمان — شائىر سەلمان ساۋەجى.
[2] زاھىر — شائىر زاھىر فارىيابى.

هامىئى ئەمنۇ ئەمان شاھى بەدىئۇززەمان،
ئانكى بەبازۇيى ئەدل پۇشتى ستەمگەرشىكەست.

مەنىسى: قامىتىڭ كۆچىتى ھەرىكەت قىلىۋىدى، سەنۇبەر دەرەخنىڭ قىممىتى قالمىدى. ياقۇت لەۋلىرىڭ كۈلگەنىدى، گۆھەرنىڭ باھاسى چۈشتى.

پىستىدەك ئاغزىڭ غۇنچىنى ئىچ-ئىچىدىن تۈگۈلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. غۇنچىدەك لەۋلىرىڭ پىستىدەك كۈلگىنىدە ئۇنچە-مارجاننىڭ ئېتىبارى يوقالدى.

گويا يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ پىتنە-پاساتلىرى ئىسكەندەر سېپىلىنى خاراب قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئەقىل-ئىدراك بىناسىنى بۇزدى.

پاختەكنىڭ يىغا-زارى ئۇنىڭ قامىتىنى ئۆستۈرسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئاھۇۋاھلىرىم بورىنى باغدىكى ئارچىنىڭ قامىتىنى سۇندۇردى.

تىنچ-ئامانلىقنىڭ ھىمايىچىسى شاھبەدىئۇززەماننىڭ ئادالەت قوللىرىدا زالىملار تايانچلىرى يېڭىلدى.»①

مىرزا ھەيدەر يۇقىرىقى بايانلىرى ۋە كونكرېت شېئىرىي نەقىللەر ئارقىلىق شائىر ھەسەن ئەلىنىڭ قەسىدە ژانىرىدا تەڭداشسىز ماھارەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە، شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە يۇكسەك باھا بەرگەن.

مىرزا ھەيدەر بۇ ئەسىرىدە يەنە بەنائى ناملىق شائىر ھەققىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«بەنائى پازىل كىشىدۇر ۋە كامىل شائىردۇر. ئۇ زات بىلەن ئەمىر ئەلىشىر ئارىسىدا دائىم مىتە ۋە چاقچاقلار تولا يۈز بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن چاقچاقلار ناھايىتى مەشھۇردۇر. شۇ چاقچاقلارنىڭ بىرى شۇكى:

مەۋلانا بەنائى ئەمىر ئەلىشىرگە تولا چاقچاق قىلاتتى. ئەمىر

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5- سان 9 - بەتكە قارالسۇن.

ئەلىشىرمۇ چاقچاق قىلىپ: ‹مەۋلانا بەنائى سارالڭ بوپتۇ؟ شىپاخانىغا ئېلىپ بېرىپ، تاپىنىغا نوقۇت قايناتمىسىنى قۇيۇپ داۋالاڭلار› دېدى. مەۋلانا بەنائى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇ سۆزىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، قېچىپ ئىراق زېمىنىغا باردى. ئۇ يەردە سۇلتان يەئقۇبنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ئېرىشتى. نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن يەنە ھىراتقا قايتىپ كەلدى. ئەمىر ئەلىشىر ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ناھايىتى مۇلايىملىق ۋە مۇھەببەت بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغا ئىنئام ۋە ئېھتىراملارنى بەخش ئەتتى. ئۆتكەنكى رەنجىشلەر ئۇچۇن ئۆزرە ئېيتتى. مەۋلانا بەنائىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان چاقچاقلىرى ئۇچۇن كەچۇرۇم سورىدى. ئۇلار ئىنتايىن يېقىن دوستلۇق قائىدىسىنى بەجاكەلتۈرۈشتى. ئەمىر ئەلىشىر مەۋلانا بەنائىدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، سۆز ئارىسىدا: ‹ئىراق زېمىنى قانداق ۋىلايەت ئىكەن؟ ئۇيەردىكى خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە مىجەزى قانداق ئىكەن؟› دەپ سورىدى. مەۋلانا بەنائى جاۋاب بېرىپ: ‹ياخشى ۋىلايەت ئىكەن. خەلقىنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى ، ئادەت ۋە مىجەزلىرىمۇ ماختاشقا لايىق ۋە يېقىملىق ئىكەن. خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئوبدان بىر خىسلىتى بارئىكەن› دېدى. ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭدىن: ‹قانداق خىسلىتى بارئىكەن؟› دەپ سورىدى. مەۋلانا بەنائى جاۋاب بېرىپ: ‹ئىراق خەلقى تۈركىي شېئىرغا پەقەت ئېتىبار قىلمايدىكەن. تۈركىي تىلدا شېئىر ئېيتىدىغان كىشى ئەسلا يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى تولىمۇ ياخشى كۆردۇم› دېدى. ئەمىر ئەلىشىر: ‹تېخى ھوشۇڭغا كەلمەيسەن. ئەمدى مۇنداق دەخلى - تەرۇز قىلىشلىرىڭنى تاشلاپ، راستلىق ۋە توغرىلىق بىلەن ئېيتقىن. مېنىڭ دىۋانىمدىكى شېئىرلىرىمدىن ئىراق خەلقى قايسىسىغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ؟ قايسى نەزمەمنى ياقتۇرىدىكەن؟› دەپ سورىدى. مەۋلانا بەنائى جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ‹سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز ئىچىدىن بۇ مەتلەئىڭىزنى ياقتۇرىدىكەن›.

كۆكرەكىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھەنىدىن چاكرەك،

كىرپىكىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزەدىن چاكرەك.

ئەمما، بۇ مەتلەئنى مەۋلانا ساھىبى ئېيتقان بولۇپ، ئەمىر

ئەلىشىر ساھىبىغا ئىلتىماس قىلىپ، بۇ مەتلەئنى داۋاملاشتۇرۇپ غەزەل قىلغان ۋە ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزگەنىدى. ئەمىر ئەلىشىر مەۋلانا بەنائىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چېھرىنى ئۆزگەرتىپ: 〈سەن ئاجايىپ جېدەلخور ئادەمسەن. بۇ مەتلەئ مېنىڭ ئەمەس، مەۋلانا ساھىبىنىڭ ئەمەسمۇ؟ سەن مەن بىلەن قەستەن قارشىلىشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتىسەن〉 دېدى. مەۋلانا بەنائى: 〈مېنىڭ سىزگە چېقىلىشقا ھەددىم بارمۇ؟ بۇ مەتلەئنىڭ سىزنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئىراق خەلقى ناھايىتى ياقتۇرۇپ، ياخشى كۆرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا مەتلەئلىرىڭىزمۇ بار〉 دېدى. ئەمىر ئەلىشىر: 〈ئۇ قايسى مەتلەئ؟〉 دەپ سورىدى. مەۋلانا بەنائى ئېيتتى:

باشىمىزدىن سايەئى سەرۋى قەددىڭ كەم بولماسۇن،
زاتى پاكىڭ بولماسا ئالەمدە ئادەم بولماسۇن.

لېكىن، بۇ مەتلەئمۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەمەس ئىدى، ئۇنى مەۋلانا لۇتفى ئېيتقانىدى. ئەمىر ئەلىشىر ئۇنى غەزەل قىلىپ دىۋانىغا قوشقانىدى. شۇڭا، ئەمىر ئەلىشىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا غەزەپلەندى: 〈بۇ مەتلەئ مەۋلانا لۇتفىنىڭ ئەمەسمۇ؟ سەن بىلىپ تۇرۇپ قەستەن مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتىسەن. ئادەمگە چېقىلىشنى زادىلا تاشلىماپسەن!〉 دەپ غەزەپ بىلەن كايىپ، ئۇلتۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى.»①

مىرزا ھەيدەر يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئالدى بىلەن مەۋلانا بەنائىغا قىسقىچە باھا بەرگەن، ئاندىن بەنائى بىلەن نەۋائى ئوتتۇرىسىدىكى چاقچاقلارنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق بەنائى بىلەن ناۋائىغا بولغان ئوخشىمايدىغان پوزىتسىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد خاھىشىنى ئىپادىلىگەن. يەنە مەۋلانا بەنائىنىڭ ئۆزى ماھىر شائىرلاردىن بولسىمۇ، لېكىن قەستەن كىشىلەرنىڭ يېغىرىغا تېگىشنى ئادەت قىلىۋالغان ناچار خاراكتېرلىك ئادەملىكى، تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياقتۇرمايدىغان، تۈركىگۈي شائىرلارنى كەمسىتىش خاھىشى ئېغىر بولغان پارسگۇيلاردىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 10-، 11-بەتلىرىگە قارالسۇن.

بولغان تەنقىدىي قارىشىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر جەھەتتىن نەۋائىنىڭ ئۆزى بىلەن باشقا ئىنىمدىكى شائىرلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئادەمگەرچىلىكنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئىسىل ئىنسانىي خىسلىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى نەۋائىنىڭ تۈركىي تىل ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىدىغان، ھەققانىي، ئادىل، تۈركىگۈيلۈق ئەدەبىيات ئىقلىمىنىڭ داھىيسى بولۇشقا مۇناسىپ بۈيۈك شائىر ئىكەنلىكىگە يۇكسەك باھا بەرگەن.

«تارىخى رەشىدىي» دە مۇئەممما (شېئىرىي تېپىشماق) چىلار ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ دەۋرىدە مۇئەممما ئېيتىدىغان پەزىلەت ئىگىلىرىمۇ تولا ئىدى. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى مۇئەممماالارنى ئېيتقان. ئەمما، تۆۋەندىكى پەزىلەت ئىگىلىرى مۇئەممما پېنىنىڭ ئۇستازلىرىدۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ باشقا پەزىلەتلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن مۇئەممما پېنىدە ماھارەتلىرى يۇقىرىدۇر.

شۇ جۇملىدىن ئەمىر ھۇسەيىن مۇئەممما پېنىدە تەڭداشسىزدۇر. بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئاجايىپ بىر رىسالىسى بار. ‹سوھراب› دېگەن ئىسمغا ئېيتىلغان بۇ مۇئەممما شۇلاردىن بىرىدۇر:

يافتەم ئەز دەردى مەيخانەئى تەرسا شەرەخى،
ھاسىلى مەدرەسە ئەكنۇن تەرەخى ماتەرەخى.

(تەرسالار مەيخانىسىنىڭ شەرىپىدىن ۋە مەدرىسەدە ئۆگەنگەنلىرىمدىن شۇنى چۈشەندىمكى ، بىز ھەممىمىز بىر تەرەپتە، ئۇنىڭدىن باشقا مەۋلانا بەدەخشى مۇئەممايى ۋە مەۋلانا شىھاب مۇئەممايى ۋە يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن مۇئەمماچىلار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى مەشھۇر. » ) [1]

يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق مۇئەللىپ ئەينى زاماندا مۇئەممما ژانىرىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقى، نۇرغۇن مۇئەمماچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىقىنى كەلگەنلىكى، شۇ دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇئەمماچىلى-

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 21-، 31- بەتلىرىگە قاراڭ.

قىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەن.

«تارىخى رەشىدىي» دە خەتتاتلار ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«مەۋلانا سۇلتان ئەلى مەشھەدى قىتئە نەۋىسلىكتە ۋە پۇتكول جەللى ۋە خەفى خەتلىرىنى يېزىشتىلا ئەمەس، بەلكى نەسخ ۋە تەئلىق خەتلىرىدىمۇ بىردەك ئىپتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچكىشى ئۇنىڭدەك خەت يازمىغان بولغىيتتى. مەۋلانا سۇلتان ئەلى ئۆز خېتىنىڭ ھەممە سۈپەتلىرى ۋە گۈزەللىكىدە تەڭداشسىزدۇر. خۇسۇسەن مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ خېتىدە بار بولغان يېقىملىق خۇسۇسىيەت ۋە نازاكەت ھېچكىشىگە مۇيەسسەر بولماپتۇ. مەۋلانا سۇلتان ئەلى خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى ھەققىدە بىر رىسالە يېزىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئاشۇ رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹شۇ ھالەتتە مەشىق قىلىپ يۈرەتتىم. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئىمام ئەلى مۇسا رىزا (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) نىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھلىرىدا تۇراتتىم. بىر كۈنى چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى، تەڭرىنىڭ غالىب شىرى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (تەڭرى ئۇنىڭ يۈزىدىن ياخشىلىق قىلغاي) ماڭا بىر قەلەم ئىلتىپات قىلدى. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسام خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ ھەممىسى ماڭا باش ئېگىپتۇ.›

مەۋلانا سۇلتان ئەلى دەسلەپكى مەشىق قىلىدىغان ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچىلا خەتلەرنى بىر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈپ يازاتتى. ئۇنىڭ يارغانلىرى ئاۋام خەلققە خۇش ياقاتتى. ئەمما، كاتىپلار ئۇنى قوبۇل قىلمايتتى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد كوراگاننىڭ بىر خەمسەسى بار بولۇپ، ئۇنى مەۋلانا جەئفەرباشىتىن باشلاپ كۆچۈرۈپ، ئاخىرىغا يەتمەي ناتامام ھالەتتە قالغاندى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا: ‹بۇ (خەمسە) نىڭ قالغان قىسمىنى پۇتۇپ تامام قىلىپ بېرىدىغان بىر كىشى بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ خېتى مەۋلانا جەئفەرنىڭ خېتىگە پۇتۇنلەي ئوخشايدىغان بولسا› دەپ سورىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەۋلانا سۇلتان ئەلى خېلىلا شۆھرەت قازانغانىدى، شۇڭا

كىشىلەر: 〈 هازىر بىر ياش يىگىت بار، ھۆسنخەت يېزىشتا ناھايىتى مەشھۇر. ئېھتىمال بۇ چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئاشۇ يىگىت چىقالىشى مۇنكىن 〉 دېيىشتى. شۇندىن كېيىن مەۋلانا سۇلتان ئەلىنى ئېلىپ كېلىپ، مەۋلانا جەئفەر پۈتكەن 〈 خەمسە 〉 نى كۆرسەتتى. مەۋلانا سۇلتان ئەلى بۇ ئىشنى شۇ ھامان قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئېلىپ بېرىپ بىر جۇزئىي (بىر پارچە) پۈتۈپ ئېلىپ كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇنى مەۋلانا ئەزھەر ئالدىغا ئېلىپ باردى. مەۋلانا ئەزھەر سۇلتان ئەلىنىڭ پۈتكەن خېتىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى-دە: 〈 بۇ سېنىڭ خېتىڭ ئەمەس، مەۋلانا جەئفەرنىڭ خېتىنى مېنىڭ خېتىم دەۋاتىسەن! 〉 دەپ، نەچچە كۈنگىچە سۇلتان ئەلىنى مەھبۇس قىلىپ قويىدى، ئاندىن كېيىن قاماقخانىدىن چىقىرىپ: 〈 ئەي ئوغلۇم، سېنىڭ ناھايىتى قابىلىيىتىڭ بار، ئەمما خەتتاتلىق دېگەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولىدۇ. سېنىڭ پۈتۈشۈڭ نەسختەئلىقنىڭ ئۇسلۇبى ئەمەستۇر 〉 دىدى. مەۋلانا ئەلى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر قىتئەنى مەۋلانا ئەزھەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا پۈتۈپ بەرگەندىن كېيىن، بىلدىكى، نەسختەئلىقنىڭ ئۇسلۇبى مۇشۇنداق ئىكەن ۋە خەتتاتلىقتا ئۇسلۇب مۇتىۋەر ئىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە مەۋلانا سۇلتان ئەلىدىن شۇ قەدەر كۆپ ئەسەرلەر مىراس بولۇپ قالدىكى، ئەقىل ئۇنىڭدىن ھەيران قالىدۇ. ئالەمدىكى كۆپىنچە شەھەرلەردىكى قەلەم ئىگىلىرى ئىچىدە مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ قىتئەلىرى ۋە كىتابلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان كىشىلەر كەم كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە پادىشاھلارنىڭ كىتابخانىسىدا مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ شاگىرتلىرى ناھايىتى تولا.»[1]

مىرزا ھەيدەر يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق مەۋلانا سۇلتان ئەلى مەشھەدىنىڭ خەتتاتلىقنىڭ جەللى، نەفى، نەسخ ۋە تەئلىق ئۇسلۇبلىرى بويىچە تەڭداشسىز ماھارەت ئىگىلەپ ۋە ئۆز ماھارەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھايىتى زور تۆھپە ياراتقان سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا يۇكسەك باھا بەرگەن. ئۇنىڭدىن باش-

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 13-، 14-بەتلەرگە قارالسۇن.

قا، ئەينى زاماندا خەتتاتلىق ماھارىتىدە داڭ چىقارغان مىرئەلى تەبرد-
زى، مەۋلانا جەئفەر خوش نەۋس، مەۋلانا ئابدۇللا، مەۋلانا مەھمۇد
كاتىپ سەمەرقەندى، مىرئابدۇلھەي، مەۋلانا ئەزھەر، مەۋلانا شەيخ
ئابدۇللا خارازىمى، مەۋلانا مەھمۇد ھەنىفى ۋە شەيخ بايەزىد پۇرانى
قاتارلىق خەتتاتلارنىڭ ھەرخىل خەت ئۇسلۇبلىرى بويىچە ئۆزىگە خاس
ئۇسلۇب يارىتىپ، بەلگىلىك تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقى ھەققىدە تېگىش-
لىك باھالارنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، يەنە مەۋلانا سۇلتان ئەلى
مەشھەدىنىڭ خەتتات شاگىرتلىرىدىن مەۋلانا ئەلائىددىن، سۇلتان مۇ-
ھەممەد خەندان، موللا مۇھەممەد ئەبرىشىمى، مەۋلانا نازەين مەھمۇد،
قەلەندەر كاتىپ قاتارلىقلارنى؛ باشقا خەتتاتلاردىن مەۋلانا قاسىم ئە-
لى، قاسىم شادى شاھ، مەۋلانا مىرئەلىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا
ئۆز لايىقىدا باھا بەرگەن.

«تارىخى رەشىدىي» دە يەنە رەسسام ۋە نەققاشلار ھەققىدە مۇنداق
بايان قىلىنغان:

«سۇرەتگەر (رەسسام) ۋە نەققاشلاردىن بىرى ئۇستات مەنسۇرنىڭ
ئوغلى شاھ مۇزەففەردۇر. ئۇستات مەنسۇر سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىر-
زىنىڭ زامانىدا بار ئىدى. بۇ پەندە ئۇستازدۇر. ئۇنىڭ قەلىمى شۇ
قەدەر نازۇك ۋە ئىنچىكە ئىدىكى، شاھ مۇزەففەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ
ئۇنداق نازۇك قەلەمنى تۇتۇپ باقمىغان. ئەمما، شاھ مۇزەففەر ئاتى-
سى ئۇستات مەنسۇردىن نەچچە دەرىجە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپتۇ.
شاھ مۇزەففەر يىگىرمە تۆت يېشىدا ۋاپات بولۇپتۇ. بۇ سەنئەتنىڭ
ئۇستازلىرى ئۇنى تولىمۇ ئەزىزلەيدۇ.»[1]

«مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد پىقىرنىڭ ئۇستازىدۇر. ئۇ شاھ
مۇزەففەرنىڭ شاگىرتى بولۇپ، قەلىمى نازۇكلۇقتا مىسلىسىز ۋە
تەڭداشسىزدۇر، بەلكى شاھ مۇزەففەردىنمۇ يۇكسەكرەك. لېكىن،
بەزى ئىشى شاھ مۇزەففەردىن خامراق، ئۇ بىر شىرنىڭ سۈرىتىنى
سىزىپتۇ، شىرغا بىر كىشىنى مىندۈرۈپتۇ، ئاندىن شىرنى نەيزىنىڭ

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 15-بەتكە قارالسۇن.

ئۇچىغا ئىلىپتۇ. پۇتكۇل سۇرەتنىڭ ھەممىسىنى بىر دانە گۇرۇچنىڭ ئاستىغا قويسا كۆرۈنمەيدۇ.»[1]

مۇئەللىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئەينى زاماندا رەسساملىق، نەق-قاشلىقتا ئاجايىپ تەڭداشسىز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلغان تالانتلىق سەنئەتكارلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئېچىتخارلىق بىلەن گەۋدىلىك بايان قىلىپ، ئۇلارغا يۇكسەك باھا بېرىپلا قالماي، يەنە ئەينى زاماندا بۇ سەنئەتتە داڭ چىقارغان قاسىم ئەلى چېھرە كۇشاي، مەۋلانا مىرەك نەققاش، ئۇستات باباھاجى، شەيخ ئەھمەد، مەۋلانا جۇنەيد، ئۇستات ھېسامىددىن غەددارىگەر، مەۋلانا ۋەلى، مەۋلانا يۇ-سۇف قاتارلىق رەسسام ۋە نەققاشلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا باھا بەرگەن.

«تارىخى رەشىدي» دە يەنە مۇزەھھىب (ئالتۇن ھەل بەرگۇچى) لەر ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«موللا يارى ئالتۇن ھەل بېرىشتە ئۇستازدۇر. يېزىقچىلىقى بولسا ئالتۇن ھەل بېرىشتىنمۇ ياخشىراقتۇر. ئۇمۇ مەۋلانا ۋەلىنىڭ شاگىرتىدۇر. ئەمما، ھۇنەرنى ئۇنىڭدىن ئۆتكۇزۇۋېتىپتۇ.

مەۋلانا مەھمۇد مۇزەھھىب دەرۋىش مۇھەممەدتىن ياخشىراق ھۇ-نەرلەرنى قىپتۇ. شۇلاردىن بىرى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىغا تەييارلى-غان بىر دىباچىسى بولۇپ، ئۇ پۇتمەي قاپتۇ. ئۇنىڭغا (يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ) شۇ قەدەر ئىنچىكە ئىشلەپتۇ. ئۇنىڭغا بەندىرۇ-مى گۇللىرىنى شۇنداق نازۇكلۇق بىلەن سىزىپتۇكى، يېرىم نوقۇت ئورنىچىلىك يەرگە بىر ئاي ئىشلەپ، ئۇ يەرگە ئەللىك ئەسلىم ياپراقچىسىنى چۇشۇرۇپتۇ. بۇ دەۋردە ئۆتكەن مۇزەھھىبلار ناھايىتى تولا بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئۇستازلىرى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان مۇشۇ ئىككىيلەندۇر.»[2]

«تارىخى رەشىدي» دە يەنە مۇغەننىلار ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بۇ دەۋردە ئۆتكەن مۇغەننى (نەغمىچى) لەردىن بىرى ھافىنى

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 16-بەتكە قارالسۇن.
② «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 16- بەتكە قارالسۇن.

بەسىر بولۇپ، ھەممە كىشى بىردەك ھالدا ئۇنى تەڭداشسىز تالانت ئىگىسى دەپ قارايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، باھار پەسلىدە ئۇ باغ ئىچىدە شېئىرلارنى ئوقۇيدىكەن (ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن — نەقىلچىدىن) . بۇ چاغدا بۇلبۇل، پاختەك، قۇشقاچ ۋە باشقا ھەرخىل قۇشلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، بېشىغا ۋە مۈرىلىرىگە قونۇپ ئولتۇرىدىكەن» . ①

«خاجە ئابدۇللا مەرۋارىدنىڭ مەۋلىۋىيە سۇلۇكى جەھەتتىكى ئەھۋالى〈تەزكىرەئى مەۋالى〉ناملىق تەزكىرىدە بايان قىلىنغان. شېئىرىيەتتە ھىلالى ۋە ئەھلىدىن، تەئلىق خېتىدە ئەڭ ئالدىنقىسى بولغان مىرئابدۇلھەي ۋە موللا دەرۋىشتىن، نەسختەئلىق خېتىدە سۇلتان مۇھەممەد نۇردىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى يېزىش كېرەك. ئۇ ھەرخىل پەنلەردە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىزدۇر. قانۇن (قالۇن) دا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ھېچكىشى يوق. 〈گىرفت〉نى ئۇ ئىختىرا قىلغان. قەدىمكى ساز بولغان قانۇننى چېلىشتا ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالايدىغانلار يوق ئىدى. باشقا سازلاردىمۇ خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تالانتى قانۇنغا كۆپرەك مايىل ئىدى. چۈنكى، بۇ سازمۇ خۇددى خاجە ئابدۇللاغا ئوخشاش ناھايىتى چۈس ۋە كەسكىن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، خاجە ئابدۇللانىڭ تەبىئىتى قانۇندىن باشقا سازلارغا ئانچە قىزىقمايتتى. بۇ پەندە ئۇ ئۇستاز ئىدى. بارلىق ماھارەت ۋە پەزىلەتلەردە كامىل ئىدى. شۇ جۈملىدىن مۇغەننىلەر تائىپىسىنىڭمۇ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىدى. » ②

مۇئەللىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق ناخشىچى، سازەندىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرى ۋە كەسپىي جەھەتلەردىكى تەڭداشسىز ماھارەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەرگەندىن سىرت، يەنە باشقا بايانلىرىدا ناخشىچى ھافىز ھەسەن ئەلى، ھافىز ھاجى، غېجەكچى ئۇستات سەييىد ئەھمەد غېجەكى، مۇتەھەرى ئۇدى، ئۇستات قۇلمۇھەممەد، ئۇستات ھەيدەر شاھ بالىمانى، ئۇستات شەيخى نايى قاتارلىق

---

① «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 16-بەتكە قارالسۇن.
② «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 5-سان 17- بەتكە قارالسۇن.

داغلىق سازەندىلەرنىمۇ ئۆز لايىقىدا تونۇشتۇرغان ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك باھا بەرگەن. «تارىخى رەشىدىي» دە تونۇشتۇرۇلغان ۋە باھا بېرىلگەن شائىر ۋە سەنئەتكارلار يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بىز بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرىنى كۆرسىتىش ئېھتىياجى بىلەن پەقەت يۇقىرىقىلار ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردۇق. شۇڭا ئەسەر ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىل ـ تەتقىقاتىمىزدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «تارىخى رەشىدىي» يالغۇز تارىخىي بەدىئىي ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاھىشى كۈچلۈك بولغان، كۆپ قاتلاملىق تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئەتىۋارلىق ئەدەبىي مىراس ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

## 3. مەشھۇر ئەدەبىي مىراس «بابۇرنامە» دىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق پائالىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى پاكىتلىرىنى X ئەسىردە ياشىغان مۇتەپەككۇر ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ ئىلمىي ، بەدىئىي ئەمگەكلىرىدىن ئۇچرىتالايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغان مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى، مەۋلانا ئەلىشىر نەۋائى، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، مىرزا ھەيدەر (كوراگان) قاتارلىق يازغۇچى- شائىرلارنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي ئەمگەكلىرىدىمۇ ئەدەبىياتشۇناسلىق، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ئائىت مەزمۇنلار ئىنتايىن مول.

XX ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى دەرسى تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ ئۇي-

غۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئىلمىي، سىستېمىلىق تەتقىقات پائالىيىتىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناس-لىقىغا ئائىت كۆپ خىل پەنلەر تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات-شۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن هازىرلانغان. يېقىنقى يىللار-دىن بۇيان، بولۇپمۇ 1980-يىللىرى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتشۇناسلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، مەخسۇس ئەدەبىياتشۇناسلار، ئەدەبىي تەنقىدچە-لەر قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئۇلار مەخسۇس ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن، مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيد-تى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقا-تى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ 1985-، 1989-يىللىرى قەشقەردە 1-، 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇ-هاكىمە يىغىنى ئاچتى. 3-قېتىملىق مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى 1994-يىلى بېيجىڭدا ئېچىلدى. 1998-يىل 10-ئايدا قەشقەردە يۈسۈپ خاس هاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغانلىقىنىڭ 928 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا 90 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. بۇ ماقالىلەردىن 73پارچە ماقالە تاللىنىپ «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›» ناملىق ئىل-مىي ماقالىلەرتوپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائىشۇناس-لىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، نەۋائى ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. 2001-يىلى بېيجىڭدا نەۋائى تۇ-غۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، نەۋائى ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي ماقا-لىلەر ئوقۇلۇپ، نەۋائى ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئەتراپلىق، ئىلمىي باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، هازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا ئاجايىپ مول تۆھپىلەرنى

قوشۇپ، خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇكېرىم خوجا، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى تەتقىق قىلىندى ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك باھالار بېرىلدى. گەرچە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە كۆپ خىل تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا، ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن «بابۇرنامە» ۋە ئۇنىڭدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئامىللىرى ھەققىدە تەتقىقات يېتەرلىك بولمىدى ۋە چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىدى. دەل مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەزكۇر ماقالىدە «بابۇرنامە» دىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە پىكىر بايان قىلىمەن.

«بابۇرنامە» مەشھۇر ئىمپېراتور، تالانتلىق شائىر ۋە تارىخشۇناس زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «ئەسرارمۇسىقى»، «مۇپەسسەل»، «خەتتە بابۇرى»، «شەرھى مۇبەييە»، «كۇللىيات بابۇر»، «مۇبەييەنۇل ئىسلام» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مەشھۇر ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ھىندىستاندا چاغاتاي تىلىدا نەسرىي شەكىلدە يېزىلىپ، پۈتۈن ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا «بابۇرىيە»، «تۈركىي بابۇرى»، «ۋەقىئەن بابۇرى»، «بابۇرنامە» دېگەندەك ھەرخىل ناملار بىلەن تارقالغان. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نۇقتىسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ھەرخىل ئىزاھلاپ

كەلدى. ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى يېزىش مۇددىئاسى، بايان ئۇسلۇبى ۋە ئەسەرگە ئۆزى قويغان «ۋاقايى» دىگەن نامدىن قارىغاندا، ئۇنى ئاپتورنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى ۋە ئائىلىدىكىلىرىنى تارىخي تەرتىپ بويىچە بايان قىلغان تارىخي ئەسەر ياكى تەزكىرەئى- تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئەسەرنىڭ پىشقان تىلى ۋە گۈزەل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوللانغانلىقىدىن قارىغاندا بەدىئىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ بۇ ئەسەرنى تارىخي، بەدىئىي ئەسەر دەپ قاراش بىرقەدەر مۇۋاپىق. گەرچە «بابۇرنامە» خاراكتېر جەھەتتە تارىخي ، بەدىئىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يازغۇچى - سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارەتلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك باھالار بېرىلگەن مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مەزمۇنلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئالايلى، «بابۇرنامە» دە ئەلى دەرۋىش ھەققىدە: «ئەلى دەرۋىش — خۇراسانلىق بولۇپ. . . مەردانە كىشى ئىدى. نەسخ ۋە تەئلىق خەتلىرىنى ياخشى يازاتتى. خۇشامەتچى ئىدى. تەبىئىتىدە خەسىسلىك غالىب ئىدى»[1] دەپ بايان قىلسا، ئەھمەد ھاجى بەگ ھەققىدە «ئەھمەد ھاجى بەگ . . . خۇشخۇي ، مەردانە كىشى ئىدى. تەخەللۇسى ۋەفائى ئىدى، دىۋانى بار ئىدى. شېئىرنى يامان ئەمەس يازاتتى. مۇنداق بىر بېيىتى بار:

مەستەم، ئەي مۇھتەسىب، ئىمروززى مەن دەست بىدار،
ئىھتىسابەم بىكۇن ئان روزكى يابى ھوشيار.

(ئەي مۇھتەسىب[2]، مەن مەستمەن، بۇگۈن مېنى تۇتما، مېنى ئەقلىم كاللامدا بولغان كۈنى سوراق قىل)، مىر ئەلىشىر نەۋائى سەمەرقەندكە كەلسىلائەھمەد ھاجى بىلەن بىللە بولاتتى»[3] دەپ يازىدۇ.

«بابۇرنامە» دە يەنە سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھەققىدە: «ئەخلاق ۋە

---

[1] [3] «بابۇرنامە» 28-، 39- بەت.
[2] مۇھتەسىب — دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگۈچى.

يۇرۇش-تۇرۇشى ياخشى ئىدى. . . شېئىر يازاتتى. دىۋانىمۇ تۈزگەنىدى. لېكىن، شېئىرلىرى ئىنتايىن پۇچەك ۋە بىمەززە ئىدى. ئۇنداق شېئىر يازغاندىن يازمىغان ياخشىراق. ئېتىقادى ناچار ئىدى. خوجا ئۇبەيدۇللا ھەزرەتلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى. يۈرەكسىز، بىھايا ئادەم ئىدى. يېنىدىن تېتىقسىز ھەييارلار ئۆكسۈمەيتتى»[1] دەپ يازغان بولسا، بايسۇنغۇر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيتى ھەققىدە مۇنداق باھا بەرگەن: «ئادالەتپەرۋەر، ئادىمىي، خۇش تەبىئەتلىك، پەزىلەتلىك پادىشاھزادە ئىدى. ئۇستازى شىئە مەزھىپىدىكى سەيد مەھمۇد ئىكەندۇق، بۇنىڭدىن بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ ئۆزىمۇ نومۇس قىلارئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىن ئۇ سەمەرقەندتە يامان ئەقىدىدىن يېنىپ، پاك ئېتىقادلىق بولغانىكەن. ئىچىملىككە بەك مايىل ئىدى. ئىچمىگەن چاغلىرىدا ناماز ئوقۇيتتى. ساخاۋەتتە قەدىر ئەھۋال ئىدى. نەسخ ۋە تەئلىق خېتىنى بەك ياخشى يازاتتى. نەققاشلىقتىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. شېئىرنىمۇ ياخشى يازاتتى. «ئادىلىي» دەپ تەخەللۇس قويياتتى. بىراق، تېخى دىۋان تۈزگۈدەك بولمىغانىدى. بۇ باشلانما بېيىت ئۇنىڭدۇر:

سايەۋەر ئەزنە تەۋانى جابەجا مىئۇفتەم،
گەرنەگرەم رويى دىۋارى زى پامىئۇفتەم.

(ئاجىزلىقىمدىن سايىگە ئوخشاش ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە چۈشىمەن، ئەگەر بىر تامنى تاپالمىسام يىقىلىمەن.) سەمەرقەندتە بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ غەزەللىرى شۇنچە تارالغانكى، مىرزىنىڭ شېئىرى يوق ئۆي كەم تېپىلىدۇ.»[2]

«بابۇرنامە» دە يەنە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ھەققىدە: «ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت، پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. شىجائەتلىك، جەسۇر ئادەم ئىدى. دائىم شەخسەن ئۆزى قىلىچۋازلىق قىلىدىكەن، ھەتتا ھەرجەڭدە بىرقانچە قېتىم قىلىچۋازلىق قىلىدىكەن، تېمۇربەگ نەسلىدىن سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىدەك قىلىچ چاپىدىغان ئادەمنىڭ

---

[1] [2] «بابۇرنامە» 49-، 129- بەت

چىققانلىقى مەلۇم ئەمەس. شائىرلىقى بار ئىدى. دىۋانىمۇ تۈزگەنىدى، تۈركىي تىلدا يازاتتى، تەخەللۇسى ھۇسەينى ئىدى. بەزى بېيىتلىرى يامان ئەمەس. بىراق، دىۋانىنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋەزىندە يېزىلغان. ياش، لېكىن سەلتەنەت ئېتىبارى بىلەن چوڭ پادىشاھ بولۇشىغا قارىماي، كىچىكلەرگە ئوخشاش قوچقار باقاتتى، كەپتەر ئوينايتتى، خورازمۇ سوقۇشتۇراتتى»[1] دەپ يازسا، شاھ غېرىب مىرزا ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۆزى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، تەبىئىتى ياخشى ئىدى. تېنى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن سۆزى گۈزەل ئىدى. دىۋانىمۇ تۈزگەنىدى. شېئىرنى تۈركىي تىل بىلەنمۇ، پارس تىلى بىلەنمۇ يازاتتى.»[2]

يۇقىرىقى بايانلاردا گەرچە ھەربىر شائىر ياكى خەتتات ۋە ئۇلار- نىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن باھالار ئادىل ۋە كەسكىن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەردە قايىللىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ.

«بابۇرنامە» دە مۇئەللىپ يەنە ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە ئىنتايىن ئەستايىدىل تەتقىق ئېلىپ بارغان ھەمدە بىرقەدەر ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ: «ئەلىشىر بەگ نا- زۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غۇرۇرىدىن بولغان دەپ بىلىشەتتى، لېكىن ئۇنداق ئە- مەسكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى ئىكەن. سەمەرقەندتە تۇرغان ۋاقتى- دىمۇ شۇنداق نازۇك مىجەز ئىكەن. ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇن- چىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس. ئالتە مەسنەۋى كىتاب نەزم قىپتۇ. بەشى 〈خەمسە〉 تەقلىدىدە تۈزۈلۈپتۇ. بىرى〈مەنتىقۇتتەيىر〉 ۋەزنىدە تۈزۈلۈپ〈لىسانۇتتەير〉 دەپ ئاتىلىپتۇ. 〈غەرائىبۇسسىغەر〉، 〈نەۋادىرۇششەباب〉، 〈بەدائىئۇلۋەسەت〉 ۋە〈فەۋائىدۇلكىبەر〉 ناملىرىدا تۆت غەزەلىيات دىۋانى تۈزۈلۈپتۇ. ياخشى رۇبائىياتىمۇ بار. بۇلاردىن

---

[1] [2] «بابۇرنامە» 306-، 309-بەت.

باشقا، يەنە بەزى ئەسەرلىرى بار. لېكىن، ئۇلار بۇ ئېيتىلغانلارغا قارىغاندا تۆۋەنرەك ۋە سۇسراق يېزىلىپتۇ. ئەسەرلىرىنى مەۋلانا جامىغا تەقلىد قىلىپ توپلاپتۇ. قىسقىسى، ھەركىمگە ھەرخىل ئىشلار ئۇچۇن يازغان خەتلىرىنىمۇ يىغىپتۇ. يەنە 《مىزانۇلئەۋزان》ناملىق ئارۇز يېزىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەنقىدكە تېگىشلىك تەرىپى كۆپ. يىگىرمە تۆت رۇبائىي ۋەزنىدىن تۆت ۋەزنىدە خاتا قىلىپتۇ. بەزى بەھرىلەرنىڭ ۋەزنىلىرىدىمۇ يېڭىلىشىپتۇ. بۇلار ئارۇز بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەلۇم بولغۇسىدۇر. پارسىي دىۋانىمۇ تۈزۈپتۇ. پارسىي نەزمىدە 《فانى》تەخەللۇسىنى قوللىنىپتۇ. بەزى بېيىتلىرى يامان ئەمەس، لېكىن كۆپچىلىكى سۇس ۋە تۆۋەندۇر. مۇزىكىدا ياخشى نەرسىلەرنى يارىتىپتۇ. ياخشى ناخشا ۋە ياخشى پەشرەۋلىرى بار. ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلى ئۇچۇن ئەلىشىر بەگكە يېتىدىغان مۇرەببى ۋە ھامىينىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر. سازدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستات قۇل مۇھەممەد، شەيخى ۋە ھۈسەيىن ئۇدلار ئەلىشىر بەگنىڭ تەربىيىسى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا شۇقەدەر يۈكسىلىپ شۆھرەت قازاندى. ئۇستات بەھزاد ۋە شەيخ مۇزەففەر ئەلىشىر بەگنىڭ غەيرىتى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا رەسىمدە شۇ قەدەر مەشھۇر بولدى. ئۇ قىلغانچىلىك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا مۇۋەپپەق بولغان بولۇشى مۇمكىن. پەرزەنتسىز، ئايالسىز، بۇ ئالەمدىن يالغۇز-يېگانە ئۆتتى. . . سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئاستراباد يۈرۈشىدىن يانغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، مىرزا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرماقچى بولغاندا، بىر خىل ھالەت يۈز بەردى - دە ، تۇرالماي قالدى. . . ئەتىسى تەڭرى رەھمىتىگە باردى»[1]دەپ يازغان.

ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدىكى بايانلارگەرچە ئىنتايىن قىسقا بولسىمۇ، لېكىن زەھىرىددىن بابۇر ئاشۇ قىسقا سەھىپىدە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پۈتۈن ھايات پائالىيەتلىرى ، پەزىلەتلىرى ، بارلىق ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، نۇقسانلىرى، باشقىلارغا يەتكۈزگەن

---

① «بابۇرنامە» 319-، 320-، 326-بەت.

مۇرۇۋۋەتلىرى ھەققىدە ھەم ئىنچىكە، ھەم ئەتراپلىق، شۇنداقلا يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇمىيلىققا ئىگە باھا بەرگەن. يۇقىرىقى باھالار-نى ئاپتور نەۋائىنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىپ ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، زەھىر-رىددىن بابۇر نەۋائىغا باھا بەرگەندە نەۋائىغا بولغان سۇبيېكتىپ تونۇشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ توغرا تەلىپى ۋە باھالاش ئوبيېكتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ توغرا باھا بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە «بابۇرنامە» دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەزى ئەسەر-لەردىمۇ باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىي ئەدەبىي مىراسلىرىدى-كى نۇقسانلار ھەققىدە زەھىرىددىن بابۇردىن باشقا تەنقىدچىلەر ئېغىز ئېچىپ باقمىغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، زەھىرىددىن بابۇرنىڭ نەۋائىي ھەققىدىكى باھالىرىنىڭ كىشىنى قايىل قىلىش كۈچى ناھايىتى زور. «بابۇرنامە» دە يەنە سەيىد بەدىر ھەققىدە: «سەيىد بەدىر ئىنتايىن بە قۇۋۋەت، لېكىن ھەرىكىتى سىلىق ئادەم ئىدى. ئۇستا ئۇسسۇلچى بولۇپ، ئۇسسۇلنى قالتىس كېلىشتۈرۈپ ئوينايتتى، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى. ھەر ھالدا ئوينىغان ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ ئىجادى بولسا كېرەك. دائىم مىرزىنىڭ ئۇلپىتى ۋە ھەم-سۆھبىتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى» دەپ يازغان بولسا، شەيخىم بەگ ھەققىدە مۇنداق باھا بەرگەن: «شەيخىم بەگ — تەخەللۇسى سۇھەيلى بولغىنى ئۈچۈن شەيخىم سۇھەيلى دەپ ئاتىشات-تى. شېئىرلىرىدا كىشىنى قورقۇتىدىغان ئىبارىلەرنى قوللىناتتى. ئۇنىڭ بېيىتلىرىدىن بىرى مۇنداق:

شەبى غەم گىردى - باردى ئاھەم ئەزجا بۇردگەر دۇنرا،
فۇروبۇرد ئەژدەھايى سەيلى ئەشكەم رۇبئى مەسكۇنرا.
( غەم كېچىسىدە ئاھلىرىمنىڭ قۇيۇنى كۆكنى ئورنىدىن قوزغىۋەتتى،

يېشىم سىلىنىڭ ئەجدىھاسى پۈتۈن ئىقلىمنى يۇتۇۋەتتى.)

شۇ ئىش مەشھۇردۇركى، بىر قېتىم مۇشۇ بېيىتنى مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى ھۇزۇرىدا ئوقۇغاندا، جامى: (مىرزا، سىز شېئىر ئوقۇۋاتامسىز ياكى ئادەم قورقۇتۇۋاتامسىز) دېگەنىكەن. دىۋان تۈزگەنىدى. مەسنەۋىلىرىمۇ بار ئىدى.»[1]

«بابۇرنامە» دە يەنە ھەسەن ئەلى جالايىر ھەققىدە: «ھەسەن ئەلى جالايىر سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا قېشىدىكى قۇشبېگى ئىدى. ئۆزى شائىر بولۇپ، تەخەللۇسى (تۇفەيلى) ئىدى. قەسىدىنى ئىنتايىن ياخشى يازاتتى. ئۆز زامانىسىدا قەسىدىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. 917-يىلى[2] سەمەرقەندنى ئالغىنىمدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ بەش-ئالتە يىل مېنىڭ بىلەن بىللە بولدى. مېنىڭ نامىمغىمۇ ياخشى قەسىدىلەرنى يازدى. قورقماس، بەتخەج ئادەم ئىدى. جۆھرە ساقلايتتى، ھەمىشە نەرد ئويناتتى، قىمارمۇ ئويناتتى»[3] دەپ بايان قىلسا، خوجا ئابدۇللا مەرۋارى ھەققىدە: «خوجا ئابدۇللا مەرۋارى بۇرۇن سەدىر ئىدى، كېيىن ئىچكى مەھرەم ۋە بەگ بولغانىدى. ناھايىتى بىلىملىك ئادەم ئىدى. قالۇننى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك چالالمايتتى. قالۇندا گىرىفت قىلىش ئۇنىڭ ئىجادىدۇر. غەيرىي شەكىللىك خەتلەرنى ياخشى يازاتتى. تەئلىق خېتىنى تېخىمۇ ياخشى يازاتتى. قەلىمى ياخشى ئىدى. خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى، شېئىر يازاتتى. (بەيانى) تەخەللۇسىنى قوللىناتتى. شېئىردىكى قابىلىيىتى باشقا قابىلىيەتلىرىگە قارىغاندا تۆۋەن، بىراق شېئىرنى چۈشىنىشى ياخشى. پاسىق ۋە قورقماس ئادەم ئىدى»[4] دەپ باھا بەرگەن.

«بابۇرنامە» دە يەنە كامالىددىن ھۇسەيىن كازۇرگاھى ھەققىدە: «كامالىددىن ھۇسەيىن كازۇرگاھى سوپى بولمىسىمۇ، تەسەۋۋۇپچى ئىدى. ئەلىشىر بەگ قېشىغا مۇشۇنداق تەسەۋۋۇپچىلار توپلىنىپ ساما

---

① «بابۇرنامە» 319-، 320-، 326-بەت.
② مىلادىيە 1511-يىلى.
③ «بابۇرنامە» 327-بەت.
④ «بابۇرنامە» 327-، 331- بەت.

قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ھەممىنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنمىش. ئۇنىڭ ئېتىبار تېپىشى شۇ ئۇسلۇبىدىن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا ئېغىزغا ئالغۇدەك قابىلىيىتى يوق. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىغا بېغىشلانغان 〈مەجالىسۇل ئۇششاق〉 ناملىق بىر ئەسىرى بار. ئىنتايىن سۇس، كۆپ قىسمى ئويدۇرما، يەنە كېلىپ ئېتىقسىز ئويدۇرما ھەم بىئەدەپ سۆزلەر بىلەن تولغان. شۇ دەرىجىدە بولغانكى، بەزىلىرىنى كۇپۇرلۇقتا ئەيىبلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىرمۇنچە ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنى مەجازى ئاشىق قىلىپ، ھەربىرىگە بىر مەشۇق ۋە مەھبۇب يارىتىپ بېرىپتۇ. يەنە بىر ئەخمىقانىلىك شۇكى، مۇقەددىمىسىدە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئۆز تەھرىر ۋە تەسنىفى بىلەن بولغانلىقى يېزىلىپتۇ. كىتاب ئارىسىدا كەلتۈرۈلگەن كامالىددىن ھۈسەيىن شېئىر-غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا〈لىمۇ ھەررىمى〉(مۇھەررىر تەرىپىدىن) دېگەن سۆز يېزىلىپتۇ. دەل مۇشۇ كامالىددىن ھۈسەيىندىنىڭ خۇشامىتى بىلەن زۇزنۇن ئارغۇن 〈ھىزەبرۇللاھ〉(ئاللانىڭ شىرى) ئۇنۋانىنى ئالغاندى» دەپ يېزىپ، كامالىددىن ھۈسەيىنىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى يۇكسەك ماھارىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىغا بېغىشلانغان «مەجالىسۇل ئۇششاق» ناملىق كىتابىنىڭمەزمۇن جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلىنىڭ چاكىنا ئىكەنلىكىنى كەسكىن تەنقىد قىلغان. بىز بۇ خىل ئەدەبىي تەنقىدتىن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئىستىلى ۋە ئەدەبىي تەنقىد مۇددىئاسى جەھەتتىكى پەزىلىتىنى، ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسى ۋە تەنقىد سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

زەھىرىددىن بابۇر مەزكۇر كىتابىدا يەنە شائىر ھىلالى ئىجادىيىتىگىمۇ ئەتراپلىق ۋە ئەستايىدىل باھا بەرگەن. بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھىلالى ھازىرمۇ بار، غەزەللىرى راۋان، رەڭدار، كەم قۇسۇردۇر. دىۋانى بار. خەفىف بەھرىدە يېزىلغان〈شاھ ۋە دەرۋىش〉 ناملىق بىر مەسنەۋىسى بار. بەزى بېيتلىرى ياخشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسنەۋىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلۇشى كاۋاك ھەم خارابتۇر.

بۇرۇنقى شائىرلار ئىشق ۋە ئاشىقلىق توغرىسىدا مەسنەۋى يازغاندا، ئاشىقلىقنى ئەرگە، مەشۇقلۇقنى خوتۇنغا نىسبەت قىلغان. ھىلالى بولسا دەرۋىشنى ئاشىق، پادىشاھنى مەشۇق قىلغان. پادىشاھنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن بېيىتلاردا شاھنى بىر كوچا خوتۇنى ۋە پاھىشە قىلىپ قويۇپتۇ. ئۆز مەسنەۋىسىنىڭ تەلىپى بىلەن بىر يىگىتنى ، يەنە كېلىپ شاھ بولغان يىگىتنى كوچا خوتۇنلىرى ۋە پاھىشىلاردەك تەسۋىرلەش بەكمۇ ھاقارەت قىلغانلىقتۇر. ئەستە تۇ-تۇش قابىلىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىمىش، ئوتتۇز-قىرىق مىڭ بې-يىتنى يادقا بىلەرمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەمسە تەيىن بېيىت-لىرىنىڭ كۆپ قىسمى يادىدا بارمىش. ئارۇز، قاپىيە ۋە شېئىرىيەت ئىلمىنى بىلەتتى.»①

بىز ھىلالىنىڭ ماھارەتلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىدىيە-خاھىش جەھەتتىكى يېتەرسىز تەرەپلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق يۇقىرىقى تەھلىللەرنى ئاپتورنىڭ ھىلالى ئەسەرلىرى ھەققىدىكى كىتابخانلىق تەسىراتى دېگەن-لى بولمايدۇكى، ئۇنى يۈكسەك نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە مۇ-كەممەل ئەدەبىي تەنقىد دېيىشكە بولىدۇ.

«بابۇرنامە» دە يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە بەلگىلىك ماھارەتكە ئىگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەردىن سەيد ھەسەن ئوغلاقچى، مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامى، موللا ئابدۇلغەفۇرلارىيى، مىرئەتائۇللا مەشھەدى ئەسافى، سەيفى بۇ-خارى، ئابدۇللا مەسنەۋىگۇي، مىرھەسەن مۇئەممائى، موللامۇھەممەد بەدەخشى ، يۇسۇپ بەدىئىي ، ئاھى، مۇھەممەدسالىھ ، شاھى ھۇسە-يىن كامى، ئەھلى ، سۇلتان ئەلىمەشھەدى ، بەھزاد، شاھ مۇزەففەر ، خوجا ئابدۇللا مەرۋارىي، قۇل مۇھەممەد ئۇدىي ، شەيخى نايى، شاھ قۇلى غىجەكچى ، ھۇسەيىن ئۇدىي، غۇلام شادى، پالۋان مۇھەممەد بۇسەئىد، ھافىز ھاجى، مىرجان، يۇسۇپ ئەلى كۆكەلداش قاتارلىق سەنئەتكارلارغا تېگىشلىك باھالارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت،

① «بابۇرنامە» 341-بەت.

ناخشا-مۇزىكا، ئۇسلۇب، خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق سەنئەتلىرىدە كۆرسەتكەن ماھارەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «بابۇرنامە» ناملىق تارىخىي، بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى تارىخىي، بەدىئىي ئەسەر دەپ تونۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىي تەنقىدچانلىق خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەر سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنى ئەينى دەۋردىكى تالانتلىق تارىخچى، شائىر دەپلا قالماي، بەلكى ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، «بابۇرنامە» دىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبى بىلەن «تارىخى رەشىدىي» دىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبى كۆپ ئوخشاشلىقلىققا ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «بابۇرنامە» 1529- يىلى تاماملانغان. «تارىخى رەشىدىي» 1546-يىلى تاماملانغان. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر 1530-يىلى ۋاپات بولغان. مىرزا ھەيدەر (كوراگان) 1551-يىلى ۋاپات بولغان. پەرىزىمچە، مىرزا ھەيدەر كوراگان ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» سىنى يېزىشتىن بۇرۇن نەۋرە ئاكىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن ھەمدە ئۆز ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي» نى يازغاندا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەھەتتە «بابۇرنامە» نى ئۈلگە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە كەسىپداشلارنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# VII چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك

## 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك دېگەندە 1759-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەندىن تارتىپ 1911-يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشتىن ئاۋۋال شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىدىيۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا يېڭىلىنىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن ھەمدە يازغۇچى-شائىرلار قوشۇنىمۇ خېلى چوڭ كۆلەم شەكىللەندۇرگەن. بۇ دەۋردە مۇھەممەد سىدىق رەشىدى، سادىقى (مۇھەممەد سادىق كاشغەرى)، ئابدۇرەھىم نىزارى، موللامۇھەممەد نىياز يەركەندى، قەلەندەر، زىيائى، زوھۇرى، قۇسۇرى، بەرشىدى، شائىر ئاخۇن، غېرىبى، موللا يۇنۇس، مىسكىن، سالىھى، ئىمىنى، سەدائى، ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، ئىسمائىل بەگ، خىسلەت، ئەھمەد، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، خۇشھال غېرىبى، موللا نىياز ئاشىقى ، موللا قۇربان، موللا بىلال، موللا شاكىر، سېيىت مۇھەممەد، ناقىس، ئىسمائىل ھاجى، ئابدۇقادىر داموللام، تەجەللى، قۇتلۇق شەۋقى، غېرىب خەس-

تە، ئارەزى، زاھىد ئاخۇن، ئاشۇراخۇن، نىزامىدىن، مۇھەممەد
رۇسۇل شەۋقى، موللاتوختىغېرىبى ، مۇھەممەد شېرىب شەھيارى،
موللامۇسا سايرامى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرى، داس-
تانلىرى، تەزكىرە ئەسەرلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى، ئۆزلەشتۈرمە
ئەسەرلىرى ھەمدە تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى كۆپلەپ مەيدانغا
كەلگەن. شۇنچە كۆپ يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئەدەبىي
ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ماس ھالدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمۇ
ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان.
غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەلىشىر نەۋائى» ناملىق
ماقالىسىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە
مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بايانلار بار:

«مۇھەممەد سىدىق رەشىدى〈 سىدىقنامە〉 دېگەن ئەسىرىدە نەۋائى-
نىڭ لىرىك شائىرلىقتا تەڭداشسىزلىقىنى، ساپ تۈركىي تىلدا ئەسەر
يازغانلىقىنى مەدھىيىلىگەندىن باشقا، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرى-
مىدا ياشىغان يەنە بىر قەشقەرلىك شائىر سەبۇرى〈 نەۋائىنىڭ ئادالەت-
پەرۋەرلىكى توغرىسىدا〉 دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، نەۋائىشۇناسلىق
ئىلمىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈردى. XIX ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن
مۆجىزى 〈 تەۋارىخى مۇسىقىيىيۇن〉 دا ئەلىشىر نەۋائىنى 〈 پىر-
ئۇستازىم〉 دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ 〈 كۇللىيات〉 ، 〈 چاھاردىۋان〉 ،
〈 خەمسە〉 لىرىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى-كېيىن يازغان ئوتتۇز
ئالتە پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە مۇھەببى-
تىدىن خەۋەردار بولدۇم، دەپ يازىدۇ. موللا سىدىق نەۋائىنى
〈 سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچى، يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بې-
شارەت بەرگۈچى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى〉 بىلىپ ئۇلۇغلىدى.
نىزارىمۇ نەۋائىغا زور ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرلىرىدە ئۇنى
ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. XVIII ئەسىردە
قەشقەردە نەۋائى دىۋانلىرىغا لۇغەتلەر تۈزۈلگەنلىكى، 1806-يىلى
نىزارىنىڭ قەشقەردە 〈 نەۋائى〉 ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ چىققانلىقىنى
بىر جانلىنىش دەپ بىلىش لازىم، ئەلۋەتتە. چۈنكى، نەۋائى ئەسەرلى-

ري يەكەن خانلىقىدىن باشلاپ شىنجاڭ مەدرىسەلىرىدە دەرسلىك قى-
لىنىپ كېلىنگەن.

نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن، داستانلىرىنى نەسرىيلەشتۈر-
گەن، ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلغان، مۇخەممەس يازغان شىنجاڭلىق
ئەدىبلەرنى يەنە بىر جەھەتتىن نەۋائى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگەن-
گەن، تەتقىق قىلغان نەۋائىشۇناسلار دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.»①

يۇقىرىقى بايانلاردىن بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك
كەيپىياتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ
دەۋردە يەنە تەزكىرىچىلىك ژانىرى زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلغان
بولۇپ، بۇ خىل تەزكىرىلەردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئەدەبىي
تەنقىدچىلىك مەزمۇنلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردە بارلىققا
كەلگەن ئەسەرلەردىن مۇھەممەد سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە»،
موللا ئىسمەتۇللا موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسى-
قىييۇن»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى
ھەمىدى» قاتارلىقلاردا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاھىشى خېلى سالماقنى
ئىگىلەيدۇ. موللا مۇسا سايرامى ئۆز ئەسەرلىرىدە سۇلتان ئابدۇرە-
شىدخان، ئامانىساخان، قىدىرخان قاتارلىق شائىر، سەنئەتكارلار-
نىڭ بەدىئىي تالانتىغا ۋە پەزىلەتلىرىگە ئالاھىدە باھا بەرگەن.

## 2. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدچىلىكى

### ئەدىب ھەققىدە قىسقىچە بايان

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى XIX ئەسىرنىڭ

① «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى نەشرى، 184-، 185-بەتلەرگە قارالسۇن.

ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەن دىيارىدا ياشاپ ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەتتە يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان تالانتلىق تارىخچى، سەنئەتكار ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىدۇر. ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى «نېمەتۇللا» ، دادىسىنىڭ ئىسمى «ئىسمەتۇللا» بولۇپ، «مۆجىزى» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. دادىسى ۋە ئۆزى ئەينى دەۋردە ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان ئۆلىمالاردىن بولغاچقا، ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا «موللا» دېگەن سۆز قوشۇپ ئاتالغان.

مۆجىزىنىڭ بىلىم - ئىقتىدارى ۋە سالاھىيىتى ھەققىدە ئەينى دەۋردىكى خوتەن ھاكىم بېگى (مۇھەممەد ئەلىشىر بىننى ئابدۇمۆمىن بەگ) ئەلىشىر ھېكىم بەگنىڭ مۇزىكا ئۇستازلىرى ھەققىدە بىر رىسالە يېزىپ چىقىشىنى مۆجىزىگە تاپشۇرۇش ۋاقتىدا مۆجىزىنىڭ تالانتىغا يۈكسەك باھا بېرىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە قىلىدۇ: «سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەسىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىنىڭ شېرىن سۆزلۈك تۇتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خۇش پۇتكۇچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىدۇرسەن. مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۇتۇپ، باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق؟ »①

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تالانتلىق تەتقىقاتچىمىز ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى » (1982-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە نەشر قىلىنغان تۆت توملۇق كىتاب) دېگەن كىتابىدا: «‹تەۋارىخى مۇسىقىيۇن› نەۋائىنىڭ ‹مەجالىسۇن نەفائىس› ىدىن كېيىنكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا بېغىشلانغان ئىككىنچى ئەسەر بولسىمۇ، ئەمما مۇزىكىشۇناسلار تارىخى بويىچە ئالغاندا يېگانىدۇر» .②دەپ قەيت قىلىنغان. مۆجىزى

① «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىلى نەشرى، 49-بەتكە قارالسۇن.
② ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2-قىسىم، 2-كىتاب 248-بەتكە قارالسۇن.

ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا نەۋائى ھەزرەتكە چوقۇنۇپ، ئۇنى «پىر-ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان ھەمدە نەۋائىنىڭ «كۇللىيات»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» لىرىدىن باشقا، يەنە 36 پارچە كىتابىنى ئوقۇغان ۋە مۇتالىئە قىلغان. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىكى مۇزىكا ئۇستازلىرى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، مۆجىزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا «مەجالىسسۇن نەفائىس» نىڭ ئۇسلۇبىنى ئۈلگە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مۆجىزى ئەينى دەۋردىكى تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىرلىك سەنئەتكارلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدىكى دىنىي خۇراپاتلىققا، قاتمال سوفىستىك قاراشلارغا، زامانىنىڭ نامۇۋاپىق قائىدە-نىزاملىرىغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ھەققانىيەت يولىدا ھەرقانداق توسالغۇلارغا پىسەنت قىلمايدىغان ۋىجدانلىق سەنئەتكار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن 17 نەپەر مۇزىكا، مۇقام ئۇستازىغا بېغىشلاپ مەخسۇس تارىخىي ئابىدە تىكلىشى ، ئۇلارنى زوق - شوخ بىلەن ماختاپ، تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشى، بولۇپمۇ ئامانىيساخانىنىڭ جەمەتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، مۇزىكا - مۇقامچىلىقىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسى ھەققىدىكى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولغان كۆزقاراشلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۆجىزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى ، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ رەتلىنىشى، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن بىۋاسىتە قان-تەرىنى تۆككەن ھەمدە ئۇنىڭ ئالەمگە تارقىلىشىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۈيۈك مۇزىكىشۇناس، تالانتلىق سەنئەتكارلاردىن قىدىرخان يەركەندى ۋە خانىش ئامانىيسا خېنىم ھەققىدە تۇنجى بولۇپ ھەم تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن، ھەم تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەنلىكىدۇر. مۆجىزى يەنە قىدىرخانىنىڭ تالانتلىق مۇزىكا ئالىمى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى پىرى سۈپىتىدە راۋاب بىلەن ھەشتارنى كەشىپ قىلغانلىقى، «ۋىسال» نامىلىق مۇقامنى ئىجاد قىلغانلىقى، «دىۋان قىدىرى» نامىلىق شېئىرلار توپلىمىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقى، ئىران، ئىراق، خارازىم، تەبرىز،

ئەنجان، سەمەرقەند، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن نۇرغۇن مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكى، ئامانىسساخاننىڭ تەكلىماكانلىق مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ قىزى ئەكەنلىكى، 13 يېشىدىلا مۇزىكا، خەتتاتلىق ۋە شائىرەلىكتە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ھەيران قالدۇرغانلىقى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، ئوردىدا 20 يىل تۇرۇش جەريانىدا «دىۋانى نەفىسى»، «ئەخلاقى جەمىلە»، «شورۇھۇلقۇلۇب» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، 34 يېشىدا تۇغۇتتا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي پاكىتلارنى تۇنجى قېتىم «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق جاھانغا تارقاتقان. ئامانىسساخاننىڭ مۇزىكا ئۇستازلىرى سۈپىتىدە كىتابتا ئاشكارا تونۇشتۇرۇلۇشى ئايال- لارنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىن ئورۇن ئېلىشى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي مۇھىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا دىققەتكە سازاۋەر زور ئىش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى چوڭ بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە 458 نەپەر شائىر، ئەدىبلەرنى تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئايال زاتىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇشقا پېتىنالمىغان. مۆجىزىنىڭ ئامانىسساخاننى بىر ھەقىقىي سەنئەتكار سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقالىشى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلغانلىق بولۇپ، يازغۇچىدىن ئەڭ چوڭ جاسارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. مۆجىزى ئامانىسساخان ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدا يەنە «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغاش) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ خانىش ئىجاد قىلغانىدى، كۆچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن» دەپ يېزىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىجاد قىلغان دېگەن سىرلىقلىشىپ كەتكەن تارىخنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئاشكارىلاپ، ھەققانىيەتنى ياقلاشقا جۈرئەت قىلغان.

مۆجىزى فارابى ئۇستىدە توختالغاندا، فارابىنىڭ «يۇزىيل ئىبا-
دەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى مېنىڭ قانۇنۇمنىڭ (قالۇنۇمنىڭ)
تارلىرىدىن ئالغايسىزلەر» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. دىنىي
ئېتىقادنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ھەرقانداق ئىشنى سېلىشتۇرغىلى
بولمايدۇ. مۇزىكا، مۇقاملارغا بولغان توغرا قاراشلار مۇتەئەسسىپ
سوپىلارنىڭ دىنىي ئەقىدە ئەسەبىيلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن تەلتۆكۈس
قۇتۇلالمىغان ئەينى شارائىتتا فارابىنىڭ ئاشۇ سۆزىنىڭ نەقىل كەلتۈ-
رۈلۈشى مۇئەللىپنىڭ ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىشكە، تەرەققىيپەرۋەر-
لىككە، مەرىپەتكە يۈزلىنىشكە كۆرسەتكەن جاسارىتىنىڭ ئىنكاسى
بولۇپ، بۇنداق جاسارەت ئەينى زاماندىكى نادانلىق، تەركىدۇنياچى-
لىقنى ۋە دىنىي خۇراپاتلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان جاھىل كۈچلەرگە
ئېلان قىلىنغان زور خىرىس ئىدى. شۇڭا، مۆجىزىنىڭ ھاياتى-پائا-
لىيەتلىرى ۋە «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسىرىنى تەتقىق قى-
لىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خا-راكتېرى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ-
نىڭدا ھەرقايسى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن يازغۇچى-سەنئەتكارلارۋە
ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە ، ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسى-
لىرىگە قارىتا بەلگىلىك نۇقتىئىنەزەر ھەم ئۆلچەم ئاساسىدا تەھلىل-
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار ئۈستىدە باھا ۋە خۇلاسىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇشتىن ئىبارەت. تەنقىدچى يازغۇچى-سەنئەتكارلارغا باھا بەرگەندە
ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت قاراشلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت تۆھپى-
لىرى ، ئىدىيىۋى خاھىشلىرى ۋە خاركتېرى قاتارلىقلار ھەققىدە
بەلگىلىك مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى
ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»
گەرچە خاراكتېر جەھەتتىن مۇزىكانتلار تارىخىغا ئائىت ئەسەر بولسى-
مۇ، لېكىن بەزى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئىدىيىۋى خاراكتېرىگە

ئىگە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنىڭ يەنە مۇزىكا ئۇستازلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىگە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتىكى تۆھپىلىرىگە باھا بېرىشتەك ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئاتاقلىق مەدەنىيەت تارىخى، سەنئەت تارىخى تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسىرى 1854 — 1855-يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقامچىلار، مۇزىكانتلار تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان بولسىمۇ، لېكىن مۇئەللىپ بۇ تارىخنى يېزىش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر مۇزىكا-مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ سەنئەت تۆھپىسىگە، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىگە ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىگە ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىپ، ئىنسانىيەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى يۈكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇلۇغلىغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى يالغۇز سەنئەت تارىخى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپلا قالماي، يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» نىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرى ھەققىدە ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابىدا «ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى مۆجىزىنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ‹بىرەر ناخشا، مۇقام ئىجاد قىلغان ياكى بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغان› 17 نەپەر مۇزىكىشۇناسنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەرىز، فىساغورۇس (پىفاگور)، ئەبۇ ناسىر فارابى، مەۋلانا ئەلى، خوجە شاھابىدىن، ئابدۇللا مەرۋايىت، ئابدۇرەھمان جامى، نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى، مۇھەممەد خارەزمى، نامان سەمەرقەندى، مەۋلانا ساھىب بەلخ، ساپايى سەمەرقەندى، مۇھەممەد كۈچتۈڭگۈر، مەۋلانا لۇتفى، يۈسۈپ سەككاكى، ئامانىسا خېنىم قاتارلىقلارنىڭ تارىخى، مۇزىكا ئىلمىغا

قوشقان تۆھپىسى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ تالانت ۋە تۆھپىلىرىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىلگەن، قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. مۇقام نەغمىلىرى، چالغۇ - ئەسۋابلىرى تارىخى ھەققىدە ئەينى زاماندا يۇرۇشۇپ تۇرغان بەزى كۆزقارشلار بايان قىلىنغان»[1] دەپ يېزىپ، ئەسەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرىنى ئالاھىدە مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دىكى كونكرېت بايانلارغا نەزەر سالساق، بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز. مۆجىزى بۇ ئەسىرىدە فىساغورۇس ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ كىشى سۆررى شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ ساياھەتچىلىكنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خەلقنى ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان كىشى ئىدى. ھەرگىز ساۋاب تەمە قىلمايتتى ۋە گۇناھتىنمۇ قورقمايتتى. بىراق، ساۋاب-جازاغا قايىل ئىدى. شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىنىمۇ، خاپا بولغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ، مال-دۇنيا كىشى ئۈچۈن دوست-دۇشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان نەرسە، دەيتتى. . . ھەرقاچان، ھەرجايدا بولسۇن، ئۇ بار يەردە كىشىلەر بىرەر موھتاج ئىشقا دۇچ كەلسە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ھازىرقى پەرەڭىستان ئۇ چاغدا ئەنتاكىيە شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ، ئۆزى كەشىپ قىلغان ساتارنى چېلىپ شېئىر ئوقۇدى. بۇ شېئىر⟨ سەن ئۆزۈڭنى تۈزەتمەي تۇرۇپ باشقىلارغا نەسىھەت قىلما؛ ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىنى دوست بىلىپ قەدىرلە! ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگۈچە، ئېسىل سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشنى ئۆگەن، ياخشى سۆزلەرنى قىلالمىساڭ، ياخشى سۆزلەرنى قىلالايدىغان ئادەملەردىن ئۆگەن؛ ئىلىم ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل؛ ھايۋان تىلسىزلىقتىن جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ، ئىنسان ئۆز تىلى-

[1] ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2-كىتاب 2-قىسىم 253-بەت.

دىن بالا-مۇسىبەتكە ئۇچرايدۇ〉 دېگەن مەزمۇندا ئىدى. ئەنتاكىيە شەھىرىدە شۇ چاغقىچە شېئىر، مۇزىكا بولۇپ باقمىغانىدى. كىشىلەر 25 ياشلىق بىر يىگىتنىڭ غارايىپ سۆزلەرنى قىلىپ، ئاجايىپ بىر نەرسىنى چالغىنىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. ئۇ كىشىلەرگە چوڭقۇر مەنىلىك ۋە نەسىھەت خاراكتېرلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىرلارنى ساتار بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ ۋەقە پادىشاھقا ئاڭلاندى. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بىللە چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدى( ھەيرەت قولىنى تەئەججۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلىدى) ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى. شاھ غىزادىمۇ، يېتىش-قوپۇشتىمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدىغان بولدى. ئۇنى پەرزەنتىم دەپ ئاتىدى. مۇزىكا ئىلمىنى تارقىتىش ئۇچۇن جاي راسلاپ، ئەنتاكىيە خەلقىگە بۇ ئىلمىنى ئۆگىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئون يىل ئىچىدە 40 مىڭ شاگىرت مۇزىكا ئىلمىدە يېتىشىپ چىقتى. فىساغۇرۇس پادىشاھتىن رۇخسەت سوراپ ھىندىستانغا كېلىپ ئىلمى نۇجۇم ( ئاسترومىيە) ئۆگەندى. ھىندىستان خەلقى فىساغۇرۇستىن مۇزىكا ئۆگەندى. جەمشىت، كەيقىباد پادىشاھلاردىن كېيىن ئالەمگە مۇزىكا ئۇرۇقىنى سالغان دانا ئالىم فىساغۇرۇس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. »①

مۆجىزى يۇقىرىقى بايانى ئارقىلىق مۇزىكا پىرى فىساغۇرۇسنىڭ بىلىمى ، قىزىقىشى، ئىدىيىۋى خاراكتېرى، ئەخلاق - پەزىلىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ شېئىري تالانتى، ناخشا ، مۇزىكا جەھەتتىكى ئاجايىپ ماھارىتى، ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان يۈكسەك تۆھپىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

مۆجىزى فارابى ھەققىدە: «ئۇچىنچى پىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانا شەيخ ئەبۇ ناسىر فارابىدۇر.

بۇ ئەزىز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەد غەززالى، ھەزرىتى ئىمام

① «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىلى نەشرى، 52-بەت.

پەخرى رازىلاردىن ئارتۇق كامالەت تاپقان. دىنىي ئىلىملەردە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. پەننىي ئىلىملەردە ئىبىن سىنادىنمۇ ئۇستۇن ئىدى-كى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەپسىر (قۇرئاننىڭ شەرھى)، ھەدىس، تېۋىپلىق، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات، ھەتتا شاھ-مات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى، جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەنىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغىچە ئۆگەتكەنىدى. راك، ئۇشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغانىدى. 《رىسالەئى مۇغەن-نىيۇن》 (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا: 《مۇزىكىنىڭ تىل-سىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئا-مىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ》 دەپ ئېيتقان ۋە يەنە 《يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىز-لەر》 دېگەن. بۇ ئەزىز تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە 114 پارچە كىتاب يازغان. بۇ كىتابىنىڭ بىرى 《رىسالەئى مۇغەننىيۇن》 دۇر»[1] دەپ بايان قىلسا، ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزل - شاراپەتلىرى ئۆزى يازغان شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ 《كۇللىيات》، 《چاھار دىۋان》 لىرىدىن، 《خەمسە》 سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى -كېيىن، ئاز-كۆپ بولۇپ پۈتكەن 36 كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، خىسلەت ۋە ئىشق-مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلىملەر-نىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆزىنىڭ پىر-ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى ساتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمد ئېيتىپ بىھوش بولۇپ

---

[1] «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 53- بەت.

كېتەتتى. 〈ناۋا〉 دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى. بۇ ئەزىز ھىجرىيە 843-يىلى (مىلادىيە1439-يىلى) 6-ئايدا دۇنياغا كېلىپ، 63 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 63 پارچە كىتاب يېزىپ، ھىجرىيە 906-يىلى (مىلادىيە1500-يىلى ) ھىرات شەھىرىدە سەكتە (مېڭىگە قان چۇشۇش) كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.»[1]

مۆجىزى يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق ئەبۇ ناسىر فارابى، ئەلەشىر نەۋائىلارنىڭ ھاياتى، پەزىلىتى ، بىلىم-ئىقتىدارى، ئىدىيە خاراكتېرى ، يازغان كىتابلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ سەنئەت تالانتىغا ۋە سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتىكى يۈكسەك تۆھپىلىرىگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بەرگەن.

مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە پالۋان مۇھەممەت كۈچتۈڭگۈرگە مۇنداق باھا بەرگەن:

«بۇ پەننىڭ ئون تۆتىنچى پىرى ھەزرىتى مۇھەممەد كۈچتۈڭگۈردۇر. خۇدايىتائالا ئۆز ئۇستۇنلۇكى ۋە كارامىتى بىلەن بۇ كىشىگە شۇنداق بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغانىدىكى، ئۇ ھەم ئۇلۇغ ئۆلىما، ھەم كاتتا ئەۋلىيا، ھەم زەبەردەس پالۋان ئىدى. مىڭ يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك پالۋان چىقمىغان. ئۇ ھەم شائىر، ھەم نەغمىچى، ھەم باي ئىدى. شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇنىڭدەك خۇش خۇلق، خۇش سۆز ئادەم يوق ئىدى. ئۇ يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان ئۇلۇغ ئۇستازلار باراۋىرىدە مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرلەر يازدى. پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. تۈرلۈك-تۈرلۈك ناخشا، سۆز، ئاھاڭلار ئىجاد قىلدى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بىرى چاھار زەرب بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۈيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭ چىقارغان . مەشھۇر ئىجادىي مۇقاملىرىنىڭ بىرى چاھار زەرب، بىرى چارگاھ مۇقامى ئىدى. . . بۇ ئەزىز بۇلاردىن باشقا، يەنە بىھېساب غەزەل، مۇقام، ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلدى. مەشھۇرلىرى مۇشاۋىرەك ، بايات ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان چاھار زەرب، دوگاھ، سىگاھ، چارگاھ،

---

[1] «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 55-، 56-بەتلەرگە قارالسۇن.

پەنجىگاھلار بولۇپ، غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا مەشھۇردۇر.

. . . بۇ ئەزىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇ يەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىدەك ئالىيجاناب زات بىلەن 40 يىل ھەمسۆھبەت، دوست بولۇپ ئۆتتى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىدە زەررىچە ئەيىب بولسا ئىدى، نەۋائىي ئۇنى دوستلۇققا قوبۇل قىلمىغان بولار ئىدى. ئەكسىچە، نەۋائىي: 〈مەن پالۋان مۇھەممەد كۇچتۇڭگۇر بىلەن 40 يىل ھەمسۆھبەت بولدۇم، بۇ جەرياندا كۆڭلۇم مالال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش ئۆتۇلمىدى، بەلكى دوستلۇق مۇھەببىتىمۇ كۇندىن-كۇنگە ئېشىپ باردى〉 دەپ يازغان. مانا بۇنىڭدىن بۇ ئەزىزنىڭ خوي-پەيلىنىڭ نەۋائىيغا ناھايىتى يارىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نەۋائىينىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئەزىزنى تەرىپلەپ تارىخ، ھېكايە يازغانلىقى بۇ ئەزىزگە بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى باھا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەزىز شېئىرىي مۇئەممما (مەنىسى يوشۇرۇن شېئىر) ئىلمىدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى، زامانىنىڭ نادىرى ئىدى. بۇ پەن توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلار يازدى. شۇ زاماندىكى شائىرلارنىڭ يۇزدىن بىرىدە مۇنداق قابىلىيەت يوق ئىدى. شائىرلار ھەرقانداق شېئىر يازسا پالۋانغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى.»①

مۆجىزىنىڭ پالۋان مۇھەممەد كۇچتۇڭگۇرگە بەرگەن باھاسى خېلى تەپسىلىي ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا كۇچتۇڭگۇرنىڭ بىلىم ۋە پاراسەتتە زامانىسىنىڭ كاتتا ئالىمى، ئەۋلىياسى ئىكەنلىكى، جىسمانىي جەھەتتە تەڭدىشى يوق پالۋان ئىكەنلىكى، ئەخلاق-پەزىلەتتە پادىشاھتىن گادايغىچە ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىك، ئالىيجانابلىقى، خاراكتېر جەھەتتە خۇش پېئىل، خۇش سۆزلۇك، كەڭ قورساق، تەڭداشسىز سېخىي، مۇرۇۋۋەتچى، سەمىمىي، ئاق كۆڭۇللۇكى، كەسپىي جەھەتتە تالانتلىق شائىر، شائىرلارنىڭ ئۇستازى، مەسلىھەتچىسى، داڭلىق مۇزىكا

① «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 59-، 61-، 62-بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۇستازى، ناخشىچى، نەغمىچى ئىكەنلىكى، مۇشاۋىرەك، بايات ، چاھار زەرب، چارگاھ، دوگاھ، سىگاھ، پەنجىگاھ قاتارلىق مۇقام- لارنى ئىجاد قىلغان ئاجايىپ سەنئەت تۆھپىسى بىلەن شەرق ۋە غەرب دۇنياسىدا شۆھرەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقى- لىق ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە ئالىي ئېھتىرامىنى ئىپادى- لىگەن.

مۆجىزى ھەزرىتى مەۋلانا لۇتفى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ ناسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ئىبىن سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئە- مىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئى- دى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىسىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارىي تەربى- يىلىنىپ چىقتى، 200چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20دىن ئارتۇق كىتاب يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى ئىلمى پاساھەتتە (ئىستىلىستىكا ئىلمىدە) بۇ ئەزىزنى ئۇستازىم دەيتتى.»①

مۆجىزى يۇقىرىقى بايانلىرىدا لۇتفىنى ئالىملىقتا فارابى بىلەن، ھېكىملىقتا ئىبىن سىنا بىلەن، شائىرلىقتا نەۋائى بىلەن، نەغمىچى- لىكتە قىدىرخان بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ، ئۇنىڭ ھەرقايسى كەسىپلەردە يۇكسەك كامالەت تاپقان ئىلىم-ماھارەت ئىگىسى ئىكەنلى- كى ، قولىدا 500دىن ئارتۇق ئالىم، 200چە مۇزىكانت تەربىيىلى- نىپ چىققانلىقى ۋە 20 پارچە كىتاب يازغانلىقىدەك كونكرېت پاكىت- لارنى كەلتۈرۈپ، لۇتفىنىڭ بىلىم - ئىقتىدارى، سەنئەت ماھارىتى ۋە يۈكسەك تۆھپىسىگە ئومۇملاشتۇرۇپ باھا بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە لۇتفىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىغا «مېنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان 10 مىڭ مىسرا شېئىرىمدىن سېنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ ئارتۇق» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن لۇتفىنىڭ كەم-

① «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 64-بەتكە قارالسۇن.

تەر، كىچىك پېئىل، باشقىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىگە باھا بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەڭداشسىز شېئىرىي ماھارىتىگە ۋە كەسپداشلىرى، زامانداشلىرى ئىچىدىكى يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتىگە يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە باھا بەرگەن.

مۆجىزى ئۆز كىتابىدا خانىش ئاماننىسا خېنىم ھەققىدە ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ، يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ماختىغان. ئۇنىڭ ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلىغان:

«ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكە ئاماننىسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، ‹دىۋانى نەفسى› (نەفسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى... خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ‹دىۋانى نەفسى›نى يازدى. خوتۇن-قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقى جەمىلە› (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، ‹شورۇھۇلقۇلۇب› (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق ، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. ‹ئىشرەت ئەنگىز› (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى. كۈچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن. بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى، سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى، دېيىلىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن مۇقام ۋە غەزەل ئىجاد قىلغۇدەك بىر ئۇستاز-

نىڭ ئالەمگە كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس.»①

مۆجىزىنىڭ ئامانىنىسا خېنىم ھەققىدىكى باھاسى كىتاب يېزىلغان ئەينى زامان ئۈچۈن تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئالاھىدە مەقسەت-نى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن، مۆجىزى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئامانىنىساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقامنى ئۆز نامىدا ئېلان قىلىۋالغان-لىقىنىڭ ناھەقچىلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ئۈچۈن بولۇشى مۇم-كىن. ئىككىنچىدىن، ئامانىنىساخاندىن كېيىن مۇئەللىپ ياشىغان دەۋرگىچە ئالاھىدە تۆھپىكار مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ بارلىققا كەلمىگەن-لىكى، ئۇنىڭ تۆھپىسىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەس ئابىدە تىكلەشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق سەۋەبلەر بولۇشىدىن قەتئىي-نەزەر، ئاياللارنىڭ جەڭگە كىرىشى، جامائەت ئالدىدا ئاشكارا ماختى-لىشى ۋە تەشۋىق قىلىنىشى مەنئى قىلىنىدىغان (ئىسلام دىنى ئەقىدى-سى بويىچە شۇنداق قارالغان) ئەينى زاماندا ئامانىنىسا خېنىمدىن ئىبا-رەت بۇ مۇقام ئۇستازىنىڭ مۆجىزى قەلىمى ئاستىدا سەنئەت تارىخى بېتىگە يېزىلىشى ۋە تۆھپىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ئىنتايىن چوڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، سەنئەت سۆيەرلىك، شۇنداقلا يۈكسەك جاسارەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. شۇڭا، سەنئەت سۆيەر ئۇستاز موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ بۇنداق ئاجايىپ تۆھپىسىگە چەكسىز تەشەككۈر ئېيتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مۆجىزى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى «تەۋارىخى مۇسى-قىييۇن» دا يۇقىرىقى مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن باشقا، مەۋلانا ئەلى، خاجە شاھابىدىن، مەۋلانا نۇرىدىن ئابدۇرەھمان جامى، مۇھەممەد خارازىمى، مەۋلانا نامان سەمەرقەندى، مەۋلانا ساھىب بەلىخ، شەيخ سەفايى سەمەرقەندى، قىدىرخان يەركەندى، ھەزرىتى يۈسۈپ سەككا-كى قاتارلىقلارغىمۇ مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنساند-

① «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 65-، 67-، 68-بەتلەرگە قارالسۇن.

يەت مۇزىكا سەنئىتىگە قوشقان يۈكسەك تۆھپىلىرى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى ، ئىدىيىۋى خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلىرىگە ئەمەلىي، ئادىل باھا ۋە پوزىتسىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس. تۇر. گەرچە مۆجىزى مەزكۇر ئەسىرىگە «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دەپ نام قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ئەينى زامانلاردا بارلىق. قا كەلگەن شائىرلار ۋە مۇزىكا-مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ تارىخىغا بىر. لەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، تۆھپىلىرىگە، بە. دىئىي ماھارەتلىرىگە، شۇنداقلا ئىدىيىۋى خاراكتېرلىرىگە، ئىنسانىي پەزىلەتلىرىگە قارىتا كونكرېت، توغرا، مۇكەممەل باھا، پوزىتسىيە. لەرنى ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە مەزكۇر ئەسەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات- سەنئەتشۇناسلىق تارىخىدا بارلىققا كەلگەن مەخسۇس ئەدە. بىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىك ئەسىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەم. دە مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

*　　　*　　　*

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە بايان قىلىنغان يۇقىرىقى پاكىتلار قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلى. رىنىڭ پەقەت بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئىشىنىمىزكى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات -سەنئەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇنلىغان تارىخىي ، تەزكىرە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن پاكىتلار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى يالغۇز مەخسۇس ئەسەرلەر ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلماستىن، كۆپ ھاللاردا ھەرخىل تېما ۋە ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە تارقاق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان. بىز ئەينى زاماندا پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش

مودىغا ئايلىنىپ، تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ، دېگەن بىمەنە قاراشلار ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ قالغان شارائىتتا تۈركىي تىل بىلەن ئالەمشۇمۇل گۈزەل ۋە يېرىك ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكى ۋە تۈركىي تىلنىڭ ئاجايىپ مول ئىپادىلەش قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق كاتتا ئەسەرى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان بۈيۈك شائىرىمىز نەۋائى ھەزرەتنىڭ شىجائەت كەمەرىنى باغلاپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق، بەزىلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، بۇ بىر بوش ساھە دېگەندەك مەسئۇلىيەتسىز قاراشلىرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چوقۇم ئىسپاتلاپ چىقالايمىز. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئەدەبىيات-سەنئەتشۇناسلىرىمىزنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە سەنئەت سۆيەرلىك تۇيغۇسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىمىزنى شەكىللەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشۇشقا بەل باغلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

# VIII قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەدەبىي ئېقىملار

## 1. ئەدەبىي ئېقىم ھەققىدە چۈشەنچە

ئەدەبىي ئېقىم دېگىنىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتى جەريانىدا ھەرخىل ھالەتلەردە شەكىللىنىدىغان ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىجادىيەت خاھىشى، سەنئەت تەشەببۇسى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرخىل مۇرەككەپ ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىسى. شۇڭا، ئەدەبىي ئېقىمغا ئىدىيىۋى ماھىللىقى، ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي قىزىقىشلىرى ئوخشاش ياكى ئوخشاشراق بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر گۇرۇھى ياكى مەزھىپى دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ.

ئەدەبىي ئېقىملار ئەمەلىيەتتە يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ ئىدىيە خاھىشلىرى، سەنئەت تەشەببۇسلىرى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى، تىل، ژانىرى ۋە باشقا بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئورتاقلىقلار ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش شەكلى ھەرخىل بولىدۇ. بەزى ئەدەبىي ئېقىملار ئورتاق سەنئەت قارىشى، ئورتاق ئىدىيىۋى خاھىش ياكى ئوخشاشلىققا ئىگە ئىپادىلەش شەكىللىرى ۋە ئۆزىگە خاس نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز تەركىبىدىكى يازغۇچى-شائىرلارنى ئاڭلىق ھالدا ئۇيۇشتۇرۇپ، مەلۇم ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بەزى ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ نامى، تەشكىلىي ئاپپاراتى، رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغان ئورتاق ئەدەبىيات-سەنئەت

تەشەببۇسى، ئورتاق ئىدىيىۋى خاھىشى، پروگراممىسى بولمايدو. بۇنداق ئەدەبىي ئېقىملار پەقەت بەدىئىي ئۇسلۇبى، سەنئەت قاراشلىرى، ئىدىيىۋى خاھىشى، ئىجتىمائىي غايىسى ، بەدىئىي قىزىقىشلىرى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ تەبىئىي هالدا ئۆزئارا قوللىشىش، هۆرمەتلىشىش، بىرى-بىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆلگە قىلىش، بىر -بىرىنىڭ ئېسىل بەدىئىي ئۇسلۇبلىرىغا تەقلىد قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۆزئارا مۇشائىرە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم ئىجادىيەت ئورتاقلىقى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق ئېقىمدىكىلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم ئېقىمغا تەۋە دەپ قارىمايدۇ. كېيىنكىلەر ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىكى ئورتاقلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇۋاپىق ناملارنى بېرىدۇ. يەنە بەزى ئەدەبىي ئېقىملار تەشكىللىك، پىلانلىق، ئاڭلىق ئاساستا تەشكىللەنمىسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرلىك يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيىتى ۋە ياكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرىنى ئۆلگە ، مەركەز قىلىش ئاساسىدا تەبىئىي شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇلارغىمۇ كېيىنكىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇۋاپىق نام بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىش ۋە مەۋجۇت بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ بىرقەدەر مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار كۆپ تەرەپلىمە ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولىدۇ. يەنى ئورتاق بەدىئىي قىزىقىش، ئورتاق ئىدىيىۋى خاھىش، ئورتاق بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئورتاق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ئورتاقلىق ياكى ئوخشاشلىق بولمىسا ئەدەبىي ئېقىممۇ شەكىللەنمەيدۇ. شۇڭا، ئورتاقلىقنى ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى دېيىشكە بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەلۇم ئەدەبىي ئېقىمغا تەۋە يازغۇچى -شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا بەلگىلىك مەزھەپ ياكى گۇرۇھ تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. مەلۇم پىكىر بىرلىكى ياكى مەزھەپ شەكىللەندۈرمىگەن يازغۇچى-شائىرلارنىڭ يەككە-يەككە پائا-

لىيەتلىرى ئېقىم شەكىللەندۈرەلمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي ئېقىم بەلگىلىك تارىخىي دەۋرلەردە بارلىققا كېلىپ، ئاشۇ تارىخىي دەۋردىكى يېڭىچە ئىدىيىۋى قاراش ياكى سەنئەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىشى ۋە ياكى ئىلگىرىكى كونا ئىدىيىۋى قاراش، سەنئەت قارىشىغا قارىمۇ قارشى خاھىشنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئىنتايىن زور. بىرىنچىدىن ، ئەدەبىي ئېقىملار، بولۇپمۇ ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملار ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ، تېخىمۇ مۇھىمى ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىش، ئىلغار سەنئەت تەشەببۇسلىرى ئارقىلىق ئىلغار مەدەنىيەت كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ، شۇ ئېقىمدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، كوللېكتىپچانلىقىنى كۈچەيتىپ، رىقابەتچانلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئېقىملار يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ سەنئەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، يېڭىلاش، شۇ ئارقىلىق ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن چېنىقىش، تەربىيىلىنىش شارائىتى ھازىرلاپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى سان، سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىي ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رىقابەت، مۇنازىرە ۋە ئالماشتۇرۇشلار، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ۋارىسلىق قىلىشلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمىنى بېيىتىدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت تېمىلىرىنى كېڭەيتىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى، مەۋجۇت بولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش شەكلى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەرخىل ئەدەبىي ئېقىملار بارلىققا كېلىپ ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىمىزدە تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس مۇكەممەل تارىخىي سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەن،

مول، گۈللەنگەن، گۈزەل ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى قاتارىدا، جۇملىدىن دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ھەر-خىل ئەدەبىي ئېقىملارنى شەكىللەندۇرۇپ كەلگەن ھەمدە بۇ ئېقىملار-نىڭ ئىلغار سەنئەت تەشەببۇسلىرى، مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت تەجرىبىلە-رى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي ۋە كەسپىي رىقابەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى كامالىتى ۋە بەدىئىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقى-رى كۆتۈرۈشكە تىرىشىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن سان-سا-ناقسىز، گۈزەل، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردە خەلقىمىزنىڭ ئىدىيە-ھېس-سىياتلىرىنى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى، يۈكسەك غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىنىڭ ئەنە شۇنداق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىدىن ۋە مۇنەۋۋەر تەجرىبىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. گەرچە ھا-زىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەدەبىي ئېقىملارنى تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ئۇلارغا مۇۋاپىق نام بېرىش خىزمىتى ئې-لىپ بېرىلمىغان، ئۇلار ھەققىدە مۇكەممەل، سىستېمىلىق خۇلاسى-لەشلەر ئېلىپ بېرىلمىغان، ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت نوپۇزلۇق دەرسلىك كىتابلىرىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە كونكرېت بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بەلگى-لىك تەسىرگە ئىگە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى تەرەققىياتىغا تۆرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا، ئۇلار ھەققىدە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئىلمىي خۇلاسىلىشىمىزغا ۋە مۇۋاپىق باھا بېرىشى-مىزگە توغرا كېلىدۇ. مەلۇم مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدا ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى شۇ مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بالاغىتىنىڭ بىر بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ مىللەت ئەدەبىيات-سەنئىتى تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىملار

تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى بولسا شۇ مىللەت ئەدەبىيات- سەنئەتشۇناسلىقىنىڭ ئىلمىي ۋە كەسپىي ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇشۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئاساسلىق ئەدەبىي ئېقىملار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات ئەنئەنىسى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، ئىدىيىۋى خاھىشى ئىلغار، بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن گۈزەل بولغان، خەلق ئاممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملارنىمۇ ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن تازا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ، خەلق ئاممىسى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان ۋە قارشى ئالمايدىغان ئەدەبىي ئېقىملارنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىملارتەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى، ئۆزئارا پەرقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىلمىي خۇلاسىلەش ئېلىپ بارساق ۋە ئېسىل ئەنئەنە ۋە تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرساق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىيات تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىملار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ياكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزاق بولغان، بەلگىلىك كۆلەمدىكى ئەدەبىياتچىلار مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن يازغۇچى - شائىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا ئەدەبىي ئېقىملىق شەرتى ھازىرلانغان ئاساسلىق ئەدەبىي ئېقىملاردىن «مەڭگۈتاش» چىلىق ئەدەبىي ئېقىمى ، دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىمى، داستانچىلىق ئەدەبىي ئېقىمى، پارسگۈيلۇق ئەدەبىي ئېقىمى،

تۈركىگۈيلۈق ئەدەبىي ئېقىمى، تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) ئەدەبىي ئېقىمى ، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىي ئېقىمى، تەزكىرىچىلىك ئەدەبىي ئېقىمى قاتارلىقلار بولغان. ئۇلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى بار. ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ساھەسىدە ھەرخىل تېمىلار بويىچە، مەسىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى، ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى، تۈر-ژانىرلار تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلى تەتقىقاتى ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ، ئىجادىيەت مېتودى تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم كۆلەمدىكى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئېقىملار ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىغان. شۇڭا، بۇ جەھەتتە ئىلگىرىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مەلۇم تەتقىقات ئەندىزىسى ياكى تەتقىقات تەجرىبىلىرىمۇ يوق دېيەرلىك. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمىز تەبىئىيكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ كەملىكى ، تەجرىبىلىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى، تەتقىقات ئېمىسىنىڭ يېڭى ۋە بىرقەدەر مۇرەككەپلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىسبەتەن ئەتراپلىق ، ئىلمىي ۋە قايىل قىلارلىق بولماسلىقى ، ھەتتا بەزى خاتالىقلارغىمۇ يول قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كەسىپداشلارنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تېخىمۇ ياخشى تەتقىقات ئۇسۇلىنى ، تېخىمۇ ياخشى تەتقىقات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق پىكىر قاتناشتۇرۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. بىز تۆۋەندە بەزى ئەدەبىي ئېقىملار ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

## 2. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى «مەڭگۈتاش» چىلىق ئەدەبىي ئېقىمى

ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى ھەققىدە تاشلارغا مەڭگۈلۈك ئابىدە ئويۇپ تاش پۈتۈك قالدۇرۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرخىل ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئەنئەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىدىكى بىر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت

ھادىسىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل تاش پۈتۈك سەنئەت شەكلىنى ئەينى زامانلاردا «مەڭگۈتاش» دەپ ئاتاشقان. ئەينى زامانلاردىكى «مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتى نەمۇنىلىرى سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن مول ۋە رەڭدارلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇ نەمۇنىلەردە ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، تىلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت جەھەتتىكى ئەھۋالىنى كۆپ تەرەپلىمە، جانلىق، ئوبرازلىق، ئىخچام ئەكس ئەتتۈرگەن.

«مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇشى مۇمكىن. پەقەت بىزگە يېتىپ كەلگەن تارىخي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، «مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتىنىڭ داۋاملاشقان دەۋرى تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان، ئەمما سوغدى تىل-يېزىقىدا[1] مىلادىيە 581- يىلى تاشقا ئويۇپ ئورنىتىلغان «بوغۇت مەڭگۈتېشى» دىن[2] 1334- يىلى ئورنىتىلغان «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى» گىچە بولغان ئۇزاق تارىخي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە «مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش دەۋرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخي دەۋرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى تەخمىن قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى يەنىلا Ⅶ، Ⅷ، Ⅸ ئەسىرلەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ۋە شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئەدەبىي ئېقىم دەپ قارايمىز. چۈنكى، «مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتى ئۇزاق مەزگىل ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. ئالايلى:

«بوغۇت مەڭگۈتېشى» 581-يىلى سوغدى تىل-يېزىقىدا تاشقا ئويۇپ ئورنىتىلغان.

---

① سوغدى تىل - يېزىقى — ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ھىندى - ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ ئىران تىل تارمىقىغا مەنسۇپ تىل بولۇپ، پارس تىلى بىلەن بىر تارماقتا تەۋە تىل. ئەينى چاغدا پارس تىلى بىلەن سوغدى تىلىنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس ئىدى.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001-يىللىق 1-سان 70-بەتكە قارالسۇن.

«چۈرىن مەڭگۈتېشى» 686-، 687-يىللىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، 1971-يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرى جەنۇبىدىكى چۈرىن دېگەن جايدىن تېپىلغان.

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» 716-يىلى تۈركىي تىلدا يازما ھالەتتە بارلىققا كەلگەن تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ 1897-يىلى موڭغۇلىيىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدىن 60كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايان چوكتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان.①«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ ئاپتورى تۇنيۇقۇق (668 — 788) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىئون، ھەربىي ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىب ئىدى. ئۇ تۈركىي تىل-يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان تۇنجى ئەۋلاد رېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭ ئۇستازىدۇر.

«ئونگىن مڭگۈ تېشى» موڭغۇلىيىنىڭ ئونگىن دېگەن جايىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ئۇنى باشقا مەڭگۈ تاشلاردىن پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە تېپىلغان جاينىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. قۇربان تۇراننىڭ «تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى〈ئونگىن مەڭگۈتېشى〉غا ئائىت بىرقانچە مەسىلە»②ناملىق ماقالىسىدىكى ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەڭگۈتاشنىڭ ئاپتورى بىلگە ئىشبارا تامغان تارقان بولۇپ، ئۇ ئاتىسى ئەل ئەتمىش ۋاپات بولغان يىلى (728- يىلى) ئاتىسىغا بېغىشلاپ تىكلىگەن.

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» 732- يىلى ئورنىتىلغان. 1889- يىلى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوخۇت سايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان.③بۇ مەڭگۈتاشنىڭ ئاپتورى يوللۇق تېگىن (652 — 744) تارىخشۇناس ھەم ئەدىب بولۇپ، ئاشىنا قەبىلىسىدىن، بىلگە قاغان ۋە كۆلتېگىنلەرنىڭ جىيەنى. ئۇ تارىخ ، تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە

---

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 19-بەتكە قارالسۇن.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»2001- يىلى 3- سانىغا قارالسۇن.

③ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى » 19- بەتكە قارالسۇن.

ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، بىلگە قاغاننىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە ئاسا-
سەن «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى»[1] ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتار-
لىقلارنى تاش ئۈستىگە ئويۇپ قالدۇرغان.

«بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» 735-يىلى ئورنىتىلغان. 1889-يى-
لى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوخۇت سايدام دېگەن جايدىن تېپىل-
غان.[2] بۇ مەڭگۈتاشنىڭ ئاپتورىمۇ يوللۇق تېگىن بولۇپ، بىلگە قا-
غاننىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ، تاشقا ئويۇپ
قالدۇرغان.

«مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى (1)» تەخمىنەن 759-يىلى قەدىمكى
تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش جەريانى چىنلىق بىلەن
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەينى زاماندا بارلىققا كەلگەن تارىخىي
قەھرىمانلىق داستانىدۇر.

«مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى (2)» يەنە «تېرخىن مەڭگۈتېشى (2)»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەڭگۈتاش «مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى (1)» نىڭ كەم
يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبىنى، تارىخىنى، شۇ
دەۋردىكى تىل، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي-
رەك ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ مەڭگۈ تاش «مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى (1)»
دىن كېيىنرەك (760 — 770-يىللار) يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.
بۇ مەڭگۈتاشمۇ «(مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى (1)» بىلەن بىللە تېپىل-
غان.

«تەس مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلى بىلەن يېزىلغان. 759- يىلى ئورنىتىلغان. ئۇنىڭدا مويۇنچۇر
ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىدىكىن (بوگوخان) قاتارلىق بىرقانچە ئەۋلاد ئۇي-
غۇر خانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ مەڭگۈتاش
«مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى (1)، (2)» نىڭ كەم تەرەپلىرىگە تولۇقلىما

---

[1] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 19- بەتكە قارالسۇن.

[2] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 19- بەتكە قارالسۇن.

بولالايدىغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال. ئۇنىڭدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ 280 يىل داۋام قىلغان ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى ۋە 150 يىل جەريانىدىكى جارابلىششقا يۈزلەنگەن ھەم يات قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى دەۋر ھەققىدىكى خاتىرىلەر تىلغا ئېلىنغانىكەن.[①] «تەس مەڭگۈ تېشى» يەنە «قۇتلۇق بىلگە قاغان ئابىدىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» 814-يىلى تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈتاش ئۈچ خىل تىلدا، ئۈچ خىل يېزىق بىلەن يېزىلغان (بىر تەرىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا، يەنە بىر تەرىپى سوغدا تىلى ۋە يېزىقىدا، يەنە بىر تەرىپى خەنزۇتىل - يېزىقىدا يېزىلغان) . بۇ مەڭگۈتاشتا 808-، 821- يىللاردىكى ئۇيغۇر قاغان «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان» نىڭ دەۋرىدىكى ئىشلار مەركەز قىلىنىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، مويۇنچۇر، تەڭرى قاغان (بوگوخان) لارنىڭ ئەنلۇشەن — شى سىمىن توپىلىڭىنى تىنچىتىش يولىدىكى تۆھپىسى، بوگوخاننىڭ مانى دىنىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.[②]

«قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى» 1334- يىلى ئورنىتىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خاتىرىلەنگەن. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئەسلىي تېكىستى ئەسلىي يۈرتى سانجىدا بولغان ئۇيغۇر شائىرى كى كى ئىچقۇ تەرىپىدىن يېزىلغان، بولۇپ، گەنسۇئۆلكىسىنىڭ يوڭچاڭ (ھازىرقى ۋۇۋېي ناھىيىسىدە) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان.[③]

«ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» 1326- يىلى ئورنىتىلغان. بۇ مەڭگۈتاش ئابىدىسىنىڭ تولۇق ئىسمى «يۈەن دەۋرىدە قايتا تۈزۈلگەن ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» بولۇپ، بەزىدە «تۈتۈم سالى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەنسۇئۆلكىسى جيۇچۈەن

① غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى، 191-، 192-بەتلەرگە قارالسۇن.

② غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002-يىلى نەشرى، 191-، 192-بەتلەرگە قارالسۇن.

③ گېڭ شىمىن: «شىنجاڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخقا دائىر ماقالىلەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 400- بەت.

شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېنشۇگو دېگەن جايدىن تېپىلغان. ئۇنىڭ ئورناتقۇچىسى ناندا شى تېگىن ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىست قىسمى نەسرىي شەكىلدە، ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمى باش قاپىيىلىك شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان.①

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «سۇجىۋ سېۋىرى دېگەن جايدىن تېپىلغان مەڭگۈتاشلار، ئىنساي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان قىرغىزلارغا ئائىت مەڭگۈ تاشلار يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت»② لەر بار.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلار «مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر ھېسابلانسا، ئاشۇ «مەڭگۈتاشلار» نى يېزىپ قالدۇرغان تۇنيۇقۇق، يوللۇق تېگىن، مويۇنچۇر، ئىدىكىن (بوگوخان)، تۈبەك ئالىپ شول، ئەل ئۆگەسى قاتارلىقلار «مەڭگۈ تاش» چىلىق سەنئىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى ۋە بۈيۈك ئۇستازلىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى «مەڭگۈتاش» يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن «مەڭگۈتاش» چىلىق سەنئىتىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن پەقەت بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. تېخىچە بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن «مەڭگۈتاش» لارمۇ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «مەڭگۈتاش» لار ئەينى دەۋردىكى قاغانلار، ۋەزىرلەر ۋە داڭلىق تارىخشۇناس، ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، خارابلىشىشى، قاغان ۋە ۋەزىرلەرنىڭ نەسەبى، پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلاپ مەخسۇس ئىشلەنگەن. ئۇلاردىن باشقا، يەنە خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن خەلق ئىچىدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ئەھۋاللارغا بېغىشلانغان، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئادەتتىكى «مەڭگۈتاش» لارمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى زا-

---

① گېڭ شىمىن: «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژورنىلى» 1986- يىلى 2- سانىدا (خەنزۇچە) بارلىق ئىزاھاتلىرى بىلەن ئېلان قىلىنغان.

② ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 19- بەتكە قارالسۇن.

ماندا ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل «مەشرەپ» سەنئىتى روناق تېپىپ، «مەشرەپ» ئېقىمىنى شە- كىللەندۈرگەن. بۇ بەلكىم ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن، داۋاملاشقان تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق، نەتىجىسى بىرقەدەر مول، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان تۇنجى ئەدەبىي ئېقىم بولۇشى مۇم- كىن.

«مەشرەپ» چىلىق سەنئىتىنىڭ بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىشكە سەۋەب بولغان ئورتاق شەرتلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى خاھىش جەھەتتە «مەشرەپ» لاردا ئورتاق ھالدا يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يەنى ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەب- بەت، شۇنداقلا ئۆز يۇرتىنى قوغداش ، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى ياتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن جان پىدا قىلغان خاقانلار، ۋەزىرلەر، بەگلەر ۋە قەھرىمانلارنىڭ تۆھپىلىرى مۇئەييەن- لەشتۈرۈلگەن ۋە مەدھىيىلەنگەن. ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش، ھاكىمى- يەتنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ، ھاكىمىيەتنىڭ، خەلقنىڭ شۆھ- رىتىنى ئۇلۇغلاشنى ئاساسلىق ئىدىيىۋى خاھىش قىلغان؛ ئىككىنچى- دىن، «مەشرەپ» لارئىپادىلەش شەكلى ياكى ژانىرى جەھەتتە ئور- تاق ھالدا تەزكىرە ئەدەبىياتى خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. يەنى «مەش- رەپ» لاردا ھەرقايسى قاغانلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلىش، مۇستەھكەملەش جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى، تۆھپىلىرى ياكى خانلىق- نىڭ خاراب بولۇشى، قاغان ۋە بەگلەرنىڭ نەسەبى ۋە ئۇلارغا مۇناسى- ۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئۈ- چىنچىدىن، «مەشرەپ» لار تىل جەھەتتە نەسرىي تىلنى ئاساس، نەزمىي تىلنى قوشۇمچە قىلىپ، تىلنى قويۇق بەدىئىي تىل (ئەدەبىي ئەسەر تىلى) سەۋىيىسىگە يەتكۈزگەن. تۆتىنچىدىن، «مەشرەپ» لارنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، يەنى ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ تارىخ، تەزكىرە خاراكتېرى ئاساس بولسىمۇ، لېكىن

ئاشۇ مەزمۇنلار ئەدەبىياتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى بولغان بەدىئىيلەشتۈرۈش ياكى ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، «مەڭگۈتاش» لاردىكى بايانلار مەنتەقىلىق ، تەسۋىرلەر كونكرېت، جانلىق، ئوبرازلار روشەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلەشكەن؛ بەشىنچىدىن، «مەڭگۈتاش» تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا تاشقا ئويۇپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، «مەڭگۈتاش» لار مەيلى ئىدىيىۋى خاھىش جەھەتتە، مەيلى تىل ياكى ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە بولسۇن، زور دەرىجىدىكى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، تەبىئىي رەۋىشتە «مەڭگۈتاش» چىلىق ئەدەبىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى دىداكتىزم (پەند ـ نەسىھەتچىلىك) ئەدەبىي ئېقىمى

دىداكتىك — گرېكچە didactcos (ئىبرەت) سۆزىدىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوڭاي ئەستە قالدۇرۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قائىدىلەرنى، تەربىيىلەش خاراكتېردىكى ئىلمىي پىكىر ۋە دەۋەت ـ نەسىھەتلەرنى بەدىئىي شەكىللەردە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر شۇ نام بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قائىدىلەرنى ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى ئاساسىي خاھىش

قىلغان يازغۇچى - شائىرلار گۇرۇھىنى دىداكتىزم (پەند - نەسىھەتچىلىك) ئەدەبىي ئېقىمى دەپ ئاتاش بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارىدۇق. دېمەك، دىداكتىزم ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىدىيىۋى خاھىش ئورتاقلىقىنى ئاساس قىلىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمدۇر.

دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئابدۇرەھىم سابىت ئەپەندى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ «دىداكتىك قوشاق ۋە شېئىرلار» سەھىپىسىدە مۇنداق بايان قىلغان: «قەدىمكى زامان قوشاقلىرى ئىچىدە يەنە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ھەم ئىجتىمائىي قىممىتى چوڭ بولغان قوشاقلاردىن بىرى ئەخلاقىي تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان قوشاق ۋە لىرىك شېئىرلار بولۇپ، ئۇ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى كۆزقاراشلارنى شېئىرىي تىل بىلەن ئوبرازلىق بايان قىلىپ، كىشىلەرنى ياخشى خۇلق، ئادەتلەرگە ئۈندەشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا خىلدىكى قوشاق شەكىللىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. 〈دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك〉تە مىسال كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى زامان قوشاقلىرى ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئەنە شۇ دىداكتىك قوشاق ۋە شېئىرلار ئىگىلىگەن. شۇڭا، دىداكتىزمنىڭ يىلتىزىنى قەدىمكى خەلق قوشاقلىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ خىل قوشاق شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلىپ، ئار - نومۇس، ئەخلاق - پەزىلەت، ئادەمگەرچىلىك، مەردلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىككە ئوخشاش ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلىغان؛ جاھىللىق، تەرسالىق، ئاچ كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىككە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى رەھىمسىز ئەيىبلىگەن. كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلەشكە، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، ئەمگەك بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە، كەمسۆز، ئېغىر - بېسىق، راستچىل، سەممىمىي بولۇشقا، يالغانچىلىق قىلماسلىققا، ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەسلىككە،

مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىككە ئۈندىگەن. مەسىلەن:

ئاسىزلىكنىڭ ئانۇغا
تىلدا چىقار ئەزگۇ سۆز.

(يامانلىقتا ئادەتلەنمە، تىلىڭدىن ياخشى سۆز چىقسۇن.)
مانا بۇ قوشاقتا كىشىلەر يامان خۇلقتا ئادەتلەنمەسلىككە، ياخشى سۆزلۈك بولۇشقا دەۋەت قىلىنسا، تۆۋەندىكى قوشاقتا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھېكمەت سىرلىرىنى ئېچىپ ئالىم بولۇشقا، ئەلدە ئىلىم-پەن، مەرىپەت تارقىتىپ، خەلقنى جاھىللىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، مەرتىۋىسى ئۆسكەنسېرى كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشقا، باشقىلارغا قولىدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەلگەن:

ئالغىل ئۇگۇت مەندىن، ئوغۇل، ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگا بولۇپ بىلگىنىڭ بىلە،
(ئالغىل ئۇگۇت مەندىن، ئوغۇل، ئەردەم يارات،
ئەلدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ ئىلمىڭ تارات.)
ئۇلۇغلۇقىڭ بولسا سەن ئەزگۇ قىلغىن،
بولغىل كىشىك بەگلەر قاتىن ياخشى ئوغلان.
(مەرتىۋەڭ ئۆسكەنسېرى ياخشى قىلىقلىق بول،
بەگ ئالدىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل.)
...

دىداكتىك قوشاق ۋە شېئىرلار كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاقتا، ھۇنەر، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەشتە، ياخشى خۇلق - ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يامان ئىللەتلەردىن خالىي بولۇش روھىدا تەربىيىلەشتە ھېلىمۇ ھەم چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆرنەك قىلىپ ئۆگىنىشىمىزگە، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىد-

شىمىزغا ئەرزىيدۇ.»[1]

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت» سەھىپىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «بۇ دەۋردىكى شېئىرلار تەركىبىدە ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدىكى شېئىرلار، پەند - نەسىھەتلەر، ئۇگۇتلەر، ھېكمەتلىك مىسرالار ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ خىل شېئىرلاردا ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان. تىل گۈزەللىكىگە ئېتىبار بېرىش، ساۋابلىق، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئىنساپلىق بولۇش، ياۋۇز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش، ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش، ھەرخىل ناچار، بولمىغۇر قىلىقلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن».[2]

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دىداكتىزملىق خاھىشنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ مەيلى قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى، مەيلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشلىرىدا بولسۇن مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» كە يېزىلغان نەسرىي (A) مۇقەددىمىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«25. ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۇرلۇك ئات ۋە لەقەب بەردى.

26. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى: ماچىن

27. مۇلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇلمەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)

28. دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننى-

---

① ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 1- قىسىم 117-، 118-، 119-، 120- بەتلەرگە قارالسۇن. 1982- يىل نەشرى.

② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- توم 229- بەتكە قارالسۇن.

تى) دېدى.

29. ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى.

30. بەزىلىرى «پەندنامەئى مۈلۈك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى.

يۇقىرىقى بايانلاردىكى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى «ئەدەبۇلمۈلۈك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، «پەندنامەئى مۈلۈك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دېگەن تەرىپلەردىن ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ داستاندىكى ھەربىر مىسرالاردىن دىداكتىزملىق (پەندنەسىھەتچىلىك) خاھىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى مەزمۇنلار دىداكتىك لىرىك قوشاقلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك نوقۇل، ئابستراكت ئوتتۇرىغا قويۇلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يارىتىلغان گۈزەل، مۇكەممەل سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى گۈزەللىك، توغرىلىق، ياخشىلىققا ئۈندەش، يامانلىققا، رەزىللىككە قارشى تۇرۇش، نادانلىق، ھورۇنلۇقنى تۈگىتىش ھەققىدە ئۈگۈت بېرىپ، ئادىل، باياشات، ئاۋات، ئەركىن بولغان گۈزەل جەمئىيەت قۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابىدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خاراكتېرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «〈قۇتادغۇبىلىك〉 زور ھەجىمدىكى دىداكتىك داستان بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا خانلىقنى باشقۇرۇش يوللىرىنى، ئوردا خادىملىرىنىڭ بۇرچى ۋە ئەخلاق سۈپىتىنى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتىنى، جەمئىيەت ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسۇلدا، يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق كۆركەم ۋە ساپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن بايان قىلغان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا 〈قۇتادغۇبىلىك〉 داستانىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ئەسەر؛ خاراكتېر جەھەتتىن دىداكتىك ئەسەر؛ تۈزۈلۈشى جەھەت-

تىن شېئىرىي (بەدىئىي) ئەسەر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.»[1]

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر دىداكتىزملىق خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

يەنە مىسال ئالساق، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىگە تەييارلىغۇچىلار سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «〈ئەتەبەتۇل ھەقايىق〉 دىداكتىك داستان بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ؛ ئىلىم - مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەردلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛ بىلىمسىزلىك، جاھىللىق، خەسىسلىك، ئاچ كۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ.»[2]

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ «ئەھمەد يۈكنەكى» سەھىپىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ 〈ئەتەبەتۇل ھەقايىق〉 (ھەقىقەت ئىشىكى، ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق ئەسىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن پەلسەپىۋى ياكى دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىدىيىۋى مەزمۇن ئابستراكت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە ئىپادىلەنگەن. شائىر ئوبيېكتنى كۆپرەك لىرىكىلىق يول بىلەن سۈرەتلەيدۇ. بۇ ھال داستاننى سىياسىي، ئەخلاقىي لىرىكىلىق چاتما شېئىرلار تۈركۈمى ياكى توپلىمى دەپ قاراشقا ئېلىپ كېلىدۇ.»[3]

ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابنىڭ «〈ئەتەبەتۇل ھەقايىق〉 داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى» دېگەن سەھىپىسىدە مۇنداق بايان

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 119- بەتكە قارالسۇن.
② «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980- يىل نەشرى. 2- بەتكە قارالسۇن.
③ «غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» 463-، 464-، 465- بەتلەرگە قارالسۇن.

قىلىنغان:

«مەشھۇر ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى تالانتلىق ئۇي-غۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشلاپ بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى ئىزىدىن مېڭىپ‹ قۇتادغۇبىلىك› كە ئوخشاش تارىخىي ئەھمىيەتلىك دىداكتىك داستان ‹ ئەتەبەتۇل ھە-قايىق› نى يېزىپ قالدۇردى. »

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» خاس دىداك-تىك داستان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىدا دىداكتىزملىق ئىدىيىۋى خاھىشنى ئىپادىلەشكە بېغىشلانغان ۋە-كىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

XII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىم-نىڭ يېرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى خوجە ئەھمەد يەسەۋىدۇر. ئۇنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئەينى زاماندا پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە ھېكمەتلىرى ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا «يەسەۋىيە» مەزھىپىنى شەكىللەن-دۈرۈپ زور شۆھرەت قازانغان.

يەسەۋى ھېكمەتلىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئاساسلىق ئىدىيىلەر كۆچلۈك پەند ـ نەسىھەت (دىداكتىك روھ) خاراكتېرىگە ئىگە بولىس-مۇ، لېكىن بۇ خىل دىداكتىزملىق خاھىش ئەھمەد يەسەۋىنىڭ كۆچ-لۈك سوپىزملىق (تەسەۋۋۇپچىلىق) ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «دىۋانى ھېكمەت» تە ئىنسانلارغا گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنى يوقاتماسلىق، يەنى شەيتانى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، پاك ئەقىدىنى، پاك قەلبىنى، پاك ۋۇجۇدىنى يوقاتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت بېرىپلا قالماي، بەلكى ئادەملەردىكى ناچار خاھىشلار، جەمئىيەتتىكى بۇزۇلۇش ۋە بىنورمال مۇناسىۋەتلەر-گە، ئادالەتسىز ھۆكۈمدارلارغا، نائىنساپ بايلارغا بولغان نارازىلىق، ئاجىز، مىسكىنلەرگە بولغان ھېسداشلىق ئىدىيىلىرىمۇ ئىپادىلەن-گەن. مەسىلەن:

دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر، جاھان مالىن ئالغانلار،
كەركەس قۇشىدەك بولوبان ئۇل ھارامغا پاتمىشلەر.
موللا، مۇپتى بولغانلار، يالغان دەئۋا قىلغانلار،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئۇل تامۇغغە كىرمىشلەر.
قازى، ئىمام بولغانلار، ناھەق دەئۋا قىلغانلار،
ھېمار ياڭلىغ بولوبان يۈك ئاستىدا قالمىشلەر.
ھارام يېگەن ھاكىملار، رىشۋە ئالىب يېگەنلەر،
ئۆز بارماقىن تىشلەبان قورقۇپ كۆرۈپ قالمىشلەر.
تاتلىغ - تاتلىغ يېگەنلەر، تۈرلى - تۈرلى كىيگەنلەر،
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغانلار تۇپراق ئارا ياتمىشلەر.
مۆمىن قۇللار، سادىقلار سىدقى بىلەن تۇرگانلار،
دۇنيالىغىن سەرپ ئېتىپ، ئۇجماق ھۆرىن قۇچمىشلار[1].

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر خوجە ئەھمەد يەسەۋى بىر ياقتىن جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى، بىر قىسىم ئادەملەردىكى يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يامان ئەمەل ۋە ناچار ئىللەتلەر بىلەن ياشىغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، شۇ خىل كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى دىداكتىك خاھىشىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا، ئەھمەد يەسەۋىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىساق، ئۇنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىنى ئەينى دەۋر دىداكتىزملىق خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى دەپ مۇقىملاشتۇرىمىز.

دېمەك، دىداكتىزملىك ئەدەبىي ئىجادىيەت خاھىشى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، چۆچەك - مەسەللىرىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى-

① ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 1- قىسىم 369-، 370- بەتلەرگە قارالسۇن.

ىنىڭ ھەرقايسى تۈر - ژانىردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، مەيلى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سەنئەتكارلىرى بولسۇن ياكى يازما ئەدەبىيات سەنئەتكارلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە ئىستىخىيەلىك رەۋىشتە دىداكتىزملىق ئىدىيە - خاھىشىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. دىداكتىزملىق خاھىشتىكى يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىپادىلەنگەن دىداكتىزملىق ئىدىيىۋى خاھىشقا داۋاملىق ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، XI ئەسىردە «قۇتادغۇبىلىك» ، XII ئەسىردە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ۋە «دىۋانى ھېكمەت» تىن ئىبارەت دىداكتىك خاھىشى كۈچلۈك بولغان يىرىك ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، XI ۋە XII ئەسىرلەرنى ئۇيغۇر دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىم ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى دېسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى، خوجە ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، شائىرلارنى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ھېسابلايمىز.

ئۇيغۇر دىداكتىزملىق ئىجادىيەت خاھىشى كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ناسىردىن رابغۇزى، مەۋلانا ئاتايى، مەۋلانا سەككاكى، مەۋلانا لۇتفى، ئەمىر ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ھەتتا XVII ، XVIII ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مەسىلەن، مۇھەممەد سىدىق رەشىدى (1715 — 1800) ئۆزىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق دىداكتىك خاراكتېرىدىكى ئەسىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىداكتىزملىق خاھىش داۋاملىق ئىپادىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن XI ، XII ئەسىرلەردىكىدەك قويۇق بولمىغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دىداكتىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قائىدىلەر، ئۆلچەملەر يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشىلەرنى ياخشىلىق، گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشنى، يامانلىق، ساختىلىق، رەزىللىككە قارىتا نەپرەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەتلەر، توغرا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قارىشى بىلەن تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، گۈزەل شېئىرىي تىل ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ دىداكتىك خاھىشنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ژانىر جەھەتتە ماقال- تەمسىل، قوشاق، مەسەل، داستان شەكلىنى ئاساس قىلىپ دىداكتىك خاھىشنى ئىپادىلەيدۇ.

## 4. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىق ئەدەبىي ئېقىمى

داستانچىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر خىل يىرىك ژانىر-دۇر. ئۇيغۇر داستانچىلىقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل ژانىردا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تىمىز ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئەڭ قەدىمكى ئەمگەك قوشاقلىرى، ئوۋ قوشاق-لىرى، بايرام - مۇراسىم قوشاقلىرى ۋە شېئىرىي چۆچەك، مەسەللەر ژانىرلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇن جەھەتتىن تارىختىكى زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى، قەھرىمان - باھادىرلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلى-رىنى، جەڭلەرنى، تۆھپىكار شەخسلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. داستانلارنىڭ شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغانلىرى

كۆپ، نەسر شەكلىدە يېزىلغانلىرى ئاز، نەزم ۋە نەسرىي شەكىل بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغانلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدا جانلىق شېئىرىي ئوبرازلار مۇكەممەل ھېكايە سۇژېتلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ئەل-ۋەتتە مەنىۋى مۇھىت ئارقىلىق لىرىك ھېسسىياتنى مەركەزلىك ئىپا-دىلەيدىغان لىرىك داستانلارمۇ بار.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋايىزلىق (مەدداھلىق) سەنئىتى ئاسا-سىدا بارلىققا كېلىپ، ۋايىزلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا جامائەتكە ئېيتىپ بېرىشى، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش، كېيىنكىلەر تەرىپى-دىن يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىپ ساقلىنىش نەتىجىسىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر يازما داستانچىلىقىمۇ خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى جەھەتلەردىكى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزغا مەلۇمكى، داستانچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى تەركىبىدە سالمىقى بىر قەدەر زور بولغان بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم داستان ژانىرىدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىش ئورتاقلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. چۈنكى، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئەزەلدىن داستانچىلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپلا قالماي، بەلكى داستانچىلىقنى بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر ئەدىبنىڭ شېئىرىيەت ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ئالاھىدە بەلگە ھەم سى-ناق تېشى ھېسابلاپ كەلگەن. شۇڭا، كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزدىن داستان يازمىغانلىرى يوق دېيەرلىك.

«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، نۇرغۇنلىغان داڭلىق داستانلار مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ھەجىم جەھەتتىن 338 قۇرلۇق 〈مۇقەددەس قەبرە〉 دەپ ئاتالغان 〈توۋا دۇئاسى〉 تەخمىنەن مىلادىيە Ⅳ، Ⅴ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبى-يات تارىخىدىكى مانى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەڭ چوڭ ھەجىمدىكى شېئىرىي شەكىلدىكى داستاندۇر. 〈مۇقەددەس قەبرە〉 دەپ ئاتالغان 〈توۋا دۇئاسى〉نى تەتقىق قىلغۇچى ئىنگلىز تۈركشۇناس

دوكتور لىئۇن كوفۇنمۇ: 〈بۇ دۇئا Ⅳ، Ⅴ ئەسىرلەردە ياشىغان
ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىران، خەنزۇ ۋە
ۋىزانتىيىلىكلەردىن ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر هۆج-
جەتتۇر〉 دەپ ناهايىتى يۇقىرى باهالىغانىدى.① 〈ئوغۇزنامە〉 داستانى
مەشھۇر تارىخىي شەخس ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا
يارىتىلغان، نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر داستانلىرى-
نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى
جەھەتتىن جاھان ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ شۆھرەتلىك ھېسابلانغان
قەدىمكى يۇنان ئېپوسلىرىدىن بولغان 〈ئىلىئادا〉، 〈ئۇدىسسا〉 بىلەن
بىر قاتاردا تۇرىدىغان بىباھا، قىممەتلىك مەدەنىي مىراس بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.»②

«قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى دەدە قورقۇت (قورقۇت ئاتا) ھەققىدە
مەخسۇس داستانلارنى توقۇپ چىقارغان، 1945- يىلى ئىستانبۇلدا
نەشر قىلىنغان 〈تۈرك گراماتىكىسى〉 ناملىق كىتابتا يېزىپ قالدۇ-
رۇلغان 〈دەدە قورقۇت〉 رىۋايىتىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ
خېلى كۆپ ساندا ئۇچرايدىغانلىقى ھەمدە ئۇنى قوۋۇزغا تەڭكەش
قىلىپ ئېيتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىدىن تولۇق بىلەلەيمىز. ئەپ-
سۇسكى، داستاننىڭ تولۇق تېكىستى دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كې-
لەلمىگەن.»③

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «تۇڭا ئالىپ ئەر قىسسىسى»، «چىستا-
نى ئىلىگ بەگ» داستانى قاتارلىق ئېپوس خاراكتېرلىك داستانلار
بارلىققا كەلگەن. «تۇڭا ئالىپ ئەرقىسسىسى» دە تۇڭا ئالىپ ئەرنىڭ
رىۋايەتلەردىكى تۈرك خاقانى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقنى ياۋ-
نىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش جەھەتتىكى قەھرىمانلىقى، جاسارىتى قىز-
غىن مەدھىيىلەنگەن.

---

① ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 1- قىسىم 143- بەتكە قارالسۇن.»
② ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 1- قىسىم 144- بەتكە قارالسۇن.
③ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1- كىتاب 1- قىسىم 160- بەتكە قارالسۇن.

«چىستانى ئېلىك بەگ» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، قەھرىمان چىستانى ئېلىك بەگنىڭ ياۋۇز جىن - ئالۋاستىلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، ئالۋاستىلارنىڭ ئۆز ئېلى خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشتەك ئاجايىپ جاسارىتى قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر داستانلىرىنى بارلىققا كېلىش شارائىتىغا ئاساسەن خەلق داستانلىرى ۋە يازما داستانلار (ئىمزالىق داستانلار) دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە رەتلىنىپ، يېزىققا ئېلىنىپ ئېلان قىلىنغانلىرى 100 پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئۇلار ئىچىدە 〈بىكەچ ئارسلان تېگىن〉، 〈چىن تۆمۈر باتۇر〉، 〈غېرىب - سەنەم〉، 〈ئۆمەرباتۇر〉، 〈نۇزۇگۇم〉، 〈سادىر پالۋان〉، 〈ئابدۇرەھمان خوجا〉، 〈لەيلى ۋە مەجنۇن〉، 〈تاھىر ۋە زۆھرە〉، 〈پەرھاد ۋە شېرىن〉، 〈ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان〉، 〈قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان〉، 〈سەنۇبەر〉، 〈قىزىل گۈللۈم〉، 〈يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا〉، 〈بوز يىگىت〉، 〈كاككۈك بىلەن زەينەپ〉، 〈سىيىت نوچى〉 قاتارلىق داستانلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىشى بىرقەدەر ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان»①.

شائىرلار ئىجادىي يېزىپ چىققان ئاپتورلۇق داستانلارمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، سۈپەت جەھەتتىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇنداق داستانلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق داس-

① غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 1- توم 123- بەتكە قارالسۇن.

تانلىرى ئەنە شۇنداق مەڭگۈ ئۆلمەس ئابىدىدۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە يازغۇچى - شائىرلار ئىجاد قىلغان نۇرغۇن داستانلارمۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر داستانلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇشىغا قارىماي، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، تىلى ۋە باشقا ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇخىلدۇر.

رومانتىك داستانلاردىن «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «جاھاننامە» قاتارلىقلار بار.

سىمۋوللۇق داستانلاردىن «قىش بىلەن ياز» («تۈركىي تىللار دىۋانى»دا)، «بەڭ ۋە چاغىر»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «مېۋىنامە» قاتارلىقلار بار.

رېئالىستىك داستانلاردىن «رابىئە - سەئدىن»، «نۇزۇگۇم»، «ئاتنامە»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «قەشقەر كېچىسى»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» قاتارلىقلار بار.

قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن «چىستانى ئېلىگ بەگ»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئۆمەر باتۇر»، «ياچىۋەك»، «ئابدۇرەھمان خوجا» قاتارلىقلار بار.

دىداكتىزملىق داستانلاردىن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «سىددىقنامە» قاتارلىقلار بار.

ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى خاھىشلىق داستانلاردىن «قۇتادغۇبىلىك»، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «دۇررولئۇل نەجات» قاتارلىقلار بار.

خىيالىي - فانتازىيىلىك داستانلاردىن «سەبئى سەييارە»، «لىسانۇتتەير»، «مەنسۇر» قاتارلىقلار بار.

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى داستانلاردىن «ئۆمەر باتۇر»، «سادىر پالۋان»، «سىيىت نوچى»، «نۇزۇگۇم»، «يەتتە قىزلىرىم» قاتارلىقلار بار.

تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى داستانلاردىن «سەپەرنامە» (مۇھەممەد سىدىق زەلىلى)، «زەپەرنامە» (لۇتفى)، «غازات دەر مۇلۇك

چىن» (موللا بىلال نازىمى) قاتارلىقلار بار.

غايىۋى جەمئىيەت، ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى داستانلاردىن «سەددى ئىسكەندەر» (نەۋائى)، «ئىسكەندەرنامە» (زاھىدئاخۇن) «دىباجە» (ئابدۇرەھىم نىزارى) قاتارلىقلار بار.

مۇھەببەت داستانلىرىدىن «پەرھاد ۋە شىرىن»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلۇقا ۋە ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان»، «غېرىب- سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ۋامۇق- ئۇزرا»، «مەسئۇد - دىلئارا»، «مەھزۇن - گۇلنىسا»، «رابىئە- سەئدىن» قاتارلىقلار بار.

نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىل بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان داستانلاردىن «چىن تۆمۈر باتۇر»، «غېرىب - سەنەم»، «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «ھۆرلۇقا ۋە ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن داستانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان، ئاز بىر قىسمى نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىل بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان. خاس نەسرىي شەكىلدە يېزىلغانلىرى ئىنتايىن ئاز. ئۇيغۇر داستانچىلىقى مەسنەۋى (ئىككىلىك)، مۇرەببە (تۆتلۈك)، مۇخەممەس (بەشلىك) شەكىللىرىدە كۆپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سالمىقى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىز پەقەت خەلقىمىزگە كۆپرەك تونۇشلۇق بولغانلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى تېمىلاردا قەدىمدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار تەكرار يېزىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «تاھىر - زۆھرە»، «غېرىب - سەنەم»، «رابىئە - سەئدىن» قاتارلىق مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان داستانلار ھەرقايسى دەۋر يازغۇچى - شائىرلىرى تەرىپىدىن تەكرار يېزىلغان.

پاكىتلاردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، داستانچىلىق ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياقتۇرىدىغان بىر خىل بەدىئىي شەكىل

بولۇپلا قالماي، يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل بەدىئىي شەكىل سۈپىتىدە قەدىمدىن هازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات هادىسىسى ياكى ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر داستانچىلىق ئەدەبىي ئېقىمىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

## 5. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىمى

«تەنقىدىي رېئالىزم» دېسە، بىر قىسىم ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز مەيلى ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن بولسۇن، بۇ ئاتالغۇ گويا XIX ئەسىر غەرب ئەدەبىياتىغىلا ماس كېلىدىغاندەك، شەرق ئەدەبىياتى ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ماس كەلمەيدىغاندەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىدىيە - خاهىش مەۋجۇت بولمىغاندەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجادىيەت خاهىشىنى ئىپادىلەپ باقمىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مەيلى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىكلىرىدە ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالە - ئەسەرلىرىدە بولسۇن، «شەرق تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتى» ياكى «ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئېقىمى» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ باقمىدى ياكى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەتبىقلاپ باقمىدى.

مەلۇم خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ياكى مەلۇم ئەدەبىي ئېقىم گەرچە مەلۇم رايون، مەلۇم دەۋردە بارلىققا كەلسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى توختاپ قالمايدىغان ھەمدە توسۇپ

قالغىلى بولمايدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك. شۇڭا، ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئېقىمى ئاسىيادا ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلمىگەن دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ.

مەن ئىلگىرىكى بىرنەچچە ماقالەمدە ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەدەبىي ئېقىملار ھەققىدە توختالغانىدىم. بۇ ماقالەمدە تەنقىدىي رېئالىزم قانداق ئىجادىيەت خاھىشى؟ ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قاچاندىن باشلانغان؟ قاچانلاردا ئەدەبىي ئېقىم خاراكتېرىگە ئىگە بولغان؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى كەسپداشلارنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچى.

ئابلەت ئۆمەر تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984- يىلى نەشر قىلغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر» ناملىق كىتابتا: «تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى زۇلمەتلىك كونا تۈزۈمنى ۋە بارلىق چىرىكلىك، ئەكسىيەتچىلىكلەرنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئۇزۇل - كېسىل پاش قىلىپ ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت» دېيىلگەن بولسا، مەھمۇد زەيدى، سەمەت دۇگايلى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988- يىلى نەشر قىلغان «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دە: «تەنقىدىي رېئالىزم XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت پىكىر ئېقىمى. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى جاراھەتلىرىنى پاش قىلىش قاتارلىق نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئەمگەكچى خەلق تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىش ۋە كاپىتالىزمنىڭ 〈مەڭگۈلۈك〉 لىكىگە گۇمانلىنىش تەۋسىيە قىلىنغان» دېيىلگەن.

مەمتىلى قادىر تۈزگەن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن-تەتقىقات بۆلۈمى 1981- يىلى باستۇرغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى

ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ناملىق كىتابتا: «تەنقىدىي رېئالىزم XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىغان ئەدەبىيات - سەنئەت پىكىر ئېقىمى. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان، رېئالىزملىق پوزىتسىيە قوللىنىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ قىياپىتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كۆپلىگەن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئاقسۆڭەك، بۇرژۇئازلار ئوبرازى يارىتىلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يىرگىنچلىك ھادىسىلەر ئېچىپ تاشلانغان، تەنقىد قىلىنغان» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى بايانلار بىلەن ھەرقايسى ئەل ۋە ئېلىمىزنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەنقىدىي رېئالىزمدا ھەرقايسى جەمئىيەتلەردىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ رەزىللىكىنى، كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چىرىكلىكىنى مۇرەسسەسىز پاش قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى خەلق ئىچىدىكى خاتا ئىدىيەۋى خاھىش ۋە چاكىنا ھەرىكەتلەرمۇ پاش قىلىنىدۇ، تەنقىدلىنىدۇ. قىسقىسى، تەنقىدىي رېئالىزم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ماددىي، مەنىۋى مەنپەئەتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا زىيانلىق ئىدىيە - خاھىش، ھەرىكەت ۋە ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرۇشنى، ئۇلارنى پاش قىلىش ۋە قامچىلاشنى توپ پرىنسىپ قىلغان ئىلغار ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئىدىيە، ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە بولالىغان ئەدەبىيات تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات بولالايدۇ. ئەگەر ئەنە شۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىككە

ئىگە بولغان ئەدەبىيات مەلۇم دەۋردە مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلالىسا (يازغۇچى - شائىرلار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرەلىسە) ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولالىسا، ئۇ ھالدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشلارنى ئىپادىلىگەنمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە ئاغدۇرۇپ باقايلى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاجايىپ گۈزەللىكى ۋە رەڭدارلىقى بىلەنلا ئەمەس، تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى بىلەنمۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا، جۈملىدىن دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە نېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىلغار ئىجتىمائىي خاھىشقا ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى پاش قىلىپ. قامچىلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلارنى روھىي ئوزۇق بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ياشاشقا، كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن. خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، خەلقىمىزدە «پادىشاھنىڭ ئوت قويۇشىغا رۇخسەت، پۇقرانىڭ چىراغ يېقىشىغا رەخسەت يوقمۇ؟»، «كەتمەن چاپقان جىگدە يەر، ئوڭدا يانقان گىردە»، «ئەلنى شاد قىلساڭ ئېشىكىنى يەرسەن، ئەلنى قاقشاتساڭ بېشىڭنى يەرسەن»، «يالاقچى يالاپ تويماس، غالچا غاجاپ تويماس» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر بار. خەلق قوشاقلىرىدىن:

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم ئۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقان سېنى.»

دېگەندەك قوشاقلار بار.

يۇقىرىقىدەك ماقال - تەمسىل ۋە قوشاقلاردا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ياكى پەزىلەتسىز، چاكىنا ئادەملەرنىڭ رەزىل-

لىكى پاش قىلىنغان، قامچىلانغان. خەلقنىڭ رەزىللىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئىپادىلەنگەن.
يەنە ئالايلى: ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن خەلق داستانلىرىدىن «غېرىب - سەنەم» دە غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئىبارەت ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىش يولىدا تارتقان مۇشەققەتلىرىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا ئادالەتسىز زاماننىڭ بىگۇناھ ئادەملەرنى زۇلۇم زەنجىرى بىلەن باغلاپ، ئۆلارنى دەرد - ئەلەم دەرياسىغا غەرق قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ جاپاكار زامانغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:
غېرىب شاھ ئابباسخان تەرىپىدىن بەكرى شەھرىدىن باغدادقا پالانغاندا:

«غېرىب دەرلەر، ئىلاجىم يوق كەتمەككە،
شۇم پەلەك يېزىلدى جۇدا ئەتمەككە.
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ قانلار يۇتمەككە،
يىغلىما سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.»

دەپ پەرياد چېكىدۇ.
غېرىب پالانغاندىن كېيىن، يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، دەشت - باياۋاندا قاراقچىلار قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. قاراقچىلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا غېرىب:

«ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلىسەم پەرياد،
يىقىلسۇن، بۇزۇلسۇن بۇ چەرخى ناشاد.
غېرىب بولدۇم قاراقچىلار قولىدا بەربات،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.»

دەپ نالە قىلىدۇ.
ئاغىچا ئانا غېرىب بىلەن سەنەمنى چاھار باغدا ئۇچراشتۇرغاندا، ئۆز يۇرتىدىكى مەھبۇبىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

«قابا پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۇرەكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇللار ئايرىلدى گۈلدىن،
بىنەپشىلىك باغلار قالدى.»[1]

دەپ نالە قىلىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاپاكار زامانىنىڭ زۇلمىغا بولغان قارشىلىقى، غەزەپ - نەپرىتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز «غېرىب - سەنەم» گە ئوخشاش رەزىللىكنى پاش قىلغان، تەنقىد قىلغان ئەسەرلەرنى تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشى كۈچلۈك ئەسەرلەر دېمەي تۇرالمايمىز. بۇنىڭدىن تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشى رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى ۋە بىر خىل تەرەققىيات باسقۇچى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى زىددىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ. ئالايلى: فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە فېئوداللىق تۈزۈم ئىنتايىن چىرىكلەشكەن، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتى، ئەيش - ئىشرىتى ئۈچۈن خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە تالان - تاراج قىلغان، جەمئىيەتنى ئادالەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە قاراڭغۇلۇق قاپلىغان. بۇنداق ئەھۋالدا خەلقنىڭ زۇلۇم - سىتەمگە، ئادالەتسىز زامانغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغايغان. بۇنداق مەزگىللەردە قەلبى ئويغاق، ۋىجدانلىق، ئەركسۆيەر، ئىلغار پىكىرلىك يازغۇچى - شائىرلار خەلققە ھېسداشلىق قىلىپ، جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى رەھىمسىز پاش قىلغان، قامچىلىغان. مەسىلەن:

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئاتاقلىق شائىر ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق

داستاندا ئاچ كۆز، بېخىل ئادەملەرنىڭ يىرگىنچلىك قىياپىتىنى، رەزىل خاراكتېرىنى ئوبرازلىق تىل بىلەن «داۋالاپ ساقايتقىلى بولـ-مايدىغان كېسەل» گە ئوخشىتىپ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«يىغىش بىلەن ئاچ كۆز، بېخىلنىڭ كۆڭلى تويمايدۇ،
ئۇ مال-دۇنياغا قۇلدۇر، مال-دۇنيا ئۇنىڭغا ھاكىمدۇر.»[2]

شائىر تەكەببۇرلۇق ھەققىدە مۇنداق يازغان:

«تەكەببۇرلۇق تونىنى كىيگەن بولساڭ تېز سال، خەلققە غادايغان بولساڭ تىلىڭنى تۈزەت.»[3]

شائىر يەنە ئەينى زامانىنى قاپلاپ كەتكەن بۇزۇقلۇق، ئىشرەتپەرەسلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى چوڭقۇر پاش قىلىپ:

«كىم ئىككى يۈزلىمىچى بولسا شۇ ئەتىۋارلىق بولۇۋاتىدۇ،
ئەتىۋارلىق بولىمەن دېسەڭ ماڭ، ئىككى يۈزلىمىچى بول.
كىم يوللۇق بولسا ئۇنىڭغا يول يوقتۇر،
كىم يولسىز بولسا ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر.»[4]

دەپ يېزىپ، زامانىنى قاپلىغان ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق تەنقىدلىگەن.

مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىمۇ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا زامانىنىڭ زۇلمى ئۈستىدىن، ھۆكۈمرانلار ئەيش - ئىشرەتتە، بىچارە خەلق بولسا قايغۇ - ھەسرەتتە كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادالەتسىز تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

«سەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچسەن،
مەن ھوشىنى يوقاتقان خار - زار ئەسىرمەن.
سەن ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەشغۇلسەن،
مەن كۆز ياشلىرىم بىلەن قان ئاققۇزىمەن.

سەن تەخت ئىگىسى بولغان پادىشاھسەن.
مەن سەھەرلەردە ئاھ - پەرياد چەككۈچىمەن.»[5]

دەپ يازغان.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمى يەككە ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا زالىم ھۆكۈمرانلار پاش قىلىنغان، قامچىلانغان. رىياكار سوپى - زاھىتلار مەسخىرە قىلىنغان ۋە تەنقىدلەنگەن. شائىر جاھىل-لىق، مۇناپىقلىق، تەمەخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى غەزەپ بىلەن سۆككەن. ئەل - يۇرتنى بۇلاش، خەلققە زۇلۇم سېلىش ھېسابىغا ھەشەمەتلىك قەسىر - قەلئەلەرنى سالدۇرۇپ ئەيش - ئىشرەتتە ياشى-غان زالىم پادىشاھلارغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن. مەسىلەن:

«بۇ شۇنداق قەسىركى، ئۇ يەردە بەزمىلەر دائىم تەييار، (ئۇ) فىردەۋسى ئاتلىق جەننەتنىڭ ئەينەن ئۆزىدەك زىننەتلەنگەن. (ئۇ يەردىكى) قىزىل ياقۇتلار ۋە بوياقلار خەلقنىڭ قېنىدىن بىنا بولغان، ئۇلارنىڭ (ھۆكۈمرانلارنىڭ) كۆزلىرىگە ئۇيقۇ يولىماسلىقىدىكى سە-ۋەب، ھەربىرى خەلققە زۇلۇم سېلىشقا تەييار تۇرغانلىقىدىن ئىدى.

...

(ئەي زالىملار)، كۈندۈزى زۇلۇم قىلىسەن، كېچىسى فىسقى-فاسات، بۇ زۇلۇم بىلەن فىسقى - فاساتنىڭ قاچانغىچە داۋام قىلار؟»[6]

نەۋائى «پەرھاد - شىرىن» داستانىدا خۇسراۋ، ھىيلىگەر مو-ماي، شىرويا قاتارلىق سەلبىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق رەزىل ئادەملەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، شەخسىيەتچىلىك، بەتنىيەتلىك، يالغان-چىلىق، ھىيلىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىپلاس ئىللەتلىرىنى غەزەپ بى-لەن پاش قىلغان، قامچىلىغان. ئۇ خۇسراۋ ھەققىدە:

«شۇ قەدەر چوڭ ۋەھشىيلىك بىلەن لەشكەر تارتىپ، يۈز مىڭلى-غان قان تۆككۈچى قىلىچنى ئاسمانغا ئوينىتىدۇ. (ئۆزى ياخشى كۆردۈم دېگەن قىزنىڭ) ئۆلكىسىنى تالايدۇ، خەلقنى ئۆلتۈرىدۇ،

تەندىن باشنى جۇدا قىلدۇ، باشتىن تاجنى ئالدۇ»[7] دەپ يازسا، ھېيلىگەر موماي ھەققىدە مۇنداق يازغان:

«يۈزلىگەن ئالدامچىلىق سىزىقىدەك يۈزلەپ قورۇقلار چۈشكەن، ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ راست گەپ قىلىپ باقمىغان بۇ موماي ئەگەر ئۆزىنىڭ ھېيلىلىرىنى ئىشقا سالسا، قولىغا ئالغان تاشنى مومدەك ئېرىتىۋېتەتتى.»[8]

نەۋائى خەلقنىڭ جەبىر - زۇلۇم ئاستىدا دەرد - ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي:

«يۈز جاپا قىلسا ماڭا بىر قەتلە پەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا يۈز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم.»[9]

دەپ يازسا، خەلققە زۇلۇم قىلغۇچى ھۆكۈمرانلار، جاھىللارنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپ ۋە قامچىلاپ مۇنداق يازغان:

«جاھىللارنىڭ جاھىللىقىغا ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى سەۋەبچى، يۈز قېتىم باشقىلارنىڭ كۆرگىنىنى ئاڭلىسىمۇ، ئۆز نەزىرىدە يەنىلا ئىشەنمەيدۇ. كۆزلەرنى ئويۇش ئۈچۈن زۇلۇم تىغىنى ئوينىتىپ، ئاخىرىدا خەلقنىڭ كۆزىنى ئويۇش بىلەن تەڭ ئۆز كۆزىنىمۇ ئويىدۇ»[10] دەپ يازىدۇ.

نەۋائىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشى ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرى، تەزكىرىلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ناھايىتى قويۇق ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىقى پاكىتلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ مۇلاھىزە قىلساق، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىن تاكى نەۋائى دەۋرىگىچە بولغان يازما ئەدەبىياتىمىزغىچە گويا ئۈزۈلمەس ئېقىنغا ئوخشاش پەيدىنپەي كۈچىيىپ بارغانلىقى، بولۇپمۇ نەۋائى زامانىسىدا نەۋائى ئەسەرلىرىدە تازا بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

گەرچە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشى ياۋروپادا XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەكىللىنىپ، كېيىنكى يېرىمىدا ئاندىن

رەسمىي ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېقىمى بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ XV ، XVI ئەسىرلەردىلا شەكىللىنىپ بولغان دېيىشكە بولىدۇ. تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئېقىملىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن باشلاپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىشىپ، ئىلگىرىكى رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئورنىنى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشى ئىگىلەشكە باشلىغان. تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ بۇ دەۋردە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈشىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئاساسى بار.

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سەمەرقەندتىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەخدۇم ئەزەم ۋەكىللىكىدىكى خوجىلار ئەۋلادلىرى «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» دىن ئىبارەت ئىككى دىنىي مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلار ماھىيەت جەھەتتىن چوڭ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن شەخسىي مەنپەئەت، شان - شۆھرەت ۋە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىدە سىياسىي گۇرۇھلارغا ئايلانغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىق، جەڭگى- جېدەللەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق، ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ئەۋج ئېلىپ، ئەمگەكچى خەلق چىدىغۇسىز ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان. 1693- يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ۋە ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا خانلىق تالىشىش ئۇرۇشى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان.

شائىر بابا رەھىم مەشرەب، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، موللا ئەلەم شەھيارى، قەلەندەر قاتارلىقلار دەل ئەنە شۇنداق جەمئىيەتنى زۇلمەت باسقان، خەلق ئازاب - ئوقۇبەتتىن خارابلاشقان، ھەققاند-

يەت، ئادالەت يوقالغان، زۇلۇم ۋە پاجىئەلەر چېكىگە يەتكەن دەۋردە ياشاپ، پاجىئەلىك رېئاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەنە شۇ جاھالەت ۋە زۇلمەت ئۈستىدىن گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەت بىلەن ئۇلارغا قارشى غەزەپلىك ئىسيان كۆتۈرگەن، خەلقنىڭ نالە - پەريادىغا چىدىماي زار - زار يىغلىغان شائىرلاردۇر. مەسىلەن:

بابا رەھىم مەشرەب XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان، شېئىرلىرى ئىسيانكارلىق، مەردانىلىك، ھەققانىيلىق، ئادىللىق، ۋىجدان ۋە ئەركسۆيەرلىك تۇيغۇسى بىلەن تويۇنغان شائىر، شۇنداقلا رېئاللىقتىكى زۇلۇم - زورلاۋانلىققا، ئادالەتسىزلىككە، رەزىللىككە، مەنۋى پەسكەشلىككە، رىياكارلىققا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان، ئۇلارغا شىددەتلىك، تەخىرسىز ھۇجۇم قىلغان، ئۇلارنى رەھىمسىز قامچىلىغان ئەۋلىيا سۈپەت شائىر ئىدى. مەسىلەن:

«ئەرشنىڭ كۆيەر ئاھىمدىن تاڭلا بولسا قىيامەت،
ئىنسۇ مەلەك تىترىشىپ ئايتۇر: ‹نېچۇك ئالامەت؟›
ھۆرۇغىلمان، بېھىشنىڭ ئېيتىشۇرلەر نەدامەت،
چىقسا ئاھىم ئۇچقۇنى ھېچكىم قالماس سالامەت.
قالماس مالىك دوزىخنىڭ سوزانە بولماغۇنچە.»[11]

...

«نى غۇربەتلەرنى چەكتىم، چەرخى بىبۇنياد، دەستىڭدىن،
مۇدام ماتەمدە قالدىم، بولمادىم دىلشاد دەستىڭدىن.
تامامى خانۇمانىم بولدى چۇن بەرباد دەستىڭدىن،
قەفەستىن بولمادىمكى قۇمرىدەك ئازاد دەستىڭدىن،
ئەمما ھەممە ئاباد بولدى، بولمادىم ئاباد دەستىڭدىن،
كى مەن ھەر يەرگە بارسام، داد ئېتەرمەن، داد، دەستىڭدىن.»[12]

يۇقىرىقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ زامان زۇلمىغا قارشى ئىسيانكارلىق روھى جۇشقۇنلاپ تۇرىدۇ.

شائىر خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مىھنەتكامە» داستانىدا ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش، ئىېزىلگۈچى خەلققە بولغان سەممىمىي مۇھەببىتىنى، ھۆكۈمرانلارغا، زۇلمەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«جاھاندا كۆز بورنىدەك ئاپەت يوق،
ئۇ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى زەپىرانىدەك سارغايتىدۇ،
ئۇنىڭدىن يېشىللىقنى كۆتۈرۈپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ،
غۇيۇلداپ ئۇچۇپ، زەھەر سۈيى بىلەن جاننى ئالىدۇ.»[13]

مەردانە، ھەققانىيەتچى، ئىسيانكار شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى رىياكار سوپى، خوجىلارغا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپلا قالماي، ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە قارشى ئۆتكۈر خەنجەر ئىدى. ئۇ خوجىلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز غەزەللىرىدە قاتتىق سۆككەچكە، ئەينى زاماندا خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن «تەلبە زەلىلى» دەپ ھاقارەتلەنگەن. ئۇ رىياكار سوپىلار ھەققىدە:

«شەيخلەر رىياكارلىق بىلەن قىرىق كۈن ئىبادەتتە ئولتۇرسىمۇ، نىياز - سەدىقە بولمىسا، ھەرگىز قول ئېچىپ دۇئا قىلمايدۇ» دەپ يازسا، ئىككى يۈزلىمىچىلەر ھەققىدە:

«بۇ مەيداندا مۇناپىقلار ئۈچۈن تىلىم زۇلپىقار بولسا، ئەقلىم دۇلدۇلدۇر»[14] دەپ يازىدۇ.

موللا ئەلەم شەھيارى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق سىمۋولىستىك داستانى بىلەن داڭ چىقارغان ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، ئۇ مەزكۇر داستانىدا سىمۋولىستىك پېرسوناژ سابا تىلى ئارقىلىق يالغانچى، پىتنە - پاساتچى، چېقىمچى قاتارلىق ناچار خاراكتېرلىك ئادەملەرنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ:

«ئۇلارنىڭ سۆھبىتى پىتنە قوزغىغۇچى قاتىلدۇر،
ئاڭلىغىن، ناجىنسلار بىلەن سۆھبەتتە بولما.

ئۇلاردىن ساڭا كۆپ جاپا - مۇشەققەت يېتىدۇ،
يامانلار بىلەن بىر يەردە تۇرۇشتىن قاچ،
ئۇلارنىڭ سۆھبىتى جان ئالغۇچى زەھەردۇر.»

دەپ يازسا، فېئودال خان - تۆرىلەرنىڭ سىمۇولى سۈپىتىدە يارىتىلـ-
غان ھومايوننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلەپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمە-
رانلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ، كۈچلۈك
قامچىلاپ، بۇلبۇل تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي ھومايون، ئۆزۈڭچە مەغرۇرلانما،
ئەل ئىچىدە بىكاردىن - بىكار سۆز - چۆچەك بولمىسۇن.
ئىتقا ئوخشاش كونا سۆڭەكنى غاجايسەن،
بۇ ئارقىلىق ئۆز يۇرىكىڭنى ئۆزۈڭ جاراھەت قىلىسەن.
ھىممەتسىز، پەس تەبىئەت ئىكەنسەن،
ئۆزۈڭنى شاھلىققا تەڭ قىلىۋالما.»[15]

شائىر قەلەندەر XVIII ئەسىردە ياشىغان لىرىك شائىرلارنىڭ بىرى
بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىش ئىنتايىن
كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. ئۇ بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا ئەمگەكچى خەلققە
زۇلۇم يۈكىنى ئارتقان ستەمكار، تەڭسىز زامان ئۈستىدىن غەزەپ
بىلەن شىكايەت قىلغان.

«نە گۇناھىم بار ئىدى، قىلدىڭ پەلەك ياردىن جۇدا،
دېمەگىل سەن ياردىن، بىل، گەۋھىرى جاندىن جۇدا.
...
مۇنچە ئۆچ بولماق پەلەك ئىشق ئەھلىگە، بىلمەم، نىدۇر،
قىسقا قىلدى سۈبھى ۋەسلىن، شامى ھىجراندىن ئۇزۇن.
...

(دۇنيادا ئۆمرۈم بويى قانچىلىك راھەت كۆرگەن بولسام، پەلەك
بۇ راھەتنىڭ بىرىنىڭ ئورنىدا مىڭلاپ جەبىر - جاپا قىلدى. زامان

ئارا جەبىر - جاپادىن باشقا ھېچنېمە كۆرمىدىم، پەلەك گويا ماڭا ياخشىلىق قىلىشتىن نومۇس قىلدى. پەلەك ئەقىللىق، پەزىلەتلىك كىشىلەرگە دەرد - ئەلەم كەلتۈرگەن بولسا، پەس، رەزىللەرنى مۇرادـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزدى.»[16]

...

«بۇ ئۆمرۈڭگە، قەلەندەر ئىتىماد قىلماغىل ھەرگىز،
كېچە ھەر نىچە كىم بولسۇن ئۇزۇن، ئاخىر سەھەر بولغاي.»[17]

شائىر قەلەندەر يۇقىرىقى لىرىكىلىرىدا ئادالەتسىز، جاھالەتلىك زامان ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلىپ، ئۇنى قاتتىق قامچىلاپلا قالماي، زالىم، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاخىر ئەجىلى توشۇپ، خەلققە ياخشى كۈنلەر نېسىپ بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىـ گەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بىر يېڭى دەۋرگە قەدەم قويىدى. يەنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى خوجىلار توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ، 1759- يىلى شىنـ جاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلىپ، جەمئىيەتتە بىر مەزگىل تىنچلىق شارائىتى ھازىرلانغان بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى كۆچىيىپ بەزى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلـ گەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسلىدىنلا فېئوـ دال ئاقسۆڭەكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، خەلقنى ئېزىش ۋە ئېكسـ پىلاتاتسىيە قىلىشنى قانۇنلۇق ھېسابلايدىغان چىرىك، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىرى يەرلىك پومېشچىك، زوراۋانلار بىلەن بىرلىشىپ تېزلا چىرىپ كەتـ كەچكە، خەلق يەنىلا زۇلۇم ۋە جاھالەت دېڭىزىغا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۆكۈپ كەتكەن. بۇ دەۋردە ئابدۇرېھىم نىزارى، غېرىبى، سەبۇرى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، گۇمنام، مەھزۇن

خوتەنى، نىيازى، ئەھمەد شاھ قارىقاشى، سادىر پالۋان، ناقىس، سېيىت مۇھەممەد ھېيت مۇھەممەد، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ قاتارلىق بىر تۈركۈم يازغۇچى - شائىرلار بارلىققا كېلىپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى ھەر خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىدىيىۋى خاھىش ھەرقانداق دەۋردىكىدىن زور دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەن. مەسىلەن:

ئابدۇرېھىم نىزارى «رابىئە - سەئدىن» داستانىدا ئۆزىنىڭ فېئو- داللىق تۈزۈمگە، ھۆكۈمران گۇرۇھلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرەتلىك ئىدىيىۋى خاھىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«لالە گۈلنىڭ باغرى نېمە ئۈچۈن مۇنچە قان؟
(چۈنكى) كاج پەلەك ئۇنى غەمكىن قىلغان.
غۇنچىنىڭ كۆڭلى نېمشقا مۇنداق تۈگۈلگەن؟
(چۈنكى) بۇگۈن ئېچىلسا، ئەتە توزۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ.
بۇلبۇلنىڭ كۆزى نېمە ئۈچۈن قانغا تولغان؟
(چۈنكى) قىزىل گۈلنىڭ توزۇش ۋاقتى يېقىنلاشتى.
...
نېمە ئۈچۈن ئارسلاننىڭ جىسمى (ئالا - تاغىل) داغ؟
(چۈنكى) جاپاكار زاماندىن ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق.
نېمە ئۈچۈن تاغنىڭ ۋۇجۇدى پۈتۈنلەي يېرىق؟
(چۈنكى زاماننىڭ) تىرنىقى بىلەن شۇنداق پارە - پارە قىلىن- غان.
(ئەنە) تالى مەجنۇن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرماقتا،
ئۇنى بۇ كونا دۇنيا ئەنە شۇنداق غەمكىن قىلغان.

دېمەكچىمەنكى، (بۇ دۇنيا) ياش چوكان ئەمەس، بەلكى ئۇ غەيۋەتخور، جادۇگەر بىر قېرى دەللىدۇر.

ئۇنىڭ قىلمىشى ھەمىشە زۇلۇم سېلىش، (ئۇ) بىردەم سېنى

شاد قىلسا، بىردەمدىلا زار قاقشىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشى پەسكەشلىكتۇر، ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئامانلىق تاپالمايدۇ.»[18]

يۇقىرىقى مىسرالاردا زۇلمەت باسقان فېئوداللىق تۈزۈم ۋە پەسكەش ھۆكۈمرانلارنىڭ ماھىيىتى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان، شەپقەتسىز پاش قىلىنغان، قامچىلانغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى «ماقالەت» ناملىق ئەسىرىدە كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن جەندە كىيىۋالىدىغان ساختىپەز، ھىيلىگەر سوپى - ئىشانلارنىڭ ھەجۋىي ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇلارنى ھايا - نومۇس، ئادىمىيلىك خىسلەتلەرنى يوقاتقان ئىپلاس ھايۋانلار سۈپىتىدە ئەيىبلەيدۇ. شائىر ئاچ كۆز بايلارنى:

«بولغان سارى زىيادە زىيادەت تەلەپ قىلۇر،
تويماي مۇرادى ھەرقانچە بولسا مۇيەسسەرى.»

دەپ قاتتىق ھەجۋىي قىلسا، رىياكار سوپى - زاھىدلارنى:

«دۇنيا ھەممە ئانىڭ سارى يۈز قويسا قەدەم،
دەم تارتار جاھاننى مىسلى ئەژدەھا.»[19]

دەپ قاتتىق قامچىلايدۇ.

شائىر مەھزۇن خوتەنى «دىۋان مەھزۇن» ناملىق ئەسىرىدە خەلقنى قاتمۇقات دەردۇئەلەم ۋە غەم - قايغۇ پاتقىقىغا پاتۇرغان زۇلمەتلىك زامان ئۈستىدىن ئاچچىق شىكايەت قىلىپ:

«ئەي كۆڭلۈم، ھەر كۈنى كېلىۋاتقان دەردۇ بالاغا نېمە چارە بار؟
قازانىڭ قەلىمى بىزگە جاپادىن باشقىنى يازماپتۇ،
زامان بىزگە قايغۇ - ھەسرەتنىڭ قان - زەردابلىرىنى ئېيتىپ

قىلدى،
ئۇ بىزگە خۇشاللىق شارابىنى ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمەيدۇ.

ئەي مەھزۇن، گۈل پەسلى (باھار) ئۆتكەن تۇرسا، بۇ باغدا قانداقمۇ راھەت كۆرگىلى بولسۇن؟!
(چۈنكى) بىزگە ھەر نەپەستە يۈزلەپ جەبىر - جاپا تىكەنلىرى سانجىلماقتا»[20] دەپ يازىدۇ.
XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەھمەدشاھ قاراقاشى تىلى ئۆتكۈز تەنقىدىي رېئالىزمچى شائىر بولۇپ، ئۇ «نەزەر مۇپتىغا خەت» ناملىق لىرىك - ئېپىك داستانىدا:

«چۈشۈپتۇ ئاسماندىن ئون تۇلۇمدا لاپ بىلەن يالغان،
بىرى ئالەمگە تارقاپ، توققۇزى مۇپتىغىلا قالغان.
پۈتۈن يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئاتمىش تەڭگىگە ئالغان،
بۇ ئاتمىش تەڭگىدىن ئېنىقكى، ئوتتۇز تەڭگىنى سالغان،
بېيىپ كەتكەن ئىككەنسەن ئەسلىدىن شۇنداق خىيانەتتە.
...
سېنى مۇپتى دېگەن بىرلە تۈزۈك ئانچە ساۋاتىڭ يوق،
سېنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى بىلىش چاغلىق ئىمانىڭ يوق،
ساداقەت يارۇدوستلارغا ئۇمىد ۋە ئېتىقادىڭ يوق،
قېرىنداش، ئەلگە، تۇغقانغا تېرىقچە ئىتىمادىڭ يوق،
ئىشەنگەي كىم ساڭا ئەمدى، بۇرادەر، ئۇشبۇ ھالەتتە.»[21]

دەپ يېزىپ، يالغانچى، ئالدامچى، ئاچ كۆز، خىيانەتچى ۋە نەپسانىيەتچىلەرنىڭ رەزىل ماھىيىتىنىچوڭقۇر ئېچىپ، قاتتىق قامچىلىغان.
سادىر پالۋان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن چىرىكلىشىپ، خەلققە كەلتۈرگەن سىياسىي زۇلۇم، ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە چېكىگە يەتكەن 1798 — 1871- يىللىرى ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر خەنجەردەك قوشاقلىرى ئارقىلىق چىڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلىرىنىڭ رەزىل قىيا-
پىتىنى مۇنداق پاش قىلغان ۋە قامچىلىغان:

«ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ تۆڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

بىزلەرگە پۇرسەت بەرمەي،
زالىم قامچىلىق چىققان.
بۇ دەردلەرگە چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىققان.»㉒

1864- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلى-
غان. 1871- يىلى چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى ئىلىغا باستۇرۇپ كى-
رىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، ئىلىنى ئىگىلىۋالغان. 1881- يى-
لى چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى-
لاردىن قاتتىق ئۆچ ئېلىپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك قىيناشقا باشلىغان.
زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق يۇرتنى تاشلاپ يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈپ
كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ خىل قاباھەتلىك رېئاللىقنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن خەلقپەرۋەر شائىر سېيىت مۇھەممەد ھېيت مۇھەممەد
ئۆزىنىڭ «شەھىرى شىكەستە» ناملىق ئەسىرىدە ئەكسىيەتچى زالىملار-
غا بولغان غەزەپ- نەپرىتىنى، خانىۋەيران، سەرگەردان بولغان خەلق-
نىڭ چىدىغۇسىز قايغۇ- ئەلەملىرىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«تۇغۇلغان يەردىن ئاجراپ چۆلگە كەتمەكلىك بەسى مۇشكۈل،
مانجۇ قولىدا قالساق زۇلۇم قىلسا ئول بەسى مۇشكۈل؛
ئىرادەتتىن بولۇپ مەھجۇر غېرىبلىق ئول بەسى مۇشكۈل،
يىقىلدى باشىمىزغا كۆھىقاپ تاغ بەسى مۇشكۈل.»㉓

شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ XIX ئەسىر تەنقىدىي

رېئالىزملىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك ئەسەرلەردىن «نۇزۇگۇم»، «غازات دەرمۇلۇك چىن»، «چاڭموزا يۇسۇپخان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «غەزەلىيات» نامىلىق دىۋانىدىكى شېئىرلارمۇ كۈچلۈك تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىش بىلەن تويۇنغان. ئالايلى:

«ئاھ نەيلەيىن بۇ پەلەك قىلدى نىگارىمدىن جۇدا،
ئەندەلىب يەڭلىغ بولۇبمەن گۇلئۇزارىمدىن جۇدا.
...
بىۋاپا گەردۇن ئەفلاك يۈرەكنى قىلىبدۇر چاك،
قىلىبدۇر زاھىر ئاغۇشت ھەر كۆنى ئىچەر ئاشىمنى.[21]

دەپ يېزىپ، ئادالەتسىز زامان ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان.

شائىر «غازات دەرمۇلۇك چىن» ناملىق داستانىدا ئەينى زاماندا خورلانغان، ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى ئازادلىق قوزغىلىڭىنى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان باشلامچىلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. قوزغىلاڭغا خائىنلىق قىلغان شەرمەندە مۇناپىقلارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىگەن.

شائىر «نۇزۇگۇم» داستانىدا زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى جەڭگە ئاتلانغان قەھرىمان قىز نۇزۇگۇمنىڭ شانلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتقان بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا نۇزۇگۇمنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ خەنجەردەك ئۆتكۈر قوشاقلىرى ئارقىلىق ئەركىنلىك ۋە ئادالەت دۈشمەنلىرىنىڭ قارا يۈرىكىنى تىترىتىۋېتىدىغان، ياۋۇزلار قىلىچى بېشىغا كەلگەندىمۇ ئۆلۈمنى مەنسىتمەي، دۈشمەنگە قىلچە تىز پۈكمەيدىغان جەسۇرانە قىياپىتىنى يارقىن تەسۋىرلىگەن.

شائىر «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىدا ھىيلىگەرلىكنى كەسىپ قىلغان يالغان سوپى يۇسۇپخان چاڭموزىنىڭ ئالدامچىلىق، پەسكەش-

لىك بىلەن خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان يىرگىنچلىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى رەزىل ئىللەتلەرگە كەسكىن جەڭ ئېلان قىلغان.

بىز يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەن خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ۋە خەلق قوشاقلىرىدىن تارتىپ يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى بۈيۈك نامايەندىلەردىن ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى، لۇتفى، نەۋائى ئەسەرلىرىگىچە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۇق، بولۇپمۇ تارىخ XVIII ، XIX ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىدىيىۋى خاھىش گويا كەلكۈنگە ئوخشاش كۈچلۈك ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلانغان. خىرقىتى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، موللا ئەلەم شەھيارى، قەلەندەر، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردى نازىم غېرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى، مۇھەممەد سىدىق قەشقەرى، مەھزۇن خوتەنى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، سادىر پالۋان، ناقىس، سېيىت مۇھەممەد ھېيىت مۇھەممەد، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىياتچىلار قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشىغا ئىگە ئەسەرلىرى XVIII ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈشىنى ئالاھىدە ئىجتىمائىي شەرت ۋە كونكرېت ماددىي شەرتلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن توپ ئامىللاردۇر. بىز بۇ كونكرېت پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، لۇتفى، نەۋائى زامانىسىدا لۇتفى ۋە نەۋائىلارنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت خاھىشىدىن ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمى بىناسىغا ئۇل سېلىنغان بولسا، XVIII ، XIX ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزمدىن ئىبارەت بىر ئاساسلىق ئەدەبىي ئېقىم گويا ھەيۋەتلىك بىر بىنا سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەن. دەل ئەنە شۇ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ھېسابلىنىدىغان يازغۇچى ـ شائىرلار قوشۇنى ئورتاق ھالدا ئەينى دەۋردىكى چىرىك ھۆكۈمرانلارنى، ئۇلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، ھەرىكەتلىرىدىكى

ئىپلاسلىق، چاكىنىلىقلارنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، كەسكىن تەنقىدلەپ، كىشىلەرنى سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىن ئويغىتىش، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، سەنئەت جەھەتتىن بەدىئىي زوقلاندۇرۇش رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. قىسقىسى، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىي ئېقىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزمنى ئورتاق ئىجادىيەت پرىنسىپى، رەزىللىكنى پاش قىلىش، تەنقىدلەشنى ئورتاق ئىجادىيەت تەشەببۇسى قىلغان، زور كۆلەمدىكى يازغۇچى - شائىرلار قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىلغار ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

ئىزاھاتلار:

① «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانمىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 196-، 207-، 223- بەتلەر.

②③④⑤⑥⑦⑧⑨⑩ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 138-، 139-، 140-، 215-، 238-، 271-، 272-، 275-، 284-، 288- بەت.

⑪⑫ «مەشرەب شېئىرلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 131-، 187- بەت.

⑬⑭⑮⑯⑰⑱⑲⑳ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 340-، 347-، 367-، 369-، 380-، 381-، 413-، 414-، 429-، 439- بەت.

㉑ «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 53-، 54- بەت.

㉒㉓㉔ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 446-، 449-، 452-، 458-، 459-بەت.

## 6. قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەزكىرىچىلىك ئەدەبىي ئېقىمى

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساس، شېئىرىيەتتە داستانچىلىق ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي تۈرىدە تەزكىرىچىلىك ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن. گەرچە تەزكىرىچىلىكنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى، ھەتتا XVIII، XIX ئەسىرلەردە ئاساسلىق ئىجادىيەت ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىگە ئائىت پاكىتلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ خىل ئەدەبىي ھادىسىلەرنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىپ، ئۇلارغا بالدۇرراق باھا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بالدۇرراق خۇلاسىلەپ چىقالمىدۇق. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىملار ھەققىدە پىكىر بايان قىلساق بەزىلەر ئەجەبلەنسە، بەزىلەر تازا قايىل بولمايدۇ. ناۋادا ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلاشسا، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى مۇجمەللىكلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

تەزكىرىچىلىكنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئىستىخىيىلىك ھالدا بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە شەكىللەنگەنلىكىنى شەرھلەشتىن بۇرۇن تەزكىرە ئەدەبىياتى قانداق ژانىر؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

تەزكىرە (بىئوگرافىيە ياكى تەرجىمىھال) ئەدەبىياتى — تارىخىي شەخس، ئورۇن - جاي ۋە ئىشلارنى بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلىدىغان ئەدەبىي ژانىر.

بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن

تۆۋەندىكى بايانلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز:

بىئوگرافىيە گرېكچە سۆز بولۇپ، «كىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ ئۆتكەن ھاياتىدىكى ۋەقەلەرنى ئىزچىللىق بىلەن بايان قىلىش، تەرجىمىھال»[1] دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

«تەزكىرە بولسا ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇ تەرجىمىھال دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا يازغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى، ئەسەرلىرىدىن مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ ئانتالوگىيە (تاللانما ئەسەرلەر توپلىمى — ئاپتوردىن) گە ئوخشايدۇ.»[2]

«قەبرە تەزكىرىسى — مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەبرىسىگە، قەبرە تېشى، قەبرە سۇپىسى ۋە قەبرە تاختايلىرىغا يېزىلىدىغان تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى قەبرە ئىچىدىكى كىشىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئېلىپ بارغان مۇھىم ئىش - پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ.»[3]

«تەزكىرە ئەدەبىياتى — ئەدەبىياتچانلىق خاراكتېرگە ئىگە بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر. ئادەتتە ئۇ بىئوگرافىيە ياكى تەرجىمىھال ئەدەبىياتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر خىل تارىخىي پاكىتلار ئاساس قىلىنىپ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، ئىنقىلابىي ئەجدادلار، نەمۇنىچى شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى جانلىق، گەۋدىلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇمۇ بىر خىل ئەدەبىيات بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدا پاكىتلارغا قارىتا بەدىئىي جەھەتتىن ئىش قوشۇش ئېلىپ بېرىش، تاللاش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا پەقەت مۇۋاپىق تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، لېكىن خالىغانچە، ھېچبىر ئاساسسىز مۇبالىغە، توقۇلما قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىيلىق تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ جېنى.»[4]

يۇقىرىقى بايانلاردىن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن تەزكىرە ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدىن قارىغاندا، تەزكىرە ئەدەبىياتى تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقە، ئورۇن- جاي ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن

ئارتىپ تەرەققىيات جەريانىغىچە بولغان تىپىك پاكىتلارنى بەدىئىي
ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ جانلىق، تەسىرلىك
ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىردۇر. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى
تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. مەزمۇن
جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى
ئاساسىدا پاكىتلارنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. رېئال-
لىقنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىدىن ھالقىغان بەدىئىي توقۇلما، تەسەۋ-
ۋۇرلارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتى نۇقتى-
سىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇللى-
رىدىن پايدىلىنىپ ئەسەرنىڭ تىلىنى جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازچان-
لىققا ئىگە قىلىشقا، ۋەقەلەرنى تاللاش، مەركەزلەشتۇرۇش، مۇھىم
ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۇرۇشكە، تەسۋىر، بايان، مۇھاكىمە
قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق گىرەلەشتۇرۇپ قوللىنىش-
قا، رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىس-
تىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

تەزكىرە ژانىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۇي-
غۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ
مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرساق ناھايىتى
نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ گەرچە تەزكىرە نامى بىلەن ئاتالمىسىمۇ، لې-
كىن ئۇنىڭ تەزكىرىلىك خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، يەنە نۇر-
غۇن ئەسەرلەرنىڭ تەزكىرە ژانىرىغا مەنسۇپلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تەزكىرىچىلىك ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە.
ئۇنىڭ دەسلەپكى پاكىتلىرى سۈپىتىدە «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»
نى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»غا ئۆز خا-
راكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە قارىغاندا، ئۇلار قەبرە تەزكىرىسىگە
مەنسۇپتۇر. گەرچە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق
نوپۇزلۇق كىتابلاردا ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز «مەڭگۈ تاش يادىكارلىق-
لىرى»نىڭ ژانىر خاراكتېرىنى «ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى قەھرىمان-
لار ھەققىدە يېزىلغان يىرىك داستانلار بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن

ئالىدۇ»[5]. «مەڭگۈ تاشلارنى نەسرىي ۋە نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان، قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قەھرىمانلىق داستانى ياكى تارىخىي ئېپوسى دەپ بىلىش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ»[6] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز كىتابلىرىدا «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى» نىڭ ژانىر خاراكتېرى ھەققىدە يەنە مۇنداق باياناتلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان:

«‹مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى› قەدىمكى يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن خەۋەر بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت، شۇ دەۋرلەردىكى تىل-ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئەڭ مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى تەزكىرە خاراكتېردىكى ‹كۆلتېگىن ئابىدىسى›، ‹بىلگە قاغان ئابىدىسى›، ‹تونيۇقۇق ئابىدىسى› ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ‹ئۇيغۇرقۇتلۇق بىلگە قاغان ئابىدىسى›، ‹مويۇنچۇر ئابىدىسى› قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.»

...

«بۇ ئابىدە تېكىستلىرىنىڭ خەت سانى كۆپ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنىڭ بايان قىلىنىشى بىرقەدەر سىستېمىلىق بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك ئۈلگىسىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە تارىخىمىزدىكى شەرق تۈرك خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى، كۆلتېگىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق ۋە قۇتلۇق بىلگە قاغانلارنىڭ جەڭگىۋار ھەربىي ئۇرۇشلىرى، ئۆز ئەللىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن تۆھپىلىرى نازۇك شائىرانە تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.»[7]

«مەڭگۈ تاشلارنى يەنە قەدىمكى زامان قاغانلىرى ۋە خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئەدەبىي يول بىلەن بايان قىلغان تەزكىرە ئەدەبىياتى ياكى دەسلەپكى بىئوگرافىيىلىك (تەرجە-

مىھال خاراكتېرلىك) ئەسەر دېسىمۇ بولىدۇ.»[8]

يۇقىرىقى بايانلاردا «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى» نىڭ ژانىر جەھەتتىن تەزكىرە ئەدەبىياتىغا مەنسۇپلۇقىنى، تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىدىغان، تەزكىرىلىك شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر يازما تەزكىرىچىلىكىنىڭ مىلادىيە 581- يىلى سوغدى تىل - يېزىقىدا تاشقا ئويۇپ ئورنىتىلغان «بوغوت مەڭگۈ تېشى»[9] دىن باشلىنىپ تاكى 1334- يىلى ئورنىتىلغان «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»[10] (بۇ مەڭگۈ تاش ئۇيغۇر شائىرى كى كى قۇرسا ئىچقۇ تەرىپىدىن يېزىلىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن يېرىگە ئورنىتىلغان. ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىن خاندىن تارتىپ تايىپنۇ خانغىچە بولغان بىرقانچە ئەۋلاد خانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن) غىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قاراخانىيلار دەۋرىدە تەزكىرىچىلىك ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ دەۋردە ياشىغان بۈيۈك ئالىم ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئەل فارابى ئۆمرىدە 160 پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئىلىم - پەن تۈرلىرى ۋە ئۇنى تونۇشتۇرۇش»، «ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، باشلىنىشى توغرىسىدا»، «ئارىلاشما مەۋجۇدىيەت ۋە زۆرۈرىي مەۋجۇدىيەتنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە» قاتارلىق خېلى كۆپ تەزكىرىلەرنى يازغانلىقى مەلۇم.

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇسىدا نۇرغۇنلىغان نەسرىي پارچىلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەھرىمانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، يەر - جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇكەممەل تەزكىرىلەردۇر. مەسىلەن، مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

«خانلاردىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتـ

كەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. ئۇ خەلقنى يىغىپ شۇنداق دېگەن: 〈بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا، بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىردىن ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن.〉 خەلق خاقاننىڭ بۇ سۆزىنى 〈شۇنداق بولسۇن〉 دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشقا بۇيرۇغان. خەلق ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن، شۇڭا يىل بېشى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، چاشقان يىلى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان. 2 ) ئۇي يىلى، 3 ) بارس يىلى، 4 ) توشقان يىلى، 5 ) لەھەڭ يىلى، 6 ) يىلان يىلى، 7 ) ئات يىلى، 8 ) قوي يىلى، 9 ) مايمۇن يىلى، 10 ) توخۇ يىلى، 11 ) ئىت يىلى، 12 ) توڭگۇز يىلى، توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ[11].

بۇ دەۋردە يەنە ئابدۇلغاپپار بىننى ھۇسەيىن كاشغەرى ( ؟ — 1082 ) «تارىخى كاشغەر» ، «مەسكەنى ئۇستا دىيان» ( ئۇستازلار توپلانغان جاي )ناملىق تەزكىرىلەرنى يازغان. «تارىخى كاشغەر» دە قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار بايان قىلىنغان.

بۇ دەۋردە يەنە «قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىدىن سۇتۇق بۇغراخان ( 888 — 956 ) مۇ قەلەمكەشلەردىن ئىدى. مەنبەلەردە ئۇنىڭ بىرقانچە تەزكىرە خاراكتېرىدىكى تارىخىي كىتابلارنى يازغانلىقى قەيت قى-

لىنىدۇ.»[12]

«مۇھەممەد بىننى ئەل كاتىب ئەل سەمەرقەندى ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە بولغان سەمەرقەندتە تۇغۇلۇپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر تارىخچى ۋە نەسر يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات ساقلانمىغان. ئىجادىي پائالىيىتىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت «ئەغرازۇ سىياسى» ناملىق كىتاب بولۇپ، بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى سالجۇقىلار سۇلتانى مەسئۇد ئىبنى ئەلىگە (1095- يىلى ۋاپات بولغان) بېغىشلانغان. ئۇنىڭ ئەينى نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ كىتابتا سالجۇقىلار سۇلتانى سەنجەر (1157- يىلى ۋاپات بولغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئاتاقلىق شەخسلەر نۇقتىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلغان.[13] يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەرلەرنى ئەينى زاماندا بارلىققا كەلگەن تارىخىي شەخسلەر تەزكىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىك ئىجادىيىتى توختاپ قالمىغان. مەسىلەن، «يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ غەربىي يۇرتلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ‹تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى› (糖才子传) ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان.»[14]

شىن ۋېنفاڭ ئەينى زاماندا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشاپ، خەنزۇ تىلىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بارلىققا كەلگەن مۇكەممەل تەزكىرە ئەسىرىدۇر.

يەنە «XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر قىشلاقلىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ چوڭ

بولغان»[15]، كېيىنچە خوتەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭشەن ناھىيىسى ۋە ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شۇشيەن ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى، جامائەت ئەربابى تۆمۈر تۇبرۇك (ئەدەبىي تەخەللۇسى لۇ مىڭشەن) ئۆزى توپلىغان ئۇزاق يىللىق دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابىنى يېزىپ چىققان. «بۇ كىتاب مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى قەمەرىيە كالېندارىدىكى مەۋسۇملار بويىچە يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىشتا ئەڭ مۇپەسسەل، ئەڭ ئىلمىي، سىستېمىلىق يېزىلغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاشلىق، مېۋە، كۆكتات، ياغلىق داننى تېرىپ ئۆستۈرۈش، يېشىل ئوغۇت ۋە دورا ماتېرىياللىرى تەييارلاش، چارۋا بېقىش، ھاۋا كىلىماتىنى بايقاش، يەر ئاغدۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ ھەسەل ھەرىسى بېقىش، ئۆي قۇشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئاسراش ۋە پىلىچىلىك تېخنىكىسىغىچە بولغان دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىققا دائىر بىلىملەر ماددىلار بويىچە بىر-بىرلەپ بايان قىلىنغان.»[16] بۇمۇ ئەينى دەۋردىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك تېخنىكىسى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان مۇكەممەل تەزكىرىدۇر.

چاغاتاي دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەردىن جانبەگنىڭ «جانبەگ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق ئەسىرى گەۋدىلىكتۇر. «جانبەگ ئۆگدۈلمىش ئوغلى (1180 — ؟1270) ئىسسىق كۆل بويىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1195-يىللىرى چىڭگىزخان ئوردىسىغا كەلتۈرۈلگەن. تەخمىنەن 1210-يىللىرى چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىپ، ئاخبارات توپلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جوجى خان (1177 — 1225) ۋە باتۇرخان (1209 — 1256) لارغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ، تەخمىنەن 1260-

يىللىرى «جانبەگىنىڭ كەچۈرمىشلىرى» (ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگىنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى) نى يېزىپ چىققان. هازىر ئىلىم دۇنياسىغا بۇ قىسسىنىڭ باش قىسمىدىن بىر بابىلا مەلۇم. ئەسەردە چىڭگىزخان، جوجى خان، باتۇرخانلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى جانبەگىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە باغلاپ بايان قىلىنغان.»[17] بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن تەزكىرە ئەسەرلەردىن يەنە رابغۇزىنىڭ «قەسەسۇل رابغۇزى» ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. «قەسەسۇل رابغۇزى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇهىم ئورۇن تۇتقان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈيۈك يازغۇچى ناسىردىن بۇرهانىددىن رابغۇزى (1279 — 1351) تەرىپىدىن 1311- يىلى يېزىلىپ خانغا تەقدىم قىلىنغان. بۇ ئەسەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىش ئىزلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش تۈپ مەقسەت قىلىنغانلىقتىن، هەرقايسى دەۋرلەردە كىشىلەر ئۇنى «قەسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) دېگەنناملار بىلەن ئاتاشقان. بۇ ئەسەردە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئادەم ئەلەيهىسسالامدىن تارتىپ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغىچە بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ نامۇئەهۋالى، ئاتەشپەرەسلىك، يەهۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تارقىلىشى قاتارلىق ئەهۋاللار ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە پىشقان گۈزەل ئەدەبىي تىل ئارقىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىگە ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىگە ئۆرنەكلىك رول ئوينىغان.

تۆمۈرىيلەر دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى تېخىمۇ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلار قەلىمى ئاستىدا مۇنەۋۋەر تەزكىرىلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا يېڭى سەهىپىلەر قوشۇلدى. مۇتەپەككۇر، ئەدىب ئەلىشىر نەۋائى ئىجادىيەت هاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئاتەشنەپەس غەزەللىرنى، ئالەمگە مەشهۇر داستانلارنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىپلا قالماي،

بەلكى يەنە نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەرنى، تەرجىمىھال، تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ مەخسۇس تەزكىرە ئەسەرلىرىدىن «مەجالىسۇن نەفائىس»، «نەسائىمۇل مۇھەببەت» (مۇھەببەت خۇش پۇراقلىرى)، «ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»، «خەمسەتۇلمۇتەييىرىن»، «ھالاتى پالۋان مۇھەممەد» قاتارلىقلار بار. تەزكىرىچىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلىرىدىن «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكۈما»، «تارىخى مۇلكى ئەجەم»، «زەبدەتۇل تەۋارىخ» قاتارلىقلار بار. يۇقىرىقى تەزكىرىلەر ئىچىدە 1490- يىلى يېزىلغان «مەجالىسۇن نەفائىس» گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تەزكىرىدە شائىر ئۆزى بىلەن زامانداش ئەدىبلەردىن 458 نەپەر كىشىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن كونكرېت مىسال كەلتۈرۈپ تونۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز خاراكتېرى ۋە ئىجادىيەت تۈھپىسىگە مۇۋاپىق باھالارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى يەنە ئۆزىگە خاس يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردىكى تەزكىرە يازغۇچىلىرىدىن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530)، مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان (1500 — 1551)، مىرزا مەھمۇد جوراس قاتارلىقلار گەۋدىلىكتۇر.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر 1529- يىلى ھىندىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ تاماملىغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىگە مەشھۇر بۈيۈك ئەدەبىي مىراستۇر. ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا «بابۇرنامە»، «تۈركىي بابۇرى»، «بابۇرىيە»، «ۋاقىئە بابۇرى» دېگەندەك ھەرخىل ناملار بىلەن تارقالغان. بۇ ئەسەردە 1494- يىلى بابۇر دادىسىنىڭ ئورنىغا شاھلىق تەختتە ئولتۇرغاندىن باشلاپ تاكى 1529- يىلى ئۆزى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانغا قەدەر ئۆزى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە بىۋاسىتە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلەرنى ئەينى دەۋردىكى گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن ئاجايىپ يارقىن تەسۋىرلىگەن. بۇ ئەسەر-

نىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئاجايىپ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۇنى ئەينى تارىخىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يىرىك تەزكىرە ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن، شۆھرىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى جەھەتتە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويساق ئارتۇق كەتمەيدىغان، ئۇيغۇر تەزكىرچىلىكىگە ئائىت ئەسەرلەردىن مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» ئەڭ گەۋدىلىكتۇر. ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان (1330 — 1363) زامانىسىدىن ئابدۇرەشىدخان (1510— 1570) زامانىسىغىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇ خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان تىررىتورىيىلەردە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر گۈزەل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئەنە شۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى گۈزەل تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يارقىن تەسۋىرلەنگەن. «〈تارىخى رەشىدىي〉 تارىخىي چىنلىق جەھەتتىن گەرچە ئۆز ئىسمىغا لايىق مۇكەممەل بىر تارىخ ھېسابلانسىمۇ، ئەمما يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيىتىنى تونۇشتۇرغانلىقى بىلەن ئۇنى 〈تەزكىرە ئەدەبىياتى〉 دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقى ھەققىدە بىر پۈتۈن ۋە ئاساسلىق مەلۇمات تولۇق خاتىرىلەنگەندىن تاشقىرى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يولباشچىلىرىدىن سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان، ئايازبىك، قىدىرخان، ئامانىنىساخانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە بىرقىسىم ئىجادىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن[18].

ئۇنىڭدىن باشقا، مىرزا مەھمۇد جوراس تەرىپىدىن 1660- يىللىرى يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي زەيلى» ناملىق ئەسەرمۇ «تارىخى رەشىدىي» نىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ئەسەر بولۇپ، مەزمۇنى ۋە يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن «تارىخى رەشىدىي» گە ئوخشايدۇ. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىمۇ شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن تەزكىرە ئەدەبىياتى ئەسىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدىن يەكەن خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار مۇنەۋۋەر تەزكىرىلەرنى ۋە تەزكىرە خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ ئۆزۈلمەس تەرەققىيات مۇساپىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى كېيىنكى دەۋرلەرگە ئۇلىغان. بۇ خىل ئىزچىل تەدرىجىي تەرەققىيات ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ بىر ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىشىگە مۇھىم ئاساس سالغان.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، يەكەن خانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھەرخىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كونكرېت تۈر - ژانىرلارغا ئايرىپ، ئۇلارنى مەخسۇس كەسپىي ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاشنى تەتقىق قىلىدىغان ژانىرشۇناسلىق نەزەرىيىسى تازا قېلىپلىشىپ كەتمىگەچكە، ھەرخىل شەكىلدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن كۆپ ھاللاردا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ژانىرشۇناسلىق ئەندىزىسى بويىچە قاپىيىلىك، ۋەزىنلىك تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغانلار نەزم (شېئىر)؛ تۈز، بايانىي تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغانلار نەسر، تارىخىۋىلىكى كۈچلۈك بولغان، بەدىئىي تىل ئارقىلىق كونكرېت ئوبراز تەسۋىرلەيدىغان ھەجمى چوڭراق ئەسەرلەر قىسسە؛ شېئىرىي تىل ئارقىلىق مەلۇم دەۋردە يۈز بەرگەن تىپىك ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدىغان ئەسەرلەر داستان دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەپسۇسكى، تارىخىي ۋەقە - ھادىسىلەر، تارىخىي شەخس، ئورۇن - جاي قاتارلىقلار بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىدىغان تونۇشتۇرۇش — تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئاتالماستىن، بەلكى ئۇ خىلدىكى ئەسەرلەر «قەسەسۇل رابغۇزى»، «تارىخى رەشىدىي»، «بابۇرنامە»، «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەندەك مۇئەللىپ قويغان ناملار بىلەنلا ئاتىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پەقەت خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەم قويغاندا ئاندىن تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقە ۋە ئورۇن - جايلار ھەققىدىكى تىپىك تەپسىلاتلار ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-

كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە گۈزەل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى (ئەدەبىيات-نىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى) ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈ-رۈلگەن ئەسەرلەر «تەزكىرە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن تەزكىرە ئەدەبىياتى مەخسۇس بىر خىل ژانىر سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن. شۇڭا، بىز خوجىلار دەۋرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە تەزكىرىلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە هازىرلى-غان ياكى تەزكىرىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەرنى تەز-كىرە ئەدەبىياتى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسەك خاتا بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەيلى ناسىردىن رابغۇزىنىڭ «قەسەسۇل رابغۇزى» ناملىق ئەسىرى، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى، ئەلى-شىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرى ياكى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى بولسۇن، ھەممىسى تەزكىرە خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەر بولغاچقا، ئۇلارنى تەزكىرە ئەدەبىياتى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت نوپۇزلۇق ماتېرىياللاردا مۇنداق بايان قىلىن-ىندۇ:

«بۇ دەۋردە (خوجىلار دەۋرىدە — ئاپتوردىن) تەزكىرە ئەدەبىيا-تى مۇستەقىل ژانىر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىيا-تىدا ئايرىم تەزكىرىلەر، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بىر قىسىم تەزكىرى-لەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇستەقىل ژانىر بولالمىغانى-دى. پەقەت خوجىلار دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ژانىر مۇستەقىل ژانىر بولۇپ شەكىللەندى. تەزكىرە ئەدەبىياتىدا تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر نەسر ۋە نەزم ئارىلاش بايان قىلىنىدۇ. خوجىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن تەزكىرىلەردە كۆرۈنۈشتە ئومۇمەن شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچان-لىقلار ۋە هالقىلىق پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلام غازاتچىلىرى-

نىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەندەك قىلىسمۇ، بۇنداق ئەسەر-
لەرنىڭ مەركىزىدە يەنىلا تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ئەدەبىي
يول بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى يەنىلا
ئەل - يۇرت سۆيەرلىك، قەھرىمانلىق، ئىلىم - ھۈنەر، مېھنەت،
ئىجادىيەت، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەت، ئادالەت قاتارلىق ئىلغار خا-
ھىشلارنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، زەلىلىنىڭ〈 چىلتەن تەزكىرىسى〉،
〈خوجا مۇھەممەد شېرىپ تەزكىرىسى〉، ئابدۇشۇكۇرنىڭ 〈تەزكىرەئى
ئابدۇلمانان〉 قاتارلىق ئەسەرلىرى.»[19]

«〈سەپەرنامە〉 زەلىلى ئىجادىيىتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر، شۇن-
داقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا سەپەر - ساياھەت بايان قىلىنغان
خاس تەزكىرە. بۇ ئەسەر 1718- يىلى يېزىلغان… زەلىلى
〈سەپەرنامە〉دە گەرچە ئەۋلىيا - ئەنبىيالار مازارلىرىنى زىيارەت قى-
لىشنى مەقسەت قىلدىم دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەمەلىي بايانلى-
رى بۇ مەقسەتتىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ
داستاندا سەپەر جەريانىدىكى ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، ئاڭ-
لىغانلىرىنى، خەلق تۇرمۇشى ۋە ئۆزىنىڭ بىرقىسىم ئەسلىمىلىرىنى
بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرقىسىم تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي
شەخسلەر، مازار- ماشايىقلار، خەلق ئارىسىدا بۇلار توغرىسىدا تارقال-
غان ئەپسانە- رىۋايەتلەر، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھ-
ۋاللىرى، فولكلورى ئۇستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ.»[20]

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى تېخىمۇ گۈللەن-
گەن. بۇ دەۋردە نۇرغۇنلىغان مەخسۇس تەزكىرە ئەسەرلەر، تەزكىرە
خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن ھەمدە مەخسۇس تەز-
كىرە يازىدىغان يازغۇچىلار قوشۇنىمۇ، ھەم تەزكىرە، ھەم باشقا
ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يازىدىغان يازغۇچىلار قوشۇنىمۇ بارلىققا كې-
لىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىكتىن ئىبارەت بىرخىل غول
ئىجادىيەت ئېقىمىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ دەۋردە مۇھەممەد سادىق
قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى،
قەلەندەر، زوھۇرى، قۇسۇرى، بەرشىدى، شائىر ئاخۇن، غېرىبى،

موللا يۇنۇس، مىسكىن، سالىھى، ئىمىنى، سادائى، ئىبراھىم ئىب-
نى يۇسۇپ خوتەنى، ئىسمائىل بەگ، خىسلەت، ئەھمەدشاھ قاراقا-
شى، خۇشھال غېرىبى، موللا نىياز ئاشىقى، موللا قۇربان قاتارلىقلار
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن تۆھپىسى
زورراق ئەدىبلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەخسۇس تەزكىرىلەر-
نى ياكى تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇلار يازغان
ئەسەرلەر ئىچىدە گۈزەل داستان، غەزەللەردىن باشقا، «تەزكىرەئى
ئىمام زەبىھۇللا»، «جەڭنامەئى ھەزرەتى ئەلى»، «ئىسلامنامە»،
«ئىسلام كىتابى» قاتارلىق تەزكىرىلەرمۇ بار. بۇ دەۋردىكى تەزكىرى-
چىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا
مۇنداق بايانلار بار:

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ھەر-
قايسى دەۋرلەردە شۇ دەۋر ياكى ئالدىنقى ئەسىرلەرنىڭ ئەھۋالىنى
يورۇتىدىغان ھەرخىل شەكىلدىكى تەزكىرىلەر يېزىلىپ تۇرغان. شۇن-
داق بولسىمۇ، XIX ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار
يازغان تەزكىرىلەر سان جەھەتتىن خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن،
مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلغان. بۇ مەزگىلگە مەنسۇپ تەزكىرىلەر-
دىن مۇنۇلارنى ساناشقا بولىدۇ: شائىر ئاخۇن (تولۇق ئىسمى موللا
مۇھەممەد ئابۇل بىن ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد) نىڭ 1776- يىلى
يېزىلغان ‹ئىسلامنامە› ناملىق كىتابى، يەنە شۇ يىلى يېزىلغان مەھ-
مۇد ئابدۇل ئالىم موللىنىڭ ‹ئىسلام كىتابى›، قاسىمنىڭ 1799-
يىلى يېزىلغان ‹تەزكىرەئى ئارسلانخان›، مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى
كاشغەرىنىڭ 1800- يىلى يېزىلغان ‹تەزكىرەئى ھەزرەت موللام›
ناملىق ئەسىرى، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر كاشغەرىنىڭ 1808- يىلى
يېزىلغان ‹تەزكىرەتۇل ھىدايەت› ۋە ‹شەجەرئى بۇزرۇكۋار› ناملىق
ئەسىرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ ‹تەزكىرەئى ئەزىزان›،
‹تەزكىرەئى خوجىكان›، ‹تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھب› قاتارلىق بىر
قاتار تەزكىرىلىرى، مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشىنىڭ ‹تەزكىرەتۇل رى-
شات›، ئىمام ھەسەن كاشغەرىنىڭ ‹داستان زەئىد ئەنسارى› (1822-

يىلى) ، نامەلۇم ئاپتورنىڭ 1825 — 1826- يىللىرى يېزىلغان 〈شەجەرئى خوجىكان〉 ناملىق ئەسىرى، تەلەبىنىڭ 〈تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر〉، 〈ئەشئارى سادىق〉 دېگەن شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى ئەيمەنىنىڭ 〈ئىلىك خانلار ھەققىدە داستان〉 ناملىق ئەسىرى، موللا ئابدۇغاپپارنىڭ 1853-يىلى يازغان 〈زەپەرنامە شاھ باھادىرخان〉 ناملىق ئەسىرى، شەمسىدىن ئەلى يېڭىسارىنىڭ 1863- يىلى يازغان 〈سىيەرۇلمۇخلىسىن〉 ۋە 〈تەزكىرەئى ئارسلانخان〉 ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۆۋەندىكى بىرقانچە تەزكىرىلەر ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شىنجاڭ تارىخىغا قىزىققۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۇلار موللا ھاجىنىڭ 〈تەزكىرەئى بۇغراخان〉 (1829 — 1830)، موللا مىرسالىھ كاشغەرىنىڭ 〈تارىخى كاشغەر〉، مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ 〈مەھدۇم ئەزەم〉، مۆجىزىنىڭ 〈تەۋارىخى مۇسىقىيۇن〉 (1854 — 1855)، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندىنىڭ 〈قەسەسۇل غەرايىب〉 (1851 — 1852- يىللىرى) قاتارلىق تەزكىرىلەردىن ئىبارەت.»[21]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ دەۋردە يەنە موللا نىيازنىڭ «يۇسۇپ قىدىرخان تەزكىرىسى»، «تەزكىرەئى يەكەن، خوتەن»، خىسلەتنىڭ «شائىرلار تەزكىرىسى»، موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «موللا ناسىر مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ»، ھاجى يۇسۇپنىڭ 1907- يىلى يازغان «جەمئىئول تەۋارىخ»، مۇھەممەد ئاتىپ، مۇھەممەد ئەلەملەر ئايرىم - ئايرىم يازغان «تارىخى كاشغەر»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ 1903- يىلى يازغان «تارىخى ئەمىنىيە»، 1908- يىلى يېزىلغان «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق مەخسۇس تەزكىرىلەر ھەمدە موللا شاكىر (1805 — 1870) نىڭ «زەپەرنامە»، موللا بىلال نازىمى (1825 — 1902) نىڭ «چاڭموزا يۇسۇپخان»، «غازات دەر مۈلكى چىن» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەزكىرە خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئەسەرلەرمۇ كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىقى پاكىتلار خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقى، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر غول ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىك ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ مۇنداق تۆت خىل ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچىدىن، بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىك ئېقىمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى ۋە تەزكىرە خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلىرىنى ئاساسەن ئەينى چاغدىكى ئەدەبىي تىل ھېسابلانغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئېقىمدىكى بىر قىسىم يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى يالغۇز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلارنى باشقىلارغا تونۇتۇش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خەلقئارا سەۋىيىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ يېزىپ قالدۇرغان؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ ئېقىمدىكى يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلار ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان بىر قىسىم تەزكىرىلەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، سادىقى، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى قاتارلىقلار «تارىخ تەبەرى»، «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق تەزكىرىلەرنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان؛ تۆتىنچىدىن، بۇ ئېقىمدىكى تەزكىرە يازغۇچىلاردىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەلۇم تارىخىي شەخس ياكى تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە تەكرار يازىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تەزكىرەئى خوجىكان»، «تەزكىرەئى كاشغەر»، «تارىخى رەشىدىي» دېگەندەك تېمىلاردا تەكرار ھەم كۆپ تەزكىرىلەر يېزىلغان.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ئاساسىي پرىنسىپ قىلىنىدىغان تەزكىرىچىلىك ئىجادىيىتى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە

ئاجايىپ گۈللىنىپ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار ئورتاق ھالدا تەزكىرە ژانىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناھايىتى كۆپ ساندىكى مۇنەۋۋەر تەزكىرىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىسىنى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىن خۇلاسىلىگەندە، ئۇنى بىر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېقىمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. تەزكىرىچىلىكنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېقىمى دەپ قاراشتا ئەدەبىي ئېقىملار ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇنداق بىرقانچە شەرتلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، تەزكىرىچىلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزاق مۇددەت ئىزچىل داۋاملىشىپ، پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلىپ، زورىيىپ، خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىدە نۇرغۇن يازغۇچىلار قوللىنىدىغان مەخسۇس بىر ژانىرغا ئايلانغان؛

ئىككىنچىدىن، بۇ ژانىردا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلار پەيدىنپەي كۆپىيىپ، بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە تەبىئىي ھالدا زور يازغۇچىلار قوشۇنى ياكى يازغۇچىلار گۇرۇھىنى ھاسىل قىلغان؛

ئۈچىنچىدىن، تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر، مەخسۇس تەزكىرىلەر پەيدىنپەي كۆپىيىپ، بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئىپادىلەش شەكلى كۆپ خىل، ئىدىيىۋى مەزمۇنى مول ۋە ساغلام، سان جەھەتتىن كۆپ بولغان تەزكىرە ئىجادىيىتى جۇغلانمىسى ھاسىل قىلغان؛

تۆتىنچىدىن، بۇ ئېقىمدىكى يازغۇچىلار ئورتاق ھالدا تەزكىرە ژانىرىدا ئەسەر يېزىپ، ئورتاق ھالدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئورتاق ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى، ھەق - ئادالەتنى، توغرىلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ئورتاق مىللىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا ئاساسەن ئۇنى بىر خىل ئىلغار ئەدەبىي ئېقىم دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ئىزاھاتلار:

①②③ مەھمۇد زەيدى، سەمەت دۇگايلى: «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 132-، 156- بەت.

④ مۇھەممەد ئەلىقادىر: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى 1981- يىلى باستۇرغان، 216- بەت.

⑤ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982- يىلى باستۇرغان)، 1- كىتاب 1- قىسىم 137- بەت.

⑥ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 198- بەت.

⑦ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982- يىلى باستۇرغان)، 1- كىتاب 1- قىسىم 130-، 131-، 132- بەتلەر.

⑧ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 197-، 198- بەتلەر.

⑨ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001- يىللىق 1- سان 70- بەت.

⑩ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىل نەشرى، 503- بەت.

⑪ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 439- بەت.

⑫ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 329- بەت.

⑬ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، 1- كىتاب 1- قىسىم 265-، 266- بەتلەر.

⑭ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 490- بەت.

⑮⑯ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1- كىتاب 2- قىسىم 84-، 85-، 86- بەتلەر.

⑰ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 519- بەت.

⑱ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، 2- كىتاب 1- قىسىم 32-، 33- بەتلەر.

⑲ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 805-، 806- بەتلەر.

⑳ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 829- بەت.

㉑ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتتارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى، 899-، 900- بەتلەر.